*Әкбәрҗан Баудунов*

# ҺӘСРӘТ ВӘ ҮМҮТ



*Бишкәк - 2022*

*Бовам Иминжан Баһавудунниң*
*вә дадам Абдурешит Иминларниң*
*мәңгү өлмәс хатирисигә беғишлаймән.*
*Муәллип*



**БАУДУНОВ ӘКБӘРҖАН**

# ҺӘСРӘТ ВӘ ҮМҮТ

**БИШКӘК - 2022**

УДК 821.51.0
ББК 83.3 ( = 633.2)
Б 29

*Баудунов Әкбәрҗан. Баудунов Акбар Абдурашитович*
Б 29 **ҺӘСРӘТ ВӘ ҮМҮТ.** Мақалилар топлими. = **ПЕЧАЛЬ И НАДЕЖДА.** Сборник статей. - Б.: Айат, 2022. - 368 бәт.

ISBN 978-9967-16-282-2

«Һәсрәт вә үмүт» намлиқ бу китап Әкбәрҗан Баудуновниң «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» китавидин кейинки, узун жиллиқ әмгигиниң нәтижиси. Китапта автор Қирғизстанда уйғур әдәбиятиниң шәкиллиниши вә униң бүгүнки әһвали, Қирғизстанда яшиған вә яшаватқан уйғур шаирлири, язғучилириниң һаятини вә ижадийитини баян қилиду.

Данная книга «Печаль и надежда» - результат долгой и плодотворной работы Акбаржана Баудунова после его книги «Литература уйгуров Кыргызстана». В книге рассказывается об истории становления уйгурской литературы в Кыргызстане и ее современном состоянии, о жизни и творчестве уйгурских поэтов и писателей, живших и живущих в Кыргызстане.

УДК 821.51.0
ББК 83.3 ( = 633.2)

***Мәзкур китап Долқунтай Абдухелилниң ихтисади ярдими билән нәширдин чиқти. Автор Долқунтай Абдухелилға өзиниң миннәтдарлиғини изһар қилиду.***

ISBN 978-9967-16-282-2 © Баудунов Акбаржан, 2022

# Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң шәкиллиниши вә бүгүнки әһвали

Уйғурлар қедимдин тартип Уйғуристандила әмәс, шундақла Оттура Асия вә Қазақстан тәвәлиридә яшап кәлгән хәлиқтур. Шуңлашқа, Уйғуристан әдәбияти билән Оттура Асия (Қазақстан, Қирғизстан, Өзбәкстан) уйғур әдәбияти бир пүтүн умумий уйғур әдәбиятини тәшкил қилиду.

Қирғизстан уйғур әдәбияти XX- әсирниң 70- жиллирида шәкиллинип, тәрәққий қилишқа башлиған.

1954- жилдин башлап Совет-Хитай келишими бойичә Уйғуристандин қазақ, қирғиз, өзбәк, татар, рус вә башқа милләтләр қатарида уйғурларму Оттура Асия жумһурийәтлиригә көчүп кәлгән. Шуларниң қатарида бир топ уйғур язғучи, шаирлар Қирғизстанға көчүп чиқти. Улар: Мәһәммәтсидиқ Норузов, Нурмәһәммәт Һәсән, Ясин һаҗи Махмуди, Абдуманнап Қасим, Ибраһимҗан Илиев, Җамалдин Қасимов, Абдурейим Рахман вә башқилар. Бу әдипләр Қирғизстанда уйғур нәшрияти болмиғанлиғи үчүн өзлириниң язған әсәрлирини Қазақстан жумһурийитидә чиқидиған «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят» гезитлириниң сәһипилиридә елан қилип турди. Бәзилириниң әсәрлири Алмутида айрим китап болуп нәширдин чиқти. Мәсилән, Мәһәммәтсидиқ Норузовниң «Ақ булутлар»(1982), Җамалдин Қасимовниң: «Дил дәптири»(1971), «Йоллар вә ойлар» (1977), «Издигәнлирим» (1983), «Келәр күнни күткәндә...»(1988).

80- жиллардин башлап Қирғизстанда яш язғучи, шаирлар йетишип чиқти. Улар: Нәсирдин Давут, Аблиз Рози, Әзимҗан Низамий, Музәппәрхан Қурбан, Хәйриниса Турди, Муһәммәтҗан Ясин, Нуранийә Қәмбәрова, Абдусалам Ғаппар, Қасимҗан Әйса вә башқилар.

1991- жили, 24-июнь күни Бишкәк шәһиридә Қирғизстан язғучилири Иттипақиниң йенида уйғур язғучиларниң бөлүми қурулди. Бу әдәбий кеңәш тәркивигә Қирғизстанда яшап, ижат қиливатқан шаирлар, язғучилар, журналистлар вә алимлар кирди. Шаир Җамалдин Қасимов бу әдәбий кеңәшкә рәис болуп сайланди.

1991- жили, 31- авғуст күни Қирғизстан өзини мустәқил дөләт дәп елан қилди. Шуниңдин бери Қирғизстанда яшаватқан уйғурлар мустәқил Қирғизстан демократик дөлитидә өзлириниң урп-адәт, тил, әдәбият, тарих вә мәдәнийитини гүлләндүрүшкә башлиди.

Қирғизстанда уйғур язғучи, шаирларниң әсәрлири биринчи қетим «Үмүтүм мениң ата журт» нами билән китапчә 1994- жили, қирғиз тилида нәшир қилинди. Шуниңдин кейин Абдусалам Ғаппарниң «Көңүл сандуғимдики ойлар», «Каккук болуп сайридим», Нуранийә Қәмбәрованиң «Аршаң», Хәйриниса Турдиниң «Җан сирим», Қасимҗан Әйсаниң «Җүрәктин тамған тамчилар» вә башқа һекайә-шеирлар топламлири қирғиз шаири Мархабай Ааматовниң тәрҗимисидә қирғиз тилида нәшир қилинди.

1994-жили, Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» мәдәнийәт мәркизиниң басма оргини «Иттипақ» гезити, кейинәрәк1997- жилдин башлап мустәқил «Виждан авази» гезитлири чиқишқа башлиди. Бу гезитләрниң сәһипилиридә Қирғизстанда яшап, ижат қиливатқан әдиплләрниң шеирлири, һекайилири, очерклири елан қилинип турди. Бу дәврдә бәзи шаир, язғучиларниң әсәрлири уйғур вә рус тиллирида айрим китап болуп нәширдин чиқишқа башлиди. Мәсилән, Қасимҗан Әйсаниң «Җүрәктин тамған тамчилар» (1999), Абдуреһим Рахманниң «Рубаийлар» (2000), Хәйриниса Турдиниң «Аниниң қәлбидә аләмчә сөйгү» (2001), «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» (түзгүчи Әкбәрҗан Баудунов, 2001- жил), Нәсирдин Давутниң «Алтун тавақлиқ гадайлар» (2004), Абдуманнап Қасимниң «Хәлқимгә» (2008), Муһәммәтҗан Ясинниң «Вәтәнгә муһәббәт» (2009),



Нуранийә Қәмбәрованиң «Ожидание лета» («Баһарни күтүп» (2002), «Обещание соловья» («Булбулниң вәдиси») (2010), «Притяжение небес»(«Җәннәтниң җәлип қилиш күчи»)(2014), Музәппәрхан Қурбанниң «Впереди только радость» («Алдимизда пәқәт хошаллиқ»)(2010), Абдусалам Ғаппарниң «Под небом Токмока» («Тоқмақ тәвәсидә») (2010) , «Следы минувших времен‹» («Өткән дәвирләрниң излири» (2012), «Документальная повесть о жителях села комсомольское» («Комсомол йезисиниң аһалиси тоғрисида һөҗҗәтлик повесть») (2017), Ясин һажи Махмудиниң «Һаят йоли» (2004), «Вәтән муһәббити» (2011), «Болғин мәрданә» (2017), Әзимҗан Низамийниң «Зулумға завал» (2017) вә башқилар.

Қирғизстанда рус тилида язидиған язғучи вә шаирлар бар.

Исраил Ибрагимов рус тилида язған қирғизстанлиқ уйғур язғучиси, СССР язғучилири вә киноматографиячилири иттипақлириниң әзаси. Исраил Ибрагимов 5 роман, 40 тин ошуқ повесть, һекайә, очеркларниң автори. Униң «Счастье Мамытбека» («Мәмәтбақиниң бәхти») намлиқ повести 1972- жили, «Литературный Кыргызстан»(«Қирғитзстан әдәбияти») журнилида бесилип чиққандин кейин, 1978-жили «Вкус дикой смородины»(«Явайи қариқатниң тәми»), 1987- жили «Созвездие мельниц» («Бир топ түгмәнләр» повесть, романлири Москва вә Фрунзе шәһәрлиридә рус вә қирғиз тиллирида нәшир қилинди. Кейинәрәк, язғучи «Красные виноградники в Арле» («Арледики қизил үзүмзарлиқлар»), «Новогоднее такси» («Йеңи жиллиқ такси» повестлири, 1994- жили «Цыпленок и самолет» («Җүҗә вә самолет»), 2000- жили «Колыбель в клюве аиста» («Ләгләк қуш тумшуғидики бөшүк»), 2003- жилда «Тамерлан. Начало пути» («Төмүрләң. Дәсләпки йол») намлиқ романлири нәшир қилинди.

Язғучи Исраил Ибрагимовниң әсәрлири уйғурларниң турмуши, һаятиға беғишланған. Уйғур хәлқи Оттура Асия җумһурийәтлиридики қирғиз, өзбәк вә башқа хәлиқләр бешидин кәчүргән қисмәтләрни өз бешидин кәчүрди. Лекин,

уйғурларниң зиммисигә башқа аз санлиқ милләтләргә қариғанда аччиқ кәчүрмиләр көп чүшти. Язғучи әнә шу мәсилиләр үстидә пәлсәпәлик тәпәккүр билән баян қилиду.

Язғучиниң рус тилида язған бу әсәрлири башқа милләтләрниң уйғурларни тонуп, билишидә чоң рол ойниди.

Емиль Ибрагимов (Исраил Ибрагимовниң оғли) рус тилида язған язғучи, рәссам, Қирғизстан киноматографиячиләр Иттипақиниң әзаси вә Қирғизстан рәссамлар Иттипақиниң пәхрий әзаси болған. Униң "Стук в окно" («Деризә чәккәндә») намлиқ һекайилар топлими, «Сияние»(«Йоруқлуқ») намлиқ киносценариялири билән «Больница»(«Дохтурхана») намида сизилған бир йүрүш сөрәтлири киргүзүлгән китави нәширдин чиққан.

Жумахун Шәрипов рус тилида язидиған шаир. У «Содружество.KG»(«Һәмдостлуқ. KG») Қирғизстанда һәрсаһә бойичә хизмәт қилған кишиләрниң тәржимиһали йезилған топлиминиң, «Под солнцеми луной»(«Куяш вә айниң астида») поэма-альбомниң, «Смекалистая Фехрия»(«Пәм-парасәтлик Пәхрия») поэмисиниң, «Путешествие во вселенную уйгурских муқамов»(«Уйғур муқамлириниң каинатиға сәяһәт») шеирийәт альманахниң вә «Мишель Монтень на поэтической волне»(«Мишель Монтель шеирийәт долқунлирида») намлиқ шеирлар топламлириниң муәллипи.

Кейинки жилларда Ришат Хажиевниң рус тилида язған шеирлири Ватсап арқилиқ тарқалмақта.

Қирғизстан тәвәсидә яшаватқан уйғурларниң кейинки әвлатлири (үчүнчи әвлат) Қирғизстанда уйғур мәктәплири болмиғанлиғи үчүн рус мәктәплиридә тәлим алиду, шуңлашқа улар рус тилида тәпәккүр қилиду. XXI- әсирниң кириши билән бир топ яшлар рус тилида шеир йезишқа башлиди. Уларниң шеирлири «Иттипақ» гезитидә 2008- жилдин башлап бесилип келиватиду. Бу яш һәвәскарлар: Камилә Нагаева, Наргизә Баудинова, Сәидә Ханбабаева, Гулбәһрәм Розиева, Надирә Мәсумова вә башқилар.



Қирғизстан уйғур әдәбиятида Музәппәрхан Курбан драма жаниридиму қәләм тәврәткән. У «Әркә бала», « Бөлүнгән жүрәк» пьесиларни вә «Өтнә аләм» намлиқ драмини язған. 2001- жили, Қирғизстан Дөләт Миллий университетиниң Билим бериш программилири интеграция институтиниң Уйғур филология факультети тәрипидин тәйярлап нәшир қилинған (түзгүчи доцент Әкбәржан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик-хрестоматия китавида Музәппәрхан Курбанниң «Әркә бала» намлиқ пьесиси берилгән.

Қирғизстанда яшап, қәләм тәврәткән әдипләр өз иждадийитидә поэзия вә прозиниң һәммә жанрида йезип, уйғур әдәбиятиниң бәдиий вә сәясий мәзмунини бейитти. Әдиплиримиз өз әсәрлиридә хәлқимизниң жүргүзгән миллий азатлиқ күрәшлирини, бүгүнки демократик заманни, вәтәнгә, хәлқигә болған муһәббитини, хәлиқләр достлуғини тәсвирләп язди. Бүгүнки күндә Қирғизстанда иждадийәт билән шуғуллиниватқан шаир, язғучилар өзлириниң әсәрлирини уйғур, қирғиз, рус вә башқа тилларда гезит-журналларда вә бәзилири айрим китап қилип нәширдин чиқириш имканийитигә йәтти. Демәк, мустәқил Қирғизстан дөлитидә яшаватқан уйғур хәлқиниң әдәбияти, йәни Қирғизстан уйғур әдәбияти шәкилләнди.

Әпсуски, кейинки он нәччә жил ичидә Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң вәкиллиридин Мәһәммәтсидиқ Норузов, Нурмәһәммәт Һәсән, Исраил Ибрагимов, Ясин һажим Махмуди, Абдуманнап Қасим, Ибраһимжан Илиев, Аблиз Рози, Нәсирдин Давут, Әзимжан Низамий, Жамалдин Қасимов, Абдуреһим Рахман, Емиль Ибрагимов, Хәйриниса Турдиевалар аләмдин өтти. Һазир һаят қалғанларниң әң кичиклири 70 яштин жуқури. Уларниң изини бесип уйғур тилида шеир яки һекайә язидиған уйғур яшлири йоқ. Униң асасий сәвәви Қирғизстанда бирму уйғур мәктивиниң йоқлиғидиндур. Рус мәктивидә оқуған яшлардин наһайити аз бир қисми әдәбиятқа қизиққан болсиму, улар техи һәвәскарлардур.

Бүгүнки күндә Қирғизстан уйғур әдәбияти шәкилләнгән болсиму, бирақ тәрәққиятқа йүзләнмәй, ажизлишип яки очуғирақ ейтқанда, йоқулуш хәвипидә турмақта. Қирғизстан уйғур әдәбиятини əслигә кәлтүрүш үчүн уйғурлар зич олтурақлашқан җайлардики мәктәпләрдә уйғур тилини вә әдәбиятини оқутуш синиплирини ечип, яшларни уйғур тилида оқутуш керәк. Мана мошундақ қилғандила, биз ана тилимизни, Қирғизстан уйғур әдәбиятини сақлап қалалаймиз.



# Вәтән ишқида көйгән жүрәк

Һазирқи заман Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң шәкллинишигә вә униң тәрәққий қилишиға өзиниң мунасип һәссисини қошқан шаирлиримизниң бири Мәһәммәтсидиқ Норузовдур.

Мәһәммәтсидиқ Норузов 1922- жили, 20- авғустта Қирғизстанниң Қарақол шәһиридә туғулған. 1931- жили, ата-аниси билән Ғулҗа шәһиригә көчүп барған. Ғулҗида толуқсиз оттура мәктәпни тамамлиғандин кейин, 1940- жили Үрүмчи милләтләр дарилпунуниға оқушқа чүшиду. Әнә шу билим дәргаһида 1944- жилиғичә оқуйду. Оқушини түгәткәндин кейин Ғулҗиға қайтип келип, маарип саһасида хизмәт қилған. Мәһәммәтсидиқ Норузов 1952- жилидин башлап Уйғуристанда «Шинҗаң әдәбият-сәнъити» (һазирқи «Тарим») журналида баш муһәррирниң орунбасари болуп ишләйду.

1957-1958- жиллири Хитайда жүргүзүлгән «Стиль түзүтиш» һәрикитидә мәдәний - маарип, әдәбият-сәнъәт саһалирида ишләватқан көплигән миллий кадрларни, хәлқимизниң ичидин чиққан әң пак вә алийжанап адәмләрни, зиялийларни, миңлиған оқуғучиларни «йәрлик милләтчи» дәп әйиплəп, тәқип астиға елип, түрмиләргә солап, җаза лагерлириға әвәтти. Шулар қатарида тәқипкә учриған Мәһәммәтсидиқ Норузов 1961- жили, аилиси билән Қарақол шәһиригә көчүп чиқип, сода саһасидә ишләйду. Шаир Муһәммәтсидиқ Норузов 1993- жили, Қарақол шәһиридә вапат болди.

Мәһәммәтсидиқ Норузов мәктәптә оқуп жүргән чағлиридила әдәбиятқа, болупму шеирийәткә қизиққан. Униң «Дилбиримгә» намлиқ биринчи шеири 1940- жили, мәтбуатта елан қилинған. У Үрүмчи милләтләр дарилпунунида оқуватқан чағлирида өзигә охшаш яш студент шаирлар: Лутпулла Мутәллип, Абдуреһим Өткүр, Билал Әзизи, Абдулла Рози вә башқилар билән тонушқан. Ялқунлуқ, вәтәнпәрвәр шаир Лутпулла Мутәллип Мәһәммәтсидиқ Норузовниң әң йеқин

сәпдашлириниң бири болған. Лутпулла Мутәллип 1943- жили, Ақсуға кетиш алдида өзиниң шеирлирини чоң бир дәптәргә көчүрүп Мәһәммәтсидиқ Норузовқа тапшуруп кәткән. 1945- жили, 18- сентәбрь күни Лутпулла башлиқ униң инқилавий сәпдашлирини гоминдаң эксийәтчилири тәрипидин қәтил қилинғандин кейин, униң шеирлирини «Муһәббәт вә нәпрәт» намида нәширгә тәйярлап чиқарған. Мәһәммәтсидиқ Норузовниң шеир йезишиғиму Лутпулла Мутәллипниң тәсири чоң болған. Униң шеирлири Ғулжа вә Урумчи шәһәрлиридә нәшир қилинған гезит вә журналларда йоруқ көргән. Өзи ишлигән «Шинжаң әдәбият - сәнъити» журнилида униң шеирлири билән әдәбиятқа аит мақалилири давамлиқ бесилип турған.

Мәһәммәтсидиқ Норузовниң «Җавап» намлиқ шеирлар топлими 1957- жили, Үрүмчидә «Шинжаң хәлиқ нәшрияти»дин йоруқ көриду. Бу топламда шаирниң вәтән, азатлиқ үчүн күрәш, муһәббәт, достлуқ, тиничлиқ, әмгәкчи деһқанларға беғишлап язған шеирлири берилгән.

1944- жили, октябрдә Или вилайитидә көтүрүлгән миллий азатлиқ инқилап нәтиҗисидә Ғулҗида 12- ноябрь күни Шәрқий Түркистан җумһурийити қурулди. Шу жиллири Мәһәммәтсидиқ Норузов өзиниң шеирлирида миллий азатлиқ инқилавини мәдһийиләп, яшларни күрәш сепигә чақириду. Униң «Мәнму баримән җәңгә» намлиқ шеирида миллий армия сепидики җәңчиниң қолиға қурал елип вәтәнниң азатлиғи үчүн күрәшкә атланғанлиғини мундақ тәсвирләйду:

Мәнму баримән җәңгә,
От йеқишқа зулмәткә.
Қолумға қурал алдим,
Өтүп алдинқи сәпкә.

Мәнму баримән җәңгә,
Тиктим җанни вәтәнгә.



Йәткүзүшкә елимни,
Чин бәхит - саадәткә.

Мәнму баримән җәңгә,
Туруп әһду - вәдәмгә.
Ақсиму қеним мәйли,
Чекинмәймән кәйнимгә.

Бар, - деди хәлқим мени,
Ейтип әрик ғемини.
Йәткүзгин ахирғичә,
Деди һөрлүк җеңини. (1)

"Күрәш билән" намлиқ шеирида болса шаир азат ШәрқийТүркистан җумһурийитини мәдһийиләйду.

Ейтимиз достлар бүгүндин башлап,
Иңраштин созуп муңлуқ нахшилар.
Чүнки ейттуқ биз әртә-кәч тинмай,
Һәсрәттин-җәмдин тоқуп қошақлар.

Ейтайли әнди утуқ шәнидин,
Отлуқ җүрәктин яңрақ ғәзәлләр.
Кәлгәчкә йетип зопәр теңидин,
Улуқ вә ғалип йеңи хәвәрләр. (2)

Шаирниң муһәббәт темисиға язған шеирлири: «Дилбиримгә», «Көрүнди»,«Шаирә», «Қизниң шәрти», «Җавап», «Муһәббәт», «Алдирма», «Омақ қизчақ», «Қиз үмүти» вә башқилар. Шаирниң «Җавап» намлиқ шеири өзиниң мәзмүни вә бәдиийлиги билән алаһидә көзгә челиқиду.

Олтураттуқ иккимиз яндишип,
Берәттиң сән гөзәлликтин соал.

Гаһ қараттиң тикилип-қадилип,
Кирпикләр турар төкүлүп тал-тап.

Соалға жавап издигән болуп,
Қараттим мән көзлириңгә узақ.
Соалиңға берәлмигәч жавап,
Бойнумға гоя чүшәтти тозақ.

Мени қистап, тәкрарлаттиң соал, -
Чин гөзәллик болар сизчә қандақ?!
Жавап берәлмәй болғинимда лал,
Қешиң салатти дилға иштияқ.

Қалар едиң туруп тик бақалмай,
Бәлким шерин хиялларни сүрүп.
Қалаттим мән ғил-палла бир,
Көзлириңдә өз әксимни көрүп.

Сән дәр едиң, қиз гөзәллиги -
Буғдайчилик хал болса үзидә.
Мән дәр едим, қиз гөзәллиги
Меһрини төккән бир жүп көзидә. [3]

Шаир «Жавап» намлиқ шеирини гөзәллик мавзусиға беғишлиған. Униңда қиз гөзәллик тоғрисида соал берип жигиткә қадилип қарайду, жигитни өзиниң һөсни - жамалиға мәлһийә қилишқа уриниду. Қиз билән жигитниң гөзәллик тоғрисидики көз қарашлири бир-биригә мутлақ охшимайду. Шуңлашқа жигит қизниң чүшәнчисигә охшимиған һалда: «Қиз гөзәллиги, меһрини төккән бир жүп көзидә», дәп жавап бериду.

Совет елигә көчүп чиққандин кейин униң шеирлири«Коммунизим туғи», «Йеңи һаят» гезитлириниң сәһипилиридә давамлиқ бесилип турди. 1982- жили, униң иккинчи шеирлар топлими «Ақ булутлар» Алмута



«Жазуши»нәшриятидин йоруқ көриду. Бу топламға шаирниң ана-вәтән Уйғуристандин айрилип, мусапирчилиқта өткән һаяти, һис туйғулири билән йезилған шеирлири киргүзүлгән. Шаирниң «Ақ булутлар» топлими «Бир сиқим топрақ» шеири билән башлиниду:

Ривайәттә ярилиптуқ топрақтин,
Бәлки расту, унисини билмәймән.
Мәнтиқиму барду, достум, бу гәпниң,
Сәндин башқа чүшәнчә тилимәймән.

Мән үчүн бирла сиқим топрақ әзиз,
Төрүлишим, қан елишимму шуниңдин,
Билки ана вәтәнниң у бир жисми,
Дуния-дуния болуп яралған күндин.

Топриғиң таш, кум, шехил болсун гәрчә,
Һажәтсиздур униң нами һәм пәрқи,
Саталмайсән уни, у вәтәнниң
- бир сиқим топриғи, йоқтур нәрқи. [4]

Мәһәммәтсидиқ Норузов «Гүл дәңләр мени» шеирида болса, ана-вәтәнниң гөзәллиги вә қиммитигә һеч нәрсиниң тәң болалмайдиғанлиғини тәрипләп, вәтинигә болған муһәббитини мундақ ипадиләйду:

Қуяшму болай мән, гүл дәңләр мени,
Артуқ тәрипкә чушмәс еһтияж.
Муқәддәс вәтән сөйимән сени,
Данә гүлүңмән шаһанә бир таж. [5]

Шаирниң «Бир сиқим топрақ», «Лалә», «Гүл дәңлар мени» вә башқа шеирлирида биз вәтәнпәрвәрликниң ярқин симасини көримиз.

Мәһәммәтсидиқ Норузов өмүриниң ахириғичә Уйғуристанниң азат, һурийәтлигини көруш арзусида өтиду. Өз вәтинини сеғиниш һис-туйғулирини «Жүрәк туғи» шеирида мундақ изһар қилиду:

Яшаймән вәтән, сәндин узақта,
Көңлүм әмәстур меһриңдин жирақ.
Жүрәк көйиду ишқиңда гоя –
Қип-қизил қоқас, таңдики чирақ.

Һараритим шу, халайиқ билиң,
Беғишлар һаят тәнгә чоғ болуп.
Мәхпий әмәски, аңлап һәм қелиң,
Мени йетәкләр юлтуз - туғ болуп.[6]

Мәһәммәтсидиқ Норузовниң «Ахирқи түн» намлиқ кичик һәжимлик поэмиси язғучи Алимахунниң (Мөмүн Һәмраевниң) пажиәлик вапатиға беғишлап йезилған. Һәммигә мәлум, язғучи Мөмүн Һәмраев (1907-1955) биринчи уйғур романи «Долқунлар арисида» намлиқ әсәрниң муәллипи еди. У 40- жиллардин башлап Шәрқий Түркистан вақиәлиригә актив иштрак қилиду. Мөмүн Һәмраев Шинжаң - Уйғур автоном районы қурулған вақитлирида бир мәзгил ШУАРниң мәдәнийәт назаритиниң назири болған. 1955- жили, қурбан һейт һарписида һейт-айәм қилиш мәхситидә Мөмүн Һәмраев билән Үрүмчи банкиниң башлиғи Абдулла Мәхсүм машина билән Турпанға кетивстип (шофер хитай миллити еди), Даван-Чиңға барғанда машина агдурулуп кетиду. Шофер сәкрәп машинидин чүшүп кетиду. Абдулла Мәхсүмниң бир пути сүниду, Алимахун еғир зәхмилинип, кейин вапат болиду.

«Ахирқи түн» әсәридә Мәһәммәтсидиқ Норузов еғир сакратта ятқан Алимахунниң (Мөмүн Һәмраевниң) ички кәчүрмишлири вә ойлирини баян қилиду.



Бир еғиз сөзгә кәлмәттиң тили,
Өлүм саати кәлгән йеқинлап.
Кәлмәтти өлүм ядиға һели,
Һаят һәққидә ойлар минутлап.[7]

Әдип һаятиниң ахирқи минутлириғичә мустәмликә һалитидә азап чекиватқан хәлқиниң келәчиги тоғрисида ойлайду. Униң көз алдида икки әсирдин буян азатлиқ үчүн күрәш қилип кәлгән уйғур хәлқи вә униң қәһриман оғул - қизлири намаян болиду:

Назук қошиғи яңриди шу чағ,
Ипар қиличи көтирилди егиз.
Садир жүриги болди аңа тағ,
Самада әркин байриғи чәксиз.

Ризванму келип қошулди сәпкә,
Әхмәтжан шунда қалди көрүнүп.
Ким чидар әләм билән бу дәрткә,
Ғениму өтти атни жүгритип.[8]

Әсәрдә йәнә узун тарихқа вә мәдәнийәткә егә болған, нәччә әсир өз дөлитини қуруп, Идиқут, Қәшқәр, Хотәнгә охшаш шәһәрләрни бәрпа қилғанлиғини, ипәк йоллирини ечип, Бағдаттин Румгичә сода мунасивәт бағлиғанлиғини тәрипләп, уйғур хәлқиниң шунчә тәр төкүп, жапа чекип қилған әмгәклириниң раһитини көрәлмәй азапта яшаватқанлиғини, адаләтликниң йоқулуп, адаләтсизликниң һөкүм сүриватқанлиғиға ечиниду.

«Тәңри» теғи сән бағриң шунчә кәң,
Рустәмдәк оғул-қизлар егәңдур.
Қайси бир мәһәл зулум боптикән,

Инсан курәштә уни йәңгәндур.[9]

Бу - әдипниң ахирқи нидаси еди.

Мәһәммәтсидиқ Норузов 1944- 1949- жиллири Шәрқий Түркистан жумһурийити мәвҗут болуп турған мәзгилдә Әнвәр Насирий, Ним Шеһит, Нурмуһәммәт Босақов, Абдуреһим Әйса, Қасимҗан Қәмбирий, Абдулһәй Рози, Абдурешит Имин вә башқилар билән уйғур әдәбияти вә сәнъитини риважландуруш йолида иждадий вә тәшкилий паалийәтләрни елип барди. Мәһәммәтсидиқ Норузов шаир Әлқәм Әхтәм билән бирликтә 1947-жили, уйғур шаир вә язғучилириниң иждадидин «Альманах»ни[10] нәширдин чиқарған. Бу «Альманах»та 30 ға йеқин уйғур шаир вә язғучилириниң шеир, һекайә вә очерклири берилгән. Бу «Альманах» Шәрқий Түркистан жумһурийити һөкүм сүргән мәзгилдә уйғур әдәбияти тарихидики зор төһпә еди.

Хуласилап ейтқанда, Муһәммәтсидиқ Норузов иждадийитидә вәтәнни, хәлқини, муһәббәтни, достлуқни, тиничлиқни мәдһийләп язди. У Шәрқий Түркистанниң көрүнәрлик мәдәнийәт әрбаплири қатарида уйғур әдәбиятиниң риважлинишиға вә тәрәққий қилишиға мунасип һәссисини қошқан әдиптур.

---

1.Мәһәммәтсидиқ Норузов. Җавап. – Үрүмчи, 1957, 5- бәт.
2.Мәһәммәтсидиқ Норузов. Җавап, 30- бәт.
3.Мәһәммәтсидиқ Норузов. Җавап, 45- бәт.
4.Мәһәммәтсидиқ Норузов. Ақ булутлар. -Алмута, 1982, 5- бәт.
5.Мәһәммәтсидиқ Норузов. Ақ булутлар. 6- бәт.
6.Мәһәммәтсидиқ Норузов. Җүрәк туғи // «Уйғур Авази», -Алмута, 1993, 3- март.
7.Мәһәммәтсидиқ Норузов. Ақ булутлар. -Алмута, 1982, 52- бәт.



8.Мәһәммәтсидиқ Норузов. Ақ булутлар.55- бәт.
9.Мәһәммәтсидиқ Норузов. Ақ булутлар. 56- бәт.
10.Альманах. (Шеир вә һекайилар топлими) Ғулҗа, 1947.

## Уйғур пәлсәпә тарихи бойичә тунжи алим

Әзиз Исаҗан оғли Наринбаев - Оттура Асия жумһурийәтлиридә илмий әмгәклири билән тонулған, уйғур хәлқиниң иҗтимаий, сәясий вә пәлсәпә тәпәккүр тарихи бойичә үнүмлүк әмгәк қилған, Совет Иттипақи уйғурлири арисидин йетишип чиққан биринчи пәлсәпә пәнлириниң доктори, Қирғизстан Миллий пәнләр академиясиниң мухбир әзаси, Қирғизстан Миллий пәнләр академиясиниң пәхрий академиги, Қирғизстанда хизмәт көрсәткән пән әрбаби, профессор.

Әзиз Исаҗан оғли 1924- жили, 24- апрель күни Қирғизстанниң Қарақол шәһиридә кәмбәғәл навай аилисидә дуниyaға кәлгән. Алимниң бовиси Наринбай билән момиси Әзизхан XIX- әсирниң 80- жиллири Қәшқәр шәһиридин Қарақол шәһиригә көчүп чиққан. Әзиз акиниң дадиси Исаҗан Наринбаев билән аниси Чинбуви Юлдашахун қизи, шу замандики аңлиқ аилиләрдин болғачқа, турмуш еғирчилиқлириға қаримай оғлиниң билимлик адәм болуп чиқиши үчүн барлиқ күчини сәрип қилған.

Әзиз ака 1932- жилдин 1938- жилиғичә Қарақол шәһиридики Нариман намлиқ толуқсиз оттура мәктивидә оқуйду. 1941- жили, Қирғизстан жумһурийити Максим Горький намидики педагогика училищени тамамлап, Қирғизстан Дөләт педагогика институтиға оқушқа чүшиду. Бирақ, у биринчи курста оқуватқан жили УлуқВәтән уруши башлиниду. 1942- жили, авғуст ейида 19 яшлиқ студент оқушини вақитлиқ тохтутуп, вәтәнни немис басқунчилиридин қоғдашқа атлиниду. Душмән билән болған көплигән җәңләрдә көрсәткән җасарити үчүн биринчи дәрижилик «Қизил юлтуз», «Вәтән уруши» орденлири вә башқа медаллар билән мукапатлиниду. 1945- жили, январь ейиниң ахирида еғир яридарлинип, уруш мейипи болуп жутиға қайтиду.

Әзиз Наринбаев уруштин кейин йәнә оқушини давамлаштуриду.1947- жили, оқушини тамамлап, шу институтта



муәллим болуп ишләйду. 1951- 1952- жиллири М.В.Ломоносов намидики университетниң аспирантурисида оқуйду. 1952-жили, «Социалистик милләтләрниң шәкиллинишидики Совет дөлитиниң роли» дегән мавзуда кандидатлиқ диссертациясини яқлап, совет уйғурлириниң ичидә биринчи болуп пәлсәпә пәнлириниң кандидати дегән илмий дәриҗини алиду. 1953- жилдин 1968- жилиғичә Қирғизстан Дөләт педагогика институтида муәллим, лектор, доцент, кафедра башлиғи, институтниң директори қатарлиқ хизмәтләрдә ишлигән.

1968- жили, күздә Қирғизстан Миллий пәнләр академияси, Пәлсәпә вә һоқуқ институтиниң бөлум башлиғиға сайлиниду. 1977- жилидин 2013- жилиғичә Қирғизстан Миллий пәнләр академиясиниң Пәлсәпә вә һоқуқ институти пәлсәпә кафедрисиниң башлиғи болуп ишлигән.

1975- жили, «Коммунизм қуруш дәвридә СССР миллий мунасивәтлириниң риваҗлиниш қанунийәтлири ( Оттура Асия вә Қазақстан жумһурийәтлири мисалида)» дегән мавзуда докторлуқ диссертацияни муваппәқийәтлик яқлап, пәлсәпә пәнлириниң доктори илмий дәриҗисини елишқа муйәссәр болиду. 1979- жили, Әзиз Наринбаевқа профессор унвани берилди. 1989- жили, мартта пәлсәпә пәнлири бойичә Қирғизстан миллий Пәнләр академиясиниң мухбир әзаси болуп сайланди.

Әзиз Наринбаев бу жиллар җәриянида умумий 300 дин ошуқ илмий мақалә, шундақла 20 монография йезип чиқириду. Кейинки 40 жилдин буян уйғур хәлқиниң иҗтимаий, сәясий вә пәлсәпә тарихи бойичә үнүмлүк әмгәк қилған.

Әзиз Наринбаевниң илмий әмгәклири Алмутида чиқидиған «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят» вә Қирғизстанда чиқидиған «Иттипақ» гезитлириниң сәһипилиридә йоруқ көргән. Мәсилән, «Билал Назимниң дунияға көз қариши»[1], «XIX- әсирдики уйғурларниң тәрәққийпәрвәр җамаәтчилик пикири»[2], «Сейит Муһәммәт Қашийниң иҗтимаий, сәясий көз қариши»[3], «Сейит Муһәммәт Қашийниң әдәп тоғрилиқ көз

қариши»[4], «Садир - ялқунлуқ қошақчи вә сәрдар»[5], «Молла Шакир - шаир вә мутәпәккүр»[6]вә башқилар.

Қирғизстан республикиси Миллий пәнләр академиясиниң «Хәвәрләр» журнилида Әзиз Наринбаевниң уйғур пәлсәпә тарихиға аит илмий әсәрлири бесилған. Мәсилән, «Сеид Мухаммад Каши – видный уйгурский мыслитель и поэт» («Сейит Муһәммәт Қаший - көрүнәрлик уйғур мутәпәккүри вә шаири»)[7], «Отражение прогрессивных общественных идей в творчестве Билала Назыма» («Билал Назим иҗадийитидә тәрәққийпәрвәр иҗтимаий пикирләрниң әкс етилиши»)[8]», «Мулла Шакир – поэт и мыслитель» («Молла Шакир- шаир вә мутәпәккүр»)[9] вә башқилар.

Әзиз Наринбаевниң «Прогрессивная общественно-философская мысль уйгуров второй половины Х1Х в.»(«ХIХ- әсирниң иккинчи йеримидики уйғурларниң җәмийәтлик - пәлсәпәлик тәпәккүри»)[10] намлиқ монографияси 1988- жили, Қирғизстан республикисиниң «Илим» нәшириятида йоруқ көргән. Монография киришмә, төрт бап вә хуласидин ибарәт. Автор киришмидә қедимқи вә оттура әсир уйғур тарихидин мәлумат бериду. Мошу йәрдә у уйғур җәмийәтлик тәпәккүрини тәтқиқ қилишниң мәнбәлири, болупму фольклор вә язма әдәбият екәнлигини тәкитләп өтиду. Авторниң пикиричә, уйғур хәлқигә униң көп әсирлик тарихий тәрәққиятиға әдәбий - шеирий иҗадийәт пәвқуладдә тәрбийәвий фактор болған.

ХIХ- әсирниң иккинчи йеримидики тәрәққийпәрвәр җамаәтчиликниң сәясий вә философиялик пикири уйғур хәлқи мәдәнийитиниң тәрәққиятида муһим рол ойниди. Бу дәвирниң илғар мутәпәккүрлири Садир Палван, Билал Назим, Молла Шакир вә Сейит Муһәммәт Қашийлар болуп, улар тәрәққийпәрвәрлик пикирлири билән уйғур хәлиқ көз қарашлириниң вә идеялириниң давамлиқ тәрәққий етишигә наһайити чоң һәссә қошти.

Монографиянiң биринчи бабида автор ХIХ- әсирдики Шәрқий Түркистанниң тарихий шараитини көрситиду.



Авторниң йезиши бойичә, бу дәвирдики тәрәққийпәрвәр җамаәтчилик пикириниң риваҗлинишиға ярдәм қилған әң муһим фактор, уйғур хәлқиниң манжур - хитай басқунчилириға вә йәрлик феодалларға қарши жүргүзгән миллий азатлиқ күрәшлири болған. Бу күрәш Шәрқий Түркистан хәлқиниң икки хил әзгүчиләрниң - мустәмликичиләр билән йәрлик помешикларниң зулуми астида җапа чекиватқан шараитида қанат яйған. Уйғур хәлқиниң миллий мустәқиллиқ үчүн мустәмликичиләргә қарши жүргүзгән күриши үзлүксиз давам қилип кәлди. Болупму, мустәмликичиләр вә манжур - хитай императорлириға садиқ болған йәрлик феодалларға қарши 1864-1867- жилларда көтүрүлгән уйғур хәлқиниң миллий азатлиқ һәрикити наһайити қудрәтлик болди. Хәлиқ аммисиниң турмуш шараити, униң колониал зулумға вә феодал - крепостнойлуқ түзүмгә қарши жүргүзгән күриши уйғур шаирлириниң әсәрлиридә әкис әтти. Уйғур хәлқиниң жүргүзгән миллий азатлиқ күришиниң мавзуси мәзкүр әсәрләрниң асасий мәзмунини егилиди. Садир Палванниң қошақлири, Билал Назимниң «Ғәзәлият» намлиқ лирикилиқ шеирлири, «Китаби ғазат дәр мүлки чин», «Чаңмоза Йүсүпхан» поэмилири, «Назугум» әсәри, Молла Шакирниң «Зәпәрнамә» вә Сейит Муһәммәт Қашийниң «Шәрһи шикәстә» әсәрлири хәлиқ арисида кәң тарқалған еди. Уйғур тәрәққийпәрвәр мутәпәккүрлири өзлириниң пикир, арзу - арманлирини әркин һаләттә пәкәт шеирийәт шәклидә изһар қилалиди.

Монографиянiң иккинчи бабида уйғур мутәпәккүрлириниң көз қарашлириниң вужутқа кәлгән иҗтимаий асаси ечип көрситилиду. Шундақла, монографиядә ХIХ- әсирниң әллигинчи жиллиридики уйғур җәмийитиниң иҗтимаий қурулмиси(структуриси) тәһлил қилиниду. Авторниң пикиричә, тәрәққийпәрвәр шаир- демократлар өз көз қарашлирида улар феодаллиқ җәмийәттә адәмләр арисида мүлкий тәңсизликниң мовҗутлуғи, аз санлиқ адәмләр қолида интайин көп байлиқ топланғанлиғини, нәқ шу әһвалда көпчилик

йоқсизлиқ, муһтажлиқ вә һоқуқсизлиқта азап чекиватқанлиғи һәққидә пикир жүргүзиду.

Монографияниң үчинчи бабида автор уйғур шаирлириниң ижадийитини чүшүнүш мәқситидә һөкүмран идеология - исламға қисқичә тәһлил бериду. Автор, шаирларниң динға болған мунасивити иҗтимаий тәҗрибисиниң бейиши, җәмийәт һаятини үгиниш җәриянида өзгәргәнлигини язиду. Шундақла, автор шу дәвир шаирлириниң дунияға көз қарашлириниң барлиқ тәрәплирини қарап чиқиду.

Монографияниң төртинчи бабида болса, шаирларниң этикилиқ көз қарашлири тәһлил қилинған. Авторниң пикиричә, уйғур шаирлири әдәп-әхлақ тоғрилиқ мәхсус әсәрләр язмиған болсиму, амма улар өз әсәрлиридә уйғур бәдиий әдәбиятиниң көп әсирлик әньәнилиригә тайинип, адәмләр әхлақниң принциплирини, нормилирини ишләп чиққанлиғини язиду.

1993- жили, Қирғизстан «Илим» нәшрияти тәрипидин бесилған «Махмуд Кашгари – классик средневековой общественной мысли» («Махмут Қәшқәри - оттура әсир иҗтимаий тәпәккүриниң классиги»)[11] намлиқ китавида алим Қараханийлар дәвридики уйғур хәлқиниң иҗтимаий - сәясий вә пәлсәпәлик көз қарашлирини кәң йорутуш билән биргә, Махмут Қәшқәрини уйғурларниң пәрзәнди екәнлигини илмий асасида испатлап бәргән.

1994- жили, май ейида Қирғизстан "Илим" нәшрияти Әзиз Наринбаевниң «Из истории общественной мысли древних и средневековых уйгуров» («Қедимқи вә оттура әсир уйғурлириниң иҗтимаий тәпәккүр тарихидин»)[12] намлиқ илмий әмгигини нәшир қилди. Алимниң бу әсири үч баптин ибарәт. «Қедимқи уйғурларниң дунияға қариши» намлиқ биринчи бабида қедимқи адәмләрниң аң сезиминиң алаһидилиги вә уларниң турмуш пәлсәпәси, әпсанә, дин, сәньити тоғрисида мулаһизә қилиду. Әсәрниң иккинчи бабида болса, Турпан Идиқут уйғурлириниң роһий мәдәнийити вә иҗтимаий тәпәккүриниң тәрәққий қилиши, уйғурлар арисида



буддапәрәслик пәлсәписиниң тарқилиши тоғрисида пикир жүргүзиду. Әсәрниң үчинчи бабида болса, Қараханийлар дәвридики уйғурларниң дунияға көз қариши тоғрисида мулаһизә қилиду. Униңда Йүсүп хас Һаҗип Баласағуний, Махмут Қәшқәрий вә Әхмәт Йүгнәкийләрниң дунияға көз қариши тоғрисида язиду.

1995- жили, Әзиз Наринбаевниң «Уйгурски мыслители»(«Уйғур мутәпәккүрлири»)[13] намлиқ монографияси нәширдин чиқти. Әсәр икки бабтин түзүлгән. Биринчи бабида, алим XIX- әсирниң иккинчи йеримидики уйғур шаирлири Садир Палван, Билал Назим, Молла Шакир вә Сейит Муһәммәт Қашийларниң дунияға көз қарашлирини язса, иккинчи бабида XX- әсирниң 30- 40- жиллирида яшап ижат қилған шаирлардин: Абдухалиқ Уйғур, Мәмтили Тәвпиқ, Ним Шеһит, Лутпулла Мутәллип, Билал Әзизи, Қасимҗан Қәмбири, Ибраһим Турдиларниң һаяти, ижадийити, иҗтимаий - сәясий вә пәлсәпилик көз қарашлири тоғрисида баян қилиду.

«Әзиз Наринбаев һаятиниң ахирқи жиллири Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң вәкиллиридин Муһәммәтсидиқ Норузов, Җамалдин Қасимов, Абдуманнап Қасим, Абдуреһим Рахманларниң һаяти вә уларниң пәлсәпилик көз қарашлири тоғрисида илмий мақалиларни язған. Мәсилән, "Философские идеи в мировозренческой системе Мухамматсидика Норузова" («Мәһәммәтсидиқ Норузовниң дуния қараш системисидики пәлсәпә идейиси»)[14], «Жамалдин Касимов – известный поэт и гуманист, общественный деятель», («Җамалдин Қасим – көрнәклик шаир, инсанпәрвәр вә җамаәт әрбаби»)[15], «Абдуманнап Касим – талантливый поэт –мыслитель, преданный патриот своего народа» ,(«Абдуманнап Қасим – талантлиқ шаир, мутәппәккүр, өз хәлқиниң садиқ вәтәнпәрвири»)[16] , «Абдурехим Рахманов – талантливый поэт, истинный гуманист» («Абдуреһим Рахман – талантлиқ шаир, һәқиқий инсанпәрвәр»)[17].

Әзиз Наринбаевниң илмий мақалилири умумий топлам болуп, 2004 - жили, 63,5 басма табақ билән бирнчи топлам, 2010- жили, 26,75 басма табақ билән иккинчи топлам, 2014- жили, 26 басма табақ билән үчинчи топлам нәширдин чиққан. Алим өз әсәрлиридә қедимқи дәвирдики уйғур хәлқиниң дунияға көз қарашлири, шундақла, өтмүштин бүгүнки күнгичә яшап өткән атағлиқ шаир, язғучи вә алимлириниң дунияға философиялик көз қарашлирини тәтқиқ қилиду.

Әзиз Наринбаевниң илмий әмгәклири рус, уйғур вә қирғиз тиллирида нәшир қилинған. Алим әсәрлириниң рус тилида йезилип, нәшир қилиниши рус тиллиқ көп милләтләрниң уйғур хәлқиниң тарихини, мәдәнийитини вә дунияға философиялик көз қарашлирини оқуп билишигә чоң ярдәм бериду.

Профессор Әзиз Наринбаевниң рәһбәрлигидә 30 дин ошуқ киши философия пәнлири бойичә кандидатлиқ вә докторлуқ диссертацияләрни яқлап алим болди. Буларниң ичидә 4 киши уйғур философия тарихи бойичә кандидатлиқ дисертатсияни яқлиди. Улар, Әкбәрҗан Баудунов:«Этическая воззрения прогрессивных уйгурских поэтов-мыслителей первой половины X1Xв.» («XIX-әсирниң биринчи йеримидики уйғур мутәпәккурлириниң этикилиқ көз қарашлири») (1990 -жил), Сәйярә Хәлпәтхожаева: «Просветительство как течение общественно-философской мысли уйгуров» («Уйғурларниң җәмийәт философия еқими сүпитидики мәрипәтчилик») ( 1995- жил), Сәйидәм Абдулхәмитова: «Морально-этические ценности уйгурской семьи»(«Уйғур аилисиниң әдәп - әхлақ қиммити») (2000-жил), Абдуреһим Турсун: «Генезис и эволюция уйгурской философской мысли раннего Средневековья» («Қедимқи вә оттура әсир пәлсәпәсиниң шәкиллиниши вә тәрәққият җәрияни») ( 2002 -жил) қатарлиқ темиларда диссертация яқлиған.

Әзиз Наринбаев Қирғизстан Миллий пәнләр академиясиниң пәлсәпә илми бойичә докторлуқ вә кандидатлиқ диссертация яқлаш кеңишиниң әзаси болған.



Алимниң илим вә мәдәнийәтни риваҗландуруш саһасида, илмий кадрларни тәрбийәләш йолидики әмгәклирини жуқури баһалиған Қирғизстан һөкүмити уни «Һөрмәт», «Даңқ» орден вә медаллар билән мукапатлиған.

1994- жили, Қирғизстан һөкүмити Әзиз Наринбаевниң жумһурийәттә илим пәнигә қошқан хизмитигә «Қирғизстан жумһурийитидә хизмәт көрсәткән пән әрбаби» деган пәхрий намини, 2004- жили, Қирғизстан Миллий пәнләр академияси Әзиз Наринбаевқа Қирғизстан миллий Пәнләр академиясиниң пәхрий академиги намини бәрди.

Әзиз Наринбаев Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити қурулғандин тартип җәмийәтниң Мәркизий кеңишиниң әзаси болуп, униң паалийәтлиригә актив қатнишип кәлгән. 2015- жили, 2- ноябрь күни Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң уюштуруши билән өткүзүлгән мәдәнийәт күнигә беғишланған мурасимида "Иттипақ" җәмийитиниң рәиси Артиқ Һаҗиев Әзиз ака Наринбаевниң җәмийәттики көрсәткән хизмәтлирини жуқури баһалап, уни җәмийәтниң алий мукапати «Еһсан»медали билән тәқдирлигән.

Академик Әзиз Наринбаевниң өмүрлүк йолдиши Заирова Рауфа һәдә Қирғизстан жумһурийәтлик педагогика институтида рус тили бойичә муәллим болуп ишләп, пенсиягә чиққан. Әзиз ака билән Рауфа һәдә үч балини тәрбийәләп чоң қилди. Оғли Рустәм химия пәнлири бойичә хутәхәссис, чоң қизи Езизхан музика саһасида муәллим, кичик қизи Зәйтунәм Қирғизстан Консерваториясидә профессор, Қирғизстанда хизмәт көрсәткән артист.

Әзиз ака Наринбаев чәт әлдики уйғурлар ичидин йетишип чиққан биринчи пәлсәпә пәнлириниң доктори, уйғур пәлсәпә тарихи бойичә илмий әсәрләрни язған алимдур. Әзиз ака Наринбаев 2015- жили, 19- ноябрь күни Бишкәк шәһиридә вапат болди. Униң җәсити Бишкәк шәһиридики Ала-Арча қәбристанлиғиға дәпинә қилинди.

1. Әзиз Наринбаев. Билал Назимниң дунияға көз қариши// «Йеңи һаят». -Алмута, 1975, 23 - январь.

2. Әзиз Наринбаев. XIX- әсирдики уйғурларниң тәрәққийпәрвәр жамаәтчилик пикири // «Коммунизим туғи». - Алмута, 1975, 4 - март.

3. Әзиз Наринбаев. Сейит Муһәммәт Қашийниң иҗтимаий - сәясий көз қарашлири» // «Коммунизм туғи». -Алмута, 1975, 18 - ноябрь.

4 . Әзиз Наринбаев. Сейит Муһәммәт Қашийниң әдәп тоғрилиқ көз қарашлири // «Йеңи һаят». -Алмута, 1976, 7 - февраль.

5. Әзиз Наринбаев. Садир - ялқунлуқ қошақчи вә сәрдар // «Йеңи һаят», -Алмута,1976, 5 - өктәбрь.

6. Әзиз Наринбаев. Молла Шакир - шаир вә мутәпәккур // «Йеңи һаят»,-Алмута, 1977, 10 - март.

7 . Азиз Нарынбаев. Сеит Мухаммад Каши – видный уйгурский мыслитель и поэт // Известия Академии Наук Киргизской ССР, издательство «Илим», - Фрунзе, 1976, №6 , 102- 109- стр.

8. Азиз Нарынбаев. Отражение прогрессивных общественных идей в творчестве Билал Назыма // Известия Академии Наук Киргизской ССР. Издательство «Илим» - Фрунзе, 1980, №1, стр.88- 93.

9 . Азиз Нарынбаев. Мулла Шакир-поэт и мыслитель // Известия Академия Наук Киргизской ССР. Издательство «Илим», - Фрунзе,1986, №2, стр.57- 61.

10. Азиз Нарынбаев. Прогрессивная общественно-философская мыссль уйгуров второй половины X1X в. Издательство «Илим», -Фрунзе, 1988. – 188 с.

11. Азиз Нарынбаев. Махмут Кашгари – классик средневековой общественной мысли. Издательство «Илим», - Бишкек, 1993.



12. Азиз Нарынбаев. Из истории общественной мысли древних и среднековых уйгуров. Издательство «Илим», - Бишкек, 1994.– 184 с.

13 . Азиз Нарынбаев. Уйгурские мыслители. -Бишкәк, 1995. – 208 с.

14. Азиз Нарынбаев. Философские идей в мировозренческой системе Мухамматсидика Норузова // Азиз Нарынбаев. Избранные произведения, Том-3, -Бишкек, 2014, 183-201 с.

15. Азиз Нарынбаев. «Жамалдин Касимов –известный поэт и гуманист, общественный деятель. // Азиз Нарынбаев. Избранные произведения, Том-3, -Бишкек, 2014, 259-282 с.

16. Азиз Нарынбаев.«Абдуманнап Касим – талантливый поэт –мыслитель, преданный патриот своего народа. // Азиз Нарынбаев. Избранные произведения, Том-3, -Бишкек, 2014, 283-300 с.

17. Азиз Нарынбаев. Абдурехим Рахманов – талантливый поэт, истинный гуманист. // Азиз Нарынбаев. Избранные произведения, Том-3, -Бишкек, 2014, 301-324 с.

# Уйғуристан - униң сәждигаһидур

Нурмәһәммәт Обулһурәйрә оғли Һәсәнов 1927-жили,Қирғизстанниң Қарақол шәһиридә тижарәтчи аилисидә туғулған. 1937- жили, ата-аниси билән Ғулҗа шәһиригә көчүп кәлгән. 1937-1941- жиллири Или милләтләр гимназиясидә оқуған.

1944-жили,Ғулҗа шәһиридә Гоминдаң һакимийитигә қарши инқилап башланғанда, у биринчиләр қатарида пидаий болуп Ғулҗа, Күрә, Сүйдүң соқушлириға қатнашқан.

1945- жили, Кәңсайда «Зәмбирәк-миномёт» курсида 6 ай оқуп, Шәрқий Туркистан миллий армиясиниң зәмбирәк-миномёт дивизионида Дахиянза, Инҗихо, Җиң әтрапидики соқушларға, кейин Топи наһийәси, Чәпәйзә, Шихо соқушлириға қатнашқан.

1947-жили, Ғулҗа шәһиридә ечилған һәрбий мәктәптә 1-қарарда бир жил оқуп, подпоручик (лейтенант) унванини алған. Бу курсни тамамлиғандин кейин Йәнсихәй (Орманбағ) Шихо полкида рота сәясий рәһбири вә батальон сәясий рәһбири хизмәтлирини атқурған.

Шәрқий Туркистан җумһурийити һөкүмити Нурмәһәммәт Һәсәнниң миллий армиясидики хизмәтлирини жуқури баһалап, уни «Пидаий», «Садақәт» медаллири билән мукапатлиған.

Нурмәһәммәт Һәсән 1952-1954- жиллири Үрүмчидики партия мәктивиниң марксизм-ленинизм факультетида оқуйду. 1954-жили, сентәбрдә мәмурийәттә кәспий өзгәртиш сәясити билән Бөритала - Моңғул автоном облусида мәмурий хизмәтләрдә ишлигән.

Хитай даирилири Шәрқий Туркистан миллий армиясиниң җаңчи вә офицерлиридин өч елиш мәхситидә жүргүзгән сәясәтлири нәтиҗисидә Нурмәһәммәт Һәсәнни «Йәрлик милләтчи», «Хиянәтчи» дегән ялған төһмәтләр билән 15 жил түрмә җазасиға һөкүм қилған.



1963-жили, аяли Саадәтханниң тиришчанлиғи билән түрмидин бошутилип Совет Иттипақиға чиқип кетишкә рухсәт бәргән. Шу жили аилиси билән Қирғизстанниң Чүй вилайити Новопокровка йезисиға көчүп кәлгән.

Нурмәһәммәт ака узун жиллар колхозда һәр түрлүк ишларда ишлигән. Иштин сирт җамаәт ишлириға актив арилашқан. У Қазақстанда чиқидиған «Коммунизм туғи» вә «Йеңи һаят» гезитлириға муштири топлаш ишлириға актив қатнашқан.

1989-жиллларда Бишкәктә қурулған Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң һәйъәт әзаси болуп, «Иттипақ» паалийәтлиригә қатнашқан. Қирғизстанда чиқишқа башлиған «Иттипақ» вә «Виждан авази» гезитлириға муштири топлаш вә уни тарқитиш ишлирида көп әҗир сиңдургән.

Нурмәһәммәт ака 1992-жили, Бишкәк шәһиридә қурулған Уйғуристан Азатлиқ Тәшкилати (УАТ)ниң Мәркизий комитет әзаси болуп, тәшвиқат ишлириға зор күч чиқарған.

Нурмәһәммәт Һәсән 2017-жили, 90 йешида аләмдин өтти.

Нурмәһәммәт акиниң әдәбиятқа, болупму шеирийәткә қизиқиши Или гимназиясидә оқуватқан чағлирида башланған. Устази Хәмит Сәидиниң ғәмхорлиғи билән өсүп йетишкән. У «Демигин» намлиқ тунҗа шеирини 1947-жили язған. Қирғизстанға көчүп чиққандин кейин униң язған шеирлири «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят», «Иттипақ», «Виждан авази» вә чәт әлләрдә чиқидиған «Шәрқий Туркистан яшлири», «Учқун», «Истиқлал» қатарлиқ гезит вә журналларда йоруқ көргән. У язған шеирлирини «Нур» тәхәллуси билән елан қилған.

Нурмәһәммәт Һәсән 2010-жили, өзиниң шеирлирини «Вәтән сөйгүси» намида топлап, қолязмисини 100 нусха қилип көпәйтуруп, йеқин тонушлириға тарқитип бәрди. Бу топламда униң 80 дин ошуқ шеирлири, ғәзәллири вә әслимилири берилгән. У шеирлирида муһәббәт, вәтәнгә болған муһәббәт, ана муһәббити, достлуқ вә башқа темиларда язған.

Нурмәһәммәт Һәсәнниң дәстләпки язған шеирлири оғул-қизларниң муһәббитигә беғишлиған. Униң : «Демигин"», «Муһәббәт сири», «Билмидиң», «Гүлүмгә», «Үмидим», «Яримға хәт» вә башқа шеирлири яшлиқ, муһәббәт темисида йезилған.

Нурмәһәммәт Һәсән өзиниң «Гүлүмгә» намлиқ шеирида һәқиқий сөйгү- муһәббәтни мундақ изһар қилиду:

Гүлүм унтар демигин,
Унумән мән һәргиз.
Ишқи меһриң жүрүгүмгә,
Йоқалмас қип салған из.[1]

Нурмәһәммәт Һәсән 1944-жили, 17 яшқа толғанда пидаийлар сепидә, кейин Шәрқий Туркистан миллий армиясида Уйғуристанниң азатлиғи үчүн жәңләргә қатнашқан жәңчи – офицер, Шәрқий Туркистан миллий армияси Гоминдаң армияси билән шиддәтлик жәңләрни қилип, вәтәнниң бир нәччә шәһәрлирини азат қилған болсиму, бирақ Совет Иттипақиниң арилишиши билән Гоминдаң һакимийити вә Шәрқий Туркистан жумһурийити һөкүмити тәрипидин 11 битим түзүлүп, уруш тохтитилди. 1950-жили, хитай коммунистлири бир пай оқ чиқармай Уйғурстанни мүстәмликә қилди. Шәрқий Туркистан миллий армиясини әмәлдин қалдурди. Һәр түрлүк сәясий һәрикәтләрни жүргүзүп, миллий армия офицер-жәңчилиридин өч елишқа башлиди. Нурғунлиған офицер- жәңчиләр түрмиләрдә йоқ қилинди.

Нурмәһәммәт ака Қирғизстанда яшисиму, бир күнму вәтини – Уйғурстанни унтуп қалғини йоқ. У өзиниң көп шеирлирини вәтәнгә вә униң азатлиғиға беғишлиди, униң: «Қәшқәргә хәт», «Сеғинип көргини кәлдим», «Көйүп кәлдим», «Юртумни әсләп», «Вәтәнгә мәдһийә», «Аһ, хәлқи», «Уйғуристаним», «Ана вәтәнгә», «Лаһәттин сада», «Биз әмәсмиз журттин қачқанлар», «Ана-ана вәтән», «Вәтәндин улуқ, мубарәк



сәждигаһим йоқ», «Жүрәк қәлбимдә вәтән сөйгүси» қатарлиқ шеир, ғәзәллири вәтән темисиға йезилған.

У вәтән һәққидә «Вәтәнгә мәдһийә» намлиқ шеирида мундақ язиду:

Вәтән ана макандур,
Киндик қеним төкүлгән.
Пәпиләп мени анамдәк,
Қучиғида баққандур.

Вәтән бағу-бостандур,
Жәннити гүлистандур.
Вәтән дәп қанчә язсам,
Түгимәс миң дастандур.[2]

"Уйғуристаним" шеирида:

Ғурурум, көч мадарим, қилби гаһим Уйғуристаним,
Әманида юлтуз болуп парлиған Уйғуристаним,
Тәндишиң камдур жаһанда билимниң кани Уйғуристаним,
Әждатлирим макани анамсән Уйғуристаним.[3]

«Вәтәндин улуқ сәждигаһим йоқ» шеирида:

Ана жут әһлидин башқа мениң пуштум панаһим йоқ,
Вәтән сөйгүсидин өзгә мениң нигара маһим йоқ.
Вәтән турғаш асарәттә риядур һажигә бармақ,
Вәтәндин улуқ, хуш мубарәк сәждәгаһим йоқ.[4]

«Жүрәк қәлбимдә вәтән сөйгүси» шеирида:

Вәтән ишқи мән үчүн бүйүктүр,
Вужудимда йоқалмас бир көйүктүр.
Мән яшаймән шу ишқи – сөйгүдә.
Униңсиз теним-женим өлүктүр.[5]

«Ана-ана вәтән» шеиридә вәтәнни чиң дилидин сөйүшниң керәклигини мундақ изһар қилиду:

Вәтән сөйүш вужудумға анамниң сүтидин киргән,
Шуңа пүтүн һаятимда вәтәнни сөйгүнүм сөйгән.
Вәтәнни қилбигаһ әйләп өмүр бойи тавап қилмақ,
Маңа җәннәт савабидур бу йолда күл болуп көйгән.

Өзәмни бәхтияр дәймән вәтәнчүн миң җапа көрсәм,
Сезәрмәнки гүлистандәк вәтән дәп дәштидә йүрсәм.
Әқидәм күч қуват бәргәш үмүт юлтузлирим өчмәс.
Көңүлдә арминим қалмас илимни раз қип өлсәм. (6)

Нурмәһәммәт Һәсән хәлқимизниң тинич ятмай вәтәнниң азатлиғи үчүн һәрикәт қилишниң керәклигини тәкитләп өтиду. У, бу пикирини «Вәтәндашқа» намлиқ шеиридә изһар қилиду.

Бил вәтәндаш! Бу дунияда хорлишиш, қуллуқ һарам,
Бизму инсан башқилардәк яшайли хошал-хорам.
Тиңриқип турмай вәтәндаш ойлиғин әвлат ғемини,
«Нур» журт болмай азат алмиғай һеч бир арам. (7)

«Лаһәттин сада» намлиқ шеирида:

Бу,ойғунуш дәври жүрәмдуқ йәниму чәттә,
Әгәр уюшмисақ-әнди сада чиқмайду нүсрәттә.
Көрүңки җан пида әткән әлләр бәхтини тапти,
Вәтәнниң ғемини бизму қилайли мошу пүрсәттә. (8)

Нурмәһәммәт Һәсән «Биз әмәсмиз журтидин қачқанлар» намлиқ шеирида чәт мәмликәтләрдә мусапир болуп яшаватқан уйғурларниң вәтининиң азатлиғи үчүн һәр түрлүк тәшкилатларни қуруп, һәрикәтләрни елип бериватқанлиғини тәсвирләп язиду. Мәсилән, 1992- жили, Қазақстанниң Алмута



шәһиридә Һашир Ваһидийниң рәһбәрлигидә Уйғуристан азатлиқ тәшкилати(УАТ) қурулған еди. Кейин Қирғизстанниң Бишкәк шәһиридә Уйғуристан азатлиқ тәшкилатиниң шөбиси қурулди. Тез арида УАТ ниң сани 7000 дин ашқан еди. Әнә шу Уйғуристан азатлиқ тәшкилатиға Шәрқий Түркистан миллий армиясидә хизмәт қилған жәңчи вә офицерлар әзә болуп кирди. Қирғизстанниң Чүй вилайитидәт Шәрқий Түркистан миллий армиясиниң жәңчи вә офицерлиридин 200 дин көпәрәги бар еди. Жилларниң өтүши билән уларниң сани азлап кәтти. Улар һаятлириниң ахирқи тиниқлириғичә Уйғуристанниң азатлиғини арзу қилип аләмдин өтти.

Демигин бизни журттин қачқанлар,
Биз зулумини Мавниң тартқанлар.
Әзиз вәтәнниң истиқлаличүн.
Пидаий болуп җанни атқанлар.

Шеһит каяшин – роһини ядлап,
Турғачқа ғази шәрәп тапқанлар.
Күрәш кәмирин белидин йәшмәй,
Қисас хәнҗирин янға асқанлар.

Мусапир болуп юрсиму чәттә,
Вәтән давасин сөзләватқанлар.
Һәр йәрдә қуруп явларға тузақ,
Дүшмән жүригини өртәвәтқанлар.

Бизләр әмәсмиз «журтидин качқанлар».
Өлүм хәвпидә пана тапқанлар.
Биз күрәш йолин қилишқа давам,
Қәдди-қамитин растлаватқанлар. (9)

Нурмәһәммәт Һәсән өмүриниң ахириғичә Уйғуристанниң азатлиғини арзу қилип, әләмдин өтти.

Нурмуһәммәт Һәсән ана һәққидиму аниға болған чәксиз муһәббитини изһар қилип, өз шеирлирида анини мәдһилиди. Униң «Ана меһри», «Ана сени әсләймән», «Анамға» вә башқа шеирлири анилар темисиға йезилған.

У «Ана меһри»шеирида:

Анам меһри оти бар.
Жүрәк бағрим қәлбимдә,
Ана дәп қанчә язсам.
Сөзүм пүтмәйду қәлбимдә. (10)

Һәммигә мәлум,1990-жили, СССР парчилинип, 15 жумһурийәт өз алдиға мустәқил дөләт болуп шәкилләнди. Бу дәврдә Оттура Асияда яшиған уйғур хәлқи қериндаш қазақ, өзбәк, қирғиз, түркмән, әзәрбәйжан вә башқиларниң мустәқилликқә еришишини чоң хошаллиқ билән қарши алди.

Нурмуһәммәт ака өз шеирлирида қериндаш қирғиз хәлқиниң мустәқиллиғини «Қиргизстан», «Қирғиз қериндашларға салам» қатарлиқ шеирлирида мәдһилиди. У «Қирғиз қериндашларға салам» шеирида:

Ака-укидәк яшаймиз бу зиминда һәммимиз,
Охшиған тартқан зулум, көргән күнимиз дәрдимиз.
Һәр бәхит тоюңни билләә ойниғаш уйғур ели,
Жор болуп чалған қомузга нағримиз һәм нахшимиз.

Йеримиз биргә туташқан ортида йоқ темимиз,
Тәңритағ вә Алатағ яйлигида-яйрап мелимиз.
Тағу-яйлақ вә етизда һәммимиз ишчан хәлиқ,
Шаптула, алма, өрүк, нәшпүт, үзүмлүк бeғимиз,

Ала тағдәк кәд көтәргин тилигим шу қирғизим,
Хуш болуп әркинлигиңгә чин дилимдин һөрмитим,
Достлуқ риштимиз полаттәк уни бузалмас яв,
Тәң билим қойнида йетишмәктә көп оғул-қизим.



Сақи кәл билләә ичәйли тойда шатлиқ жамини,
Бизгә достлуқта-әбәт тапсун көңүл арамини.
Журтимиз азат (ават) болуп улушар тойларға той,
Тутти гүлдәстини «Нур» қобул қил саламини. (11)

Нурмәһәммәт Һәсәнниң ижадийитидә вәтәнпәрвәрлик тема асасий салмақни егәлләйду. У өмүриниң ахириғичә Уйғуристанниң азатлиғини, мустәқиллиғини арзу қилип аләмдин өтти.

Нурмәһәммәт Һәсән өзиниң шеирий ижадийити билән Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң риважлинишиға мунасип һәссисини қошти.

---


1. Нурмәһәммәт Һәсән. Гүлүмгә // «Иттипақ». -Бишкәк, 2014, №9.
2. Нурмәһәммәт Һәсән. Вәтәнгә мәдһийә // Вәтән сөйгүси(қол язма). -Бишкәк, 2010, 45-бәт.
3. Нурмәһәммәт Һәсән. Уйғуристаним // Вәтән сөйгүси(қол язма). -Бишкәк, 2010, 49-бәт.
4. НурмәһәммәтҺәсән. Вәтәндин улуқ сәждигаһим йоқ // «Иттипақ», - Бишкәк, 2008, №12.
5. Нурмәһәммәт Һәсән. Жүрәк қәлбимдә вәтән сөйгүси // «Иттипақ», 2007, №7.
6. Нурмәһәммәт Һәсән. Ана-ана вәтән // «Иттипақ». - Бишкәк, 2008, №12.
7. Нурмәһәммәт Һәсән. Вәтәндашқа // «Иттипақ», -Бишкәк, 2001, №4.
8. Нурмәһәммәт Һәсән. Лаһәттин сада // Вәтән сөйгүси(қол язма). -Бишкәк, 2010, 76-бәт.
9. Нурмәһәимәт һәсән. Биз әмәсмиз журттин қачқандар // «Виждан авази». - Бишкәк, 2000, №10.
10. Нурмәһәммәт Һәсән. Ана меһри // «Иттипақ»,-Бишкәк, 2006, 3- сан.
11. Нурмуһәммәт Һәсән. Қирғиз қериндашларға салам // Вәтән сөйгүси (қол язма). - Бишкәк. 2010, 97-бәт.

# Вәтән муһәббити - униң дәрди

Ясин һаҗим Маһмуди Қирғизстанда яшап, өзиниң язған шеир, һекайә вә сәясий публистикилиқ мақалилири билән җамаәт ичидә кәң тонулған әдиплиримизниң бири.

Ясинҗан Маһмуд оғли 1931- жили, 1- сентәбрь күни Уйғуристанниң Или вилайити, Күрә наһийәсидә дунияға кәлгән. У 1937- жилдин 1941- жилиғичә Күрә башланғуч мәктивидә, 1941- жилдин 1945- жилиғичә Ғулжа Таалийә оттура мәктивидә, 1946- жилдин 1950- жилғичә Ғулҗа Билим юрти мәктивидә оқуған. 1950- жили, Үрүмчидики кадрлар мәктивигә оқушқа әвәтилиду. У кадрлар мәктивини 1951- жили, муваппәқийәтлик тамамлиған болсиму, униң дадиси Маһмуд Худабәрдини Ғулжида «Инқилапқа қарши өнсүр» дәп 12 жиллиқ түрмә җазасиға һөкүм қилғанлиқтин, «синипий тәркиви ят» дегән баһанә билән шу мәзгилдә хитайлар тәрипидин елип берилған сәясий һәрикәтләрдин чәтләштүрүп, аммивий тәшкилат һесапланған Ғулжа шәһәрлик ишчилар уюшмисиниң ихтиярига йоллайду. У йәрдә тәшкилий, мәдәний-маарип бөлүмлиридә мәсъул хизмәтчи болуп ишләйду. Бу жәриянда Ғулжа шәһиридики йеңидин қурулған ишләп чиқириш орунлиридики ишчиларни тәшкилләп, асасий қатлам тәшкилатини қуруп чиқишқа беваситә қатнишиду. Ишчилар арисидики саватсизлиқни йоқутуш, мәдәний мәшғулатларни йолға қоюш, сәнъәт группилирини тәшкилләштүрүш, тән-һәрикәт командилирини қуруш, өз ара мәдәнийәт- сәнъәт вә спорт мусабиқилирини уюштуруш ишлирини елип бариду. 1952- жилдин 1954- жилиғичә ишчиларниң 126 кәч курс синипини ечип, 3200гә йеқин адәмниң савадини чиқириду. Униң талантлиқ тәшкилатчи вә қабилийәтлик тәшвиқатчи екәнлигигә қанаәт һасил қилған мәмурийәт уни Или-Қазақ вилайәтлик ишчилар уюшмисиниң тәшкилий-тәшвиқат бөлүмигә мәсъул қилип тайинлайду.



У ишни көмүркан ишчилирини тәшкилләштүрүштин башлайду. У вақтида Илидики «Плечи», «Гаңгул», «Ләнтәйзә» қатарлиқ хаңлардики ишчиларниң дәһшәтлик еғир иш-шараитлирини, һаятиниң бәкму хәвип-хәтәр астида екәнлигини, турмушлириниң ечинарлиқ дәриҗидә төвәнлигини, йәр астидики хаңларға чүшүп, чиши билән көзидин башқисини тонуғили болмайдиған, һаләттә қаттиқ көмүрниң үстидә ялиңач йетип, ач-тоқ ишләватқан, көмүр газлирида зәһәрлинип яки көмүр бесивелип өлүп кетиватқан бечарә уйғур әмгәкчилирини өз көзи билән көриду. Улар билән сөһбәтлишиду. Уларни тәшкилләштуруп, савадини чиқармай туруп, уларни бу азаптин қутулдуруп қелишниң мүмкин әмәслигини чүшиниду. Шуниңдин кейин зор күч билән тәшвиқ қилиш арқилиқ сехларға вә группиларға бөлүп тәшкилләйду. Ишчилар уюшмиси намидин хаң егилири билән ишчиларниң иш һәққини көтүрүш, иш күнини тәртипкә селиш, ишчиларниң һаятиға кепиллик қилиш, дәм елишини вә саламәтлигини капаләтләндүрүшкә охшаш шәртнамиларни түзүп чиқиду. У 6 җайда сават ечиш курсилирини ечип, 300 дин көпирәк хаң ишчилириниң савадини чиқиришқа муваппәқ болиду. Уларниң арисидиму сәнъәт группилирини вә спорт командилирини тәшкилләп түриду. Шуниңдин кейин мәмурийәт Ясинҗанни Ғулжа, Сүйдуң, Тоққузтара, Нилқа, Күнәс, Текәс, Бөритала наһийәлиригә, шундақла Алтай, Тарғабатай вилайәтлиригә әвәтиду. У шу җайлардики ишчилар уюшмилирини тәшкилләш хизмитигә паал қатнишиду.

Ясинҗанниң Шинҗаң вә Или гезитлиридә ишчилар һаятиға мунасивәтлик болған сәясий, әдәбий хәвәр мақалилири давамлиқ бесилип туриду. Болупму Нилқидики «Ақ қой» фермисиниң Уйғуристанда пәйда болуши вә тәрәққий қилиши җәрияни тоғрисидики һөҗҗәтлик мақалиси Үрүмчи вә Ғулжа шәһәрлиридә уйғур, қазақ тиллирида нәшир қилинип, амминиң диққәт етибарини өзигә җәлип қилиду. Ғулжида 1954- жилдин башлап «Ишчилар гезити» чиқишқа башлиған. Ясинҗан бу

гезитниң муһәррирлик вәзиписини өз үстигә алған. У бу гезит арқилиқ ишчиларниң һаятидики еғирчилиқларни ашкарилайду. Уларниң қануний тәләплирини оттуриға қойиду.

1957- жили, Үрүмчидә ечилған «Шинҗаң пән, техникини умумлаштуруш» жиғиниға уни вәкил қилип әвәтиду. Жиғинда у «Һазир Или вилайитидә 185 миңдин ошуқ миллий ишчилар ишсизлиқтин қийналмақта. Шуниң үчүн ичкиридин бизгә илмий адәмләр, пән-техника хадимлири кәлсун, аддий ишчиларниң лазими йоқ. Бизниң идарида иккидин ошуқ миллий кадр йоқ. Шуниң үчүн миллий кадрларниң сани көпәйтилсә, миллий кадрларға ишәнмәслик идеяси түзитилсә» дегән пикирләрни бериду. У жиғиндин кейин Ғулжиға қайтип келиду. «Стиль түзүтиш һәрикитидә» Ясин һаҗимни «Йәрлик милләтчи өнсүр», «Синипий тәркиви ят, инқилапқа қарши өнсүр» дәп күрәш қилишқа башлайду. Дадиси Маһмуд Худабәрдиниң түрмидә йетиватқанлиғи аз кәлгәндәк, униң өзиниму түрмигә ташлаш хәвпи пәйда болиду. Ясинҗан биринчидин, өзини сақлап қелиш; Иккинчидин, атисини қутқузуп қелиш үчүн вәтәнни тәрк етишқа қарар қилиду. 1959-жили, Совет Иттипақиға чиқип, Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә келип орунлишиду. Аз вақит өтмәй «Фрунзе» намидики йеза егилик машинилирини ясаш заводиға ишқа кириду. У йәрдә 1959-жилдин 1969- жилиға қәдәр заводниң инструментал сехида ишләйду. Өзиниң әмгәк паалийәтлиридә жуқури нәтиҗиләргә еришкәнлиги үчүн завод мәмурийити тәрипидин бирнәччә қетим «Һөрмәт граммотиси», медаллар вә маддий мукапатлар билән тәқдирлиниду. Лекин завод һаваси униң саламәтлигигә тәсир көрсәткәнлиги сәвәвидин, у 1969- жили, Төмүр йол қатнаш идарисиға йөткүлүп, проводник болуп ишләйду. Бу йәрдиму у өзиниң зерәк, ғәйрәтлик вә тиришчан екәнлигини намайән қилиду. Төмүр йолда ишләш җәриянида «Төмүр йолда хизмәт көрсәткән илғар төмүр йолчи» дегән медал вә бирнәччә маддий мукапатларни елишқа муйәссәр болиду. 1991- жили «Әмгәк



ветерани» болуп пенсиягә чиқиду. Ясин һаҗим Маһмуди 2018-жили, 7- май күни Бишкәк шәһиридә вапат болди.

Ясинҗан Маһмудиниң әдәбий иҗадийити оттура мәктәптә оқуватқан чағлирида башланған. Униң «Түлкиниң һелиси» намлиқ тунҗа шеири 1953- жили, «Или гезитидә» бесилған. Бу шеирида Суйдүң ишчилар уюшмисида жиғилған пулни бухгалтер хитайниң хиянәт қилғанлиғини паш қилип язған. Кейинки сәясий һәрикәтләрдә әнә шу шеир үчүн күрәшкә елинған. Шу сәвәплик Ясинҗан кейинки язған шеирлирини мәтбуатта елан қилдурмиған. Ясинҗанниң һаятидики алаһидә сәһипә дәп шуни тәкитләш лазимки, у пенсиягә чиққандин кейин қолиға қәләм елип, вәтән, милләт азатлиғи йолида елип бериватқан иҗтимаий, сәясий, қануний қәләм күришгә җан дили билән паал қатнишип кәтти. Мошу ахирқи 10-15 жил җәриянида «Виҗдан авази», «Иттипақ» гезитлири сәһипилиридә у давамлиқ шеир, һекайә вә сәясий мақалиларни елан қилип турди. У өзиниң қолида қәләм елишиниң сәвәбини «Қәләм алай қолумға» намлиқ шеирида наһайити еник билдүргән.

Ей, Худа, мәдәт бәргин қәләм алай,
Жүрүгүм вәтән үчүн болди парә.
Илтиҗа қилай достқа дәртлиримни,
Қәләм-лә, яв көксини қилғай парә.[1]

Ясин һаҗим Маһмудиниң «Һаят йоли» (2004), «Вәтәнгә муһәббәт» (2011), «Болғин мәрданә» (2016) намлиқ китаплирида униң шеирлири, һекайилири, мақалилири бесилип чизти. Ясин һаҗим Маһмудиниң шеирлириниң көпчилиги ана-вәтән, әзиз тупрақ, муһәббәт, достлуқ темилириға беғишланған. Поезда проводник болуп ишлигән чағлирида Совет Иттипақиниң нурғун шәһәрлирини көргән. Пенсиягә чиққандин кейинму сода-тиҗарәт билән чәт мәмликәтләргә барған. Әнә шу сәяһәтлиридиму өзиниң ана-вәтинини башқа җайлардин үстүн көрүп, сәргарданлиқ һаятиға ечинип, мундақ дәп язиду:

Ратқан, мән бир надан бәндәң едим,
Кәчүргин билмәй қилған гунаһимни.
Қитьәләр көрүп кәлдим сәйяһ болуп,
Тапмидим вәтәнимдәк панаһимни. (2)

Өзиниң туғулуп өскән жутидин айрилип чәт мәмликәтләрдә сәргәрдан болуп жүргинидә өз вәтинини әсләш, сеғиниш һессияти күчийиду. Шундақму кишиләр барки, улар қәйәрдә яшаватқан болса, әнә шу зиминни өзиниң вәтини дәп һесаплап, өзиниң шәхсий һаяти қизиқчилиғи билән һаят кәчүриду. Әлбәттә, өз вәтинигә болған муһәббәт инсанларниң вижданиға бағлиқ. Ясинжан «Мениң виждиним» намлиқ шеирини өзигә охшаш вәтинини тәрк етип, чәт мәмликәтләрдә мусапир болуп жүргән жутдашлириға қарита язған.

Сениң әвладиң болди сәргәрдан,
Ятларға ташлап өз диярини,
Ана жутида болди мусапир
Таттуруп қоюп қолида барини.
Өзәңни ойлап қахшатма әлни,
«Болғин мәрданә» деди виждиним. (3)

Шаирниң виждани уни кечә-күндүз өз вәтининиң азатлиғи, әркинлиги үчүн күрәшкә үндәйду. У өзиниң виждан һөкүмини мундақ изһар қилиду.

Чиқип мәйданға көкрәкни керип,
Жаһанға аңлат хәлқим зарини.
Адаләтпәрвәр жәмий инсанлар,
Ажиритип алсун ақ вә қарини.
Әвладим сәндин разимән болсун,
Дәп маңа һөкүм қилди виждиним. (4)



Оттура Асиядә яшаватқан қериндаш өзбәк, қазақ, қирғиз вә башқилар өзлириниң мустәқил дөлитини қуруп, дуния жамаәтчилигигә тонулуп, ихтисадий вә мәдәний турмушлирини гүлләндүрмәктә. Мустәқиллиқ тойлирини ойнап, шатланмақта. Уйғур хәлқи болса, йәнә шу хитай мустәбитлириниң қолида азап чәкмәктә. Шаир өз вәтини Уйғуристанниңму қериндаш хәлиқләргә охшаш азатлиққа еришип, хошаллиқ тойларни нишанлайдиған күнлириниң келишигә ишәнч билдүриду. Ясинжанниң «Ухлимаймән» намлиқ шеирида бу пикир очуқ йезилған.

Атти таң, пүтүн аләм кәтти йоруп,
Әнди мән ғәпләт ичрә ухлимаймән.
Пат-йеқин, мәнму бәхит тойин ойнап,
Достлардәк шатлинимән, тохтимаймән. (5)

Дәп йезип, Уйғуристанниң мустәқил дөләт болушиға оптимистик билән көз қарайду. Әлбәттә, мустәқиллиқ өзлигидин кәлмәйду, униң үчүн күрәш вә йәнә күрәш керәк, шаир күрәшсиз мустәқиллиқниң қолға кәлмәслигини «Һаят йоли» шеирида мундақ язиду.

Шуңа мән бәхитни күрәштә дедим,
Күрәшсиз өтмәйду өмүр бир саат. (6)

Демәк, шаирниң һәр бир саати күрәш билән өтидиғанлиғини очуқ изһар қилиду.

Ясинжан Маһмуди шеирлириниң шәкли хилму-хил, тематика мәзмуни кәң, идеявий мәзмуни чоңқур, тили йеник вә раван, тәсвирий жанлиқ вә образлиқ, һессияти жошқун вә муһәббәт нәприти ениқ болуштәк хусусийәтләргә егә.

Шаир Ясинжан Маһмуди өзиниң «Һаят йоли», «Қәшқирим», «Ухлимаймән», «Тәйяр туруң», «Хар қилмаймән анамни», «Таянчимиз анам сән», «Таң атарму?», «Қәләм алай

қолумға», «Азар бәрмә мискин дилимға», «Тақитим йоқ», «Сатма», «Күрәш өлмәйду», «Көрүп кәлдим», «Болдум» қатарлиқ көплигән шеирлири арқилиқ өз хәлқини, болупму яшларни вәтәнпәрвәрлик роһта тәрбийәләштә муһим роль атқурди.

Ясин һаҗим Маһмуди шаир болупла қалмай, бирнәччә һекайиларниң автори. «Таҗихан», «Виждан азави», «Пути сунған док ешәк», «Троллейбуста», «Төмүр қанатлиқ қушлар», «Бу дәрдимни кимгә ейтимән», «Қәпәздики төти қуш», «Хаинниң каллиси», «Айлиханниң күлкиси» қатарлиқ һекайиларни язған. Язғучи бу һекайилиридә Уйғуристанда вә Совет Иттипақи дәвридә уйғурлар арисида өзи көргән вә аңлиған бәзи вақиәләрни типикләштүрүп йезип чиққан.

Ясинҗан Маһмудиниң иҗадийитида сәясий публистикилиқ мақалилири кәң оқуғучилар тәрипидин алқишқа сазавәр болди. Болупму, униң «Тәғдиримиз өз қолимизда», «Бепәрва туралмаймиз», «Дүшмәндин үгинәйли», «Етиқатимизда чиң турайли», «Синақ» «XXI-әсир босуғисида», «Милләтни сөйүши идеясини тикләйли», «Сәясәттин чәттә туралмаймиз», «Әсирләр садаси», «Милләтниң ғеми кимниң бойнида», «Милләтчилик дегән немә?», «Биз нәгә кетип баримиз?», «Униң жилтизи нәдә?», «Вәтән давасини ким қилиш керәк», «Милләт мәнпийити һәммидин әла», «Вәтән даваси – мустәқиллиқ үчүндур», «Бизгә пәқәт әркинлик керәк» қатарлиқ сәясий–нәзәрийәвий мақалиларни йезип, миллий мустәқиллиғимиз һәм вәтән дәваси һәққидики өзиниң мулаһизилирини оттурға қоюп, хәлқимизниң миллий ғururини ойғутуш йолидики күришимизгә өзиниң һәссисини қошуп кәлди. Шундақла, «Миллий ғururимизни йоқатмайли», «Миллий ән-әньәнилириимизни сақлап қалайли», «Миллий урп-адәтлириимиз һәққидә», «Миллий тилимиз һәққидә», «Тили йоқ милләт болмайду», «Милләт мәнпийити һәммидин әла», «Әдәп-әхлақ тоғрисида бәзи пикирләр» қатарлиқ мақалиларни йезип,



хәлқимизниң милләт сүпитидә сақлинип келишиға вә тәрәққий қилишиға тәшәббускарлиқ қилди.

Ясин һаҗим Маһмуди өзиниң миллий һессият билән суғурулған шеирлири, һекайилири, вәтәнпәрвәрлик роһ билән йезилған сәясий мақалилири арқилиқ Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң тәрәққий қилишға өзиниң һәссисини қошти.

---


1. Ясин һаҗим Маһмуди. Қәләм алай қолумға. Һаят йоли. - Бишкәк. 2004, 26-бәт.
2. Ясин һаҗим Маһмуди. Қәдәм алай қолумға. Һаят йоли. 26-бәт.
3. Ясин һаҗим Маһмуди. Мениң вижданим. Һаят йоли. 46-бәт.
4. Ясин һаҗим Маһмуди. Мениң вижданим. Һаят йоли. 46-бәт.
5. Ясин һаҗим Маһмуди. Ухлимаймән. Һаят йоли. 18-бәт.
6. Ясин һаҗим Маһмуди. Һаят йоли. 15-бәт.
7. Ясин һаҗим Маһмуди. Вәтәнгә муһәббәт. – Бишкәк. 2011.
8. Ясин һаҗим Маһмуди. Болғин мәрданә. - Бишкәк. 2017

# Уйғуристан - униң тени вә жени

Абдуманнап Қасим Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң шәкиллинишигә вә униң тәрәққий қилишиға салмағлиқ һәссисини қошқан шаирлиримизниң биридур.

Абдуманнап Қасим 1932- жили, Уйғуристанниң Шихо шәһиридә зиялий аилисидә дунияға кәлгән. У Шихо толуқсиз оттура мәктивини тамамлап, 1949- 1950- жиллири Или Әхмәтжан Қасимий намидики билим юртида оқуйду. 1950- жили, Үрүмчи Дарилпунуниға оқушқа чүшүп, бир жил оқуғандин кейин, 1951-жилиниң ахирида Дарилпунун оқуғучилири билән Кучар, Тоқсун, Шайяр вә Қәшқәр шәһәрлиригә әвәтилип, у йәрләрдә «Ижарә кәмәйтиш», «Йәр ислаһатини жүргүзүш» хизмәтлиригә қатнишиду. 1954- жили, май ейида Үрүмчигә қайтип келип «Шинжаң гезитидә» мухбир, тәһрир болуп ишләйду. Шу жиллири Абдуреһим Өткүр «Шинжаң гезитидә» тәржиман болуп ишләтти. Абдуманнап Қасим Абдуреһим Өткүр билән тонушиду. Шаир Абдуреһим Өткүр билән тонушуш А. Қасимниң әдәбий ижадийитиниң йүксилишигә зор тәсир көрсәткән. 1956- жили, Бейжин радиостансийәсиниң уйғурчә аңлитиш бөлүмидә диктор, 1957- жили, Бейжин «Милләтләр нәшириятида» корректор, тәһрир болуп ишләйду. «Милләтләр нәшриятида» Ибраһим Мутий билән тонушиду. Шу чағда Ибраһим Мутий «Милләтләр нәшриятида» уйғур бөлүминиң башлиғи болуп ишләтти.

Абдуманнап Қасим 1957- 1958- жилларда жүргүзүлгән «Стиль түзүтүш» һәрикитидә: «Биз уйғурлар моңғолчилик болалмидуқ» дегән сөзи үчүн «Милләтчи» атилип, Бейжин су амбириға әмгәк билән өзгәртиш лагериға әвәтилиду. А. Қасим 1958- жилиниң ахири Үрүмчигә қайтип келиду. Үрүмчидә униң нәшрияттә ишләшкә рухсәт бәрмәйду. У 1958- 1963- жиллири Үрүмчи вә Ғулжа шәһәрлиридә һәр түрлүк хизмәтләрдә болған.

А. Қасим 1963- жили, Қазақстанға, кейинирәк Қирғизстанниң Қәнт наһийәсиниң Ново-Покровка йезисиға



көчүп келип, сода саһасида ишләйду. 2008- жили, жүрәк кисили билән вапат болди.

Абдуманнап Қасим мәктәптә оқуп жүргән чағлирида әдәбиятқа қизиққан. У Алмута, Ташкәнт шәһәрлиридә нәшир қилинған уйғурчә, өзбәкчә китап, гезит вә журналларни оқатти. Рус шаирлири: Алексадир Пушкин,Михаил Лермонтов,Сергеи Есенин, татар шаири: Абдулла Тоқай, өзбәк шаир-язғучилири Чүсти, Абдулла Қадир, Ғопур Ғулам, Хәмит Алимжан вә башқиларниң шеирлирини оқуп, ядқа алатти.

1954- жили, «Шинжаң гезитидә» ишләватқан чағлирида Абдуреһим Өткүрниң шеирлирини оқуп, униңда шеирийәткә болған қизиқиш техиму күчәйди. У Абдуреһим Өткүрниң «Тарим бойлирида», «Жүрәк муңлири» шеирлар топлимини оқуп тонушиду. Униң дунияға көз караш нәзәр даириси кеңийиду. Шу жиллардин башлап А.Қасим Абдуреһим Өткүрни өзиниң устази дәп тонуйду. Униң «Устазимсән» дегән шеири А.Өткүргә беғишлап йезилған.

Устазимсән, мурәббимсән, таянчимсән,
Қолум тутуп йол башлиған йолчимсән.
Булбул қанат қаққан таңда ойғунуп,
Гүл ишқида нава қилған сазчимсән.
Әждатлардин қалған мирас байлиқни,
Әвладимға йәткүзгүчи әлчимсән.(1)

Абдуманнап Қасимниң «Сени күйләймән» намлиқ биринчи шеири 1956-жили, мәтбуатта елан қилинған. Шуниңдин кейин униң шеирлири гезит вә журналларда бесилди. Қирғизстанға көчүп кәлгәндин кейин униң язған шеирлири «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят», «Иттипақ», «Виждан авази» гезитлириниң сәһипилиридә бесилип турди.

1994- жили, қирғиз тилида чиққан «Үмүтүм мениң ата журт» намлиқ топламида, 2001- жили, Йүсүп Баласағуни намидики Қирғизстан Миллий университети Уйғур филология

факультети тәрипидин тәйярлап нәшердин чиққан (түзгүчи Әкбәржан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик-хрестоматия китавида Абдуманнап Қасимниң бир түркүм шеирлири берилгән. Абдуманнап Қасимниң «Хәлқимгә» намлиқ шеирлар топлими 2008- жил, Бишкәк шәһиридә нәширидин чиқти.

Абдуманнап Қасимниң шеирлирида муһәббәт, ана вәтән, әзиз топрақ, достлуқ, һаят көрүнүшлири вә тәбиәт мәнзирилири ярқин ипадиләнгән. Униң тунҗа шеири «Сени күйләймән» муһәббәт мавзусиға йезилған.

Һәҗәп бир һис ойғанди мәндә,
Сени көрүп саһипҗамал қиз.
Муһәббитиң ойғанди мәндә,
Җүрүгимдә қалдурдиң бир из.

Өчәрму бу из? Өчмәс мәңгү,
Өчмәс болуп қалған мениңдә.
Өчәрмәсмән мәңгү та әбәт,
Бу яш җеним болса тенимдә. (2)

Абдуманнап Қасим көп шеирлирини ана вәтән, әзиз топрақ вә икки әсир мустәмликә асаритидә азап чекиватқан уйғур хәлқигә беғишлап язиду. Шаирниң өз хәлқигә, вәтинигә беғишлап язған шеирлиридин «Милләткә», «Мән шәрқтин болимән», «Милләтниң йолида чапайли кәтмән», «Қәрзим бар», «Ялғуз мән», «Бүгүн», «Хәлқимгә», «Уйғурум», «Уйғуристаним» вә башқилар бар.

Шаир «Хәлқимгә» шеирида:

Әй, мениң әсирләр дозақта көйүп,
Җәннәтниң немилигини билмигән хәлқим!
Һәсрити җүрәктә қан болуп уюп,
Бу йоруқ аләмдә күлмигән хәлқим! (3)



Шаир «Хәлқимгә» намлиқ бу шеирида өз хәлқиниң икки әсирдин буян мустәмликә асаритидә яшап, дозақта көйүватқанлиғи, җәннәтниң немилигини билмәй бу дунияда ғәмқайғуда яшаватқанлиғини язиду. Қалған куплетлирида болса, уйғур хәлқиниң қәдимдин тартип мустәқил дөләт қурғанлиғини, Маһмут Қәшқәр охшаш дунияға даңлиқ алимлириниң чиққанлиғини, бүгүнки күндә әнә шу мустәқиллиғидин айрилип бәхитсиз хәлиқ болуп қалғанлиғини тәкитләйду.

Абдуманнап Қасим «Күз тәсирати» намлиқ шеирида, күз пәслини тәсвирләш билән уйғур хәлқиниң бүгүнки пажиәлик һаятини көрситиду.

Күз, шамал, сарғайған йешил япрақлар,
Бу еди көкләмниң һеҗран бәлгүси.
Хиялим һемишәм ана тупрақта.
Дилимни езәтти униң кәлгуси.
- - - - - - - - - - - - - - - - - - - - -
Дәрәхтә йетим япрақ титрәйду,
Ана қучиғида бовақ инрайду.
Көкни қаплиғанналә, пәриятини,
Билмидим аләмдә кимләр тиңлайду.

Күз, шамал, сарғайған йешил япрақлар,
Дилимда нә шатлиқ, нә бир тәнтәнә!
Хиялимда әшу әзиз тупрақлар,
Һиҗранниң азави башланди йәнә. (4)

Абдуманнап Қасим шеирлирида өз вәтини Уйғуристандин айрилип җудалиқта өткән һаяти, вәтинини сеғиниш һес туйғулири билән йезилған. У өз вәтинини тәрк етип чиқип кәткәнлигигә бәк ечиниду. Бу униң «Әл қуралмидим» шеирида очуқ көрүниду.

Кәчургин әй егәм,бу ғапил бәндәңни,
Сән бәргән зиминда тик туралмидим.

Муқәддәс кәбәмгә иблис киргүзүп,
Хатаға йол қойдум, әл қуралмидим. (5)

Шаир өз вәтинидин айрилип чәт жутларда мусапир болуп яшисиму, йәнә вәтинининиң аманлиғини тиләйду. Бу көз қараш униң «Вәтиним сән аман бол» шеирида очуқ ипадиләнгән.

Мән журимән башқа жутта, вәтән саңа зар болуп,
«Қачақ» дегән намим кәтти, йәр жаһанға жар болуп.
Өмрүм өтәр һәр қәйәрдә житимсирап, хар болуп,
Мусапирлиқ қийнайду жан, вәтиним сән аман бол. (6)

Абдуманнап Қасим өзиниң «Уйғуристаним» намлиқ шеирида вәтәнни мәдһийләп мундақ язиду:

Тенимдә җенимсән Уйғуристаним,
Сениңдин айрилсам һалсиз бу җеним.
Томурда қенимсән гүл-гүлистаним,
Қенимдин айрилсам җансиз бу теним. (7)

Шаирниң бу мисрасидин биз вәтәнпәрвәрликниң ярқин симасини көримиз. У вәтәндин айрилип қәйәрдә жүрмисун, вәтән униң тени вә җени.

Совет Иттипақи парчилинип, Оттура Асиядики қериндаш хәлиқләр өзбәк, қазақ, қирғиз, туркмән вә башқилар өз мустәқиллигини қолға алғандин кейинки һаяти шаир қәлбини тәврәтмәй қоймиди. Шаир «Қирғиз хәлқигә» намлиқ ғәзилидә қирғиз хәлқиниң мустәқилliққә еришип, хошаллиқ той мәрикилирини өткүзиватқанлиғини, уйғур билән қирғиз хәлиқлириниң қәдимдин тартип бир туққан қериндаш хәлиқләр екәнлигини, келәчәктә уйғур хәлқиниңму шундақ һөрлүккә еришишини үмут қилиду.



Вәтиниңдә истиқлалниң теңи атти қирғизим,
Һөкүмдарлар зулмитиниң күни патти қирғизим.

Асминиңда юлтузлириң чақнап кәтти қирғизим,
Боран чиқип булутларни башлап кәтти қирғизим.

Мустәқиллиқ алғиниңда қин-қиниға патмастин,
Уйғурларниң жүрәклири яшнап кәтти қирғизим. (8)

Дәп, қиргиз хәлқиниң мустәқиллигигә уйғур хәлқиму чоң хошаллиқ билән қарши алғанлиғини тәкиткәйду.

Абдуманнап Қасим өз шеирлирида икки әсирдин бери қуллуқ түзүмдә азап чекиватқан уйғур хәлқиниң пажиәлик һаятини тәсвирләш билән, бу қуллуқтин қутулушниң бирдин бир йоли «Хитай мустәмликичилирини Уйғуристандин қоғлап чиқириш керәк», дәп тонуйду. Бу көз қараш униң «Вәтинимдин чиқип кәт» намлиқ шеирида очуқ көрситиду.

Вәтән мениң, тарих гува, вәтинимдин чиқип кәт,
Хәлқим турар қилип дәва, вәтинимдин чиқип кәт
Давайим һәқ, аләм гува, вәтинимдин чиқип кәт,
Атом йерип буздуң һава, вәтинимдин чиқип кәт.

Сениң билән миң қайнатса қошулмайду қенимиз,
(охшимайду урп-адәт, етиқат вә динимиз)
Җан чиқсиму ана журттин айрилмайду тенимиз,
Чүнки унда төкүлгән бизниң киндик қенимиз.
Сениң билән яшимаймән, вәтинимидин чиқип кәт! (9)

Шаир «Вәтинимдин чиқип кәт» намлиқ бу шеирини 1991-жили язған. Шеир Уйғуристан азатлиқ тәшкилатиниң жиғин вә қурултайлирида оқулуп, көпчиликниң алқишиға сазаввәр болған. Чүнки, бу шеир ялғуз Абдуманнап Қасимниң авази болмай, нәччә он миллионлиған уйғур хәлқиниң авази еди.

Абдуманнап Қасим шеирлирида Уйғуристанниң чоқум мустәқиллиққә егә болушиға ишәнчә билдүриду. Бу көз қараш униң «Ризвангүл» намлиқ шеирида очуқ ипадисини тапқан.

Жиллар атлап биз келимиз узақтин,
Хәлиқ техи қутулмиди тозақтин.
Әҗнәбиләр ташливәткән дозақтин,
Йәнә байрақ көтәрдуқ биз Ризвангүл.

Байриғимда қанлириңниң изи бар,
Әҗдатларниң йезип қойған сөзи бар.
Уйғуристан дегән мунчақ көзи бар,
Сени ядлап биз келимиз Ризвангүл.

Сени ядлап биз йоқлаймиз қәврәңни,
Роһиң көрәр гул көтәргән нәврәңни.
Вәтиниңдә бәхти күлгән әврәңни,
Шунда роһиң хошал болур Ризвангүл. (10)

Абдуманнап Қасим 1956- жилидин тартип шеир йезишқа башлиған болсиму, у бәзи шеирлирини мәтбуатта елан қилдурмиған. Чүнки, у 1945- жили, Шәрқий Түркистан миллий армияси билән хитай қошунлири оттурисидики шиддәтлик қанлиқ җәңләрни өз көзи билән көргән. Шуңлашқа, хитай коммунистлириниң һөкүмранлиғиға қаттиқ нарази болуп жүргән. Шу сәвәп коммунистик түзүмни, коммунистик партияни мәдһиләшни өзигә ят көрәтти. 1991- жили, Совет Иттипақи парчилинип, қериндаш милләтләр өзбәк, қазақ, қирғиз, түркмән, әзәрбәйҗан вә башқилар өз мустәқиллигини қолға алғандин кейинла униң иҗади бих урушқа башлиди. Абдуманнап Қасимниң кейинки жилларда язған шеирлири пикирниң очуқлиғи, һиссиятниң күчлүклиги билән алаһидә етиварға егә. Униң шеирлирини оқуғинимизда, ана вәтәнгә қизғин муһәббәт, басқунчиларға қаттиқ нәпрәт, Уйғуристанниң



азатлиғиға чоңқур ишәнчә һасил қилимиз. Чүнки, Аблуманнап Қасим барлиқ аңлиқ һаятини Уйғуристанниң азатлиғиға беғишлиған вәтәнпәрвәр шаирдур.

---


1. Абдуманнап Қасим.Устазимсән. Хәлқимгә. - Бишкәк, 2008, 12- бәт.
2. Абдуманнап Қасим. Сени күйләймән //Қирғизстан уйғурларниң әдәбияти. -Бишкәк, 2001, 130- бәт.
3. Абдуманнап Қасим. Хәлқимгә //Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. -Бишкәк, 2001, 136-бәт.
4. Абдуманнап Қасим. Күз тәсирати //Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. -Бишкәк, 2001, 133-бәт.
5. Абдуманнап Қасим. Әл қуралмидим //«Иттипақ». - Бишкәк,1997, №5.
6. Абдуманнап Қасим. Вәтиним сән аман бол. // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. -Бишкәк, 2001, 139- бәт.
7. Абдуманнап Қасим. Уйғуристаним. Хәлқимгә. -Бишкәк, 2008, 36- бәт.
8. Абдуманнап Қасим. Қирғиз хәлқигә //«Иттипақ» - Бишкәк, 2003, №9.
9. Абдуманнап Қасим. Вәтинимдин чиқип кәт // «Иттипақ», - Бишкәк, 2008, № 6.
10. Абдуманнап Қасим. Ризвангүл. Хәлқимгә. -Бишкәк, 2008, 34- бәт.

## Пән вә мәдәнийәткә беғишлиған һаят

Исраил Ибрагимов - рус тилида язидиған қирғизстанлиқ уйғур язғучиси, геология – минералогия пәнлириниң намзити, СССР язғучилири вә киноматографистлири иттипақлириниң әзаси, Қирғизстанда хизмәт көрсәткән мәдәнийәт әрбаби.

Исраил Мөмүнахун оғли 1933- жили, 24- декабрь күни Қирғизстанниң Иссиқ-Көл вилайити, Ананьево йезисида туғулған. Униң дадиси Мөмүнахун- Шәрқий Туркистанниң Ақсу шәһиридин болуп, саватлиқ киши еди. Өз вақтида Қазан шәһиридин чиққан китапларни сетип елип оқатти. Дадисиниң бош вақитларда Фирдавсийниң «Шахнамә» китавини оқуп бәргәнлигини Исраил Мөмүнахун оғли даим әсләтти. Аниси-Чолпанхан Шәрқий Туркистанниң Артуш шәһиридин.

Исраил Мөмүнахун оғли 1952-жили, рус мәктивини түгитип, Москвадики Шәрқшунаслиқ институтиниң Хитай тили факультетиға оқушқа чүшиду. Бу билим дәргаһида бир жил оқуғанда факультет йепилип кетиду. У Москва шәһиридики геология институтиға оқушқа йөткилиду. Кейин Фрунзе Политехника институтиниң тағ-геология факультетиға йөткилип, уни 1959- жили тамамлайду. Институтни түгәткәндин кейин, Қирғизстан пәнләр академиясиниң геология институтида 17-жил ишләйду. 1976-жили болса кандидатлиқ диссертасиясини яқлайду. У лаборантлиқтин пән кандидати дәрижисигә йетиду. 1967- 1994- жиллири Қирғизстан Дөләт Миллий университетиниң геология факультетида доцент болуп ишләйду.

1993- жилдин башлап уйғур мәдәнийитигә ярдәм бериш «Тәңри-Тағ» фондиниң рәиси, 80-жилларниң оттурлирида уйғурларға аит темиларни яритишта (сценария муәллипи, фильмни қоюшниң рәһбири вә башқилар), уйғурлар тоғрулук «Төрт портрет» (алим, пешқәдәм ишчи ака-укилар, сәнъәт әрбаби вә башқилар) фильмини қоюшта, 1993 - жилида Қирғиз



телерадиокомпаниясида уйғур тилида радио вә телекөрсүтүшләр қурулушиниң актив иштиракчиси болди.

1994- жили, Қирғизстан Дөләт Миллий университетиниң Хәлиқара билим бериш программилири бойичә Интеграция институтида Уйғур филология факультети тәсис қилинип, шу жилдин башлап Исраил Ибрагимов факультетниң мудири болуп ишлиди.(2011-жили августа факультет йепилған).

Шу вақитлар ичидә факультет 15 қетим алий мутәхәссисләрни тәйярлап чиқарди, факультетни пүттәргән яш мутәхәсисләр һазир һәр хил гуманитарлиқ саһаларда (мәктәпләрдә вә башқа мәһкимиләрдә) Қирғизстан, Қазақстан вә Өзбәкистан республикилирида ишләватиду.

И. Ибрагимов Қирғизстан миллий пәнләр академиясидә ишләп жүрүп, геология саһаси бойичә 40 тин ошуқ илмий мақалә вә икки чоң монография язған. Бу илмий әмгәклири сабиқ СССР жумһурийәтлириниң мәтбуат сәһипилиридә вә айрим китап болуп бесилип чиққан. Алим көплигән илмий әнжүмәнләрдә һәр хил мавзуларда докладлар қилип кәлгән. Алимниң «Қирғизстанниң рәңлик ташлири», «Өзгәнниң көмүр бассейни» намлиқ монографиялири һәқиқий мәнада жумһурийәт алий оқуш органлирида яшларни тәрбийәләш, билим беридиған қолланмиларға айланған. Әнә шу әмгәклири арқилиқ Қирғизстан жумһурийити бойчә геология саһасида көрнәклик алимлар қатарида орун алди.

И. Ибрагимов пәқәт пән алими сүпитидила әмәс, шундақла журналист, киноматограф, талантлиқ язғучи сүпитидә шөһрәт қазанған уйғур пәрзәнтидур. Униң әсәрлири асасида 21 киносүрәтләр елинған. Униң ичидә икки чоң фильм - сценарий, қалғанлири һөжжәтлик фильмлар. Қирғизстан жумһурийәт киностудиясидә униң сценарийи бойичә ишләнгән «Қара кейиккә йол», «Балилиқ билән хошлишиш» намлиқ толуқ метражлиқ фильмлар, «Йәлкән» намлиқ қисқа метражлиқ, «Очиниң чигир йоллири», «Лава», «Қирғиз сувенирлири», «Қомуз», «Жәңләр-йолдашлар һәққида» намлиқ һөжжәтлик

фильмлар, «Төрт портрет», «Рәссам Бабаджанов», «Уйғур пәдилири» видео вә телеочериклар тамашибинларниң алқишиға егә болған.

Исраил Мөмун оғли Ибрагимов 2015- жили, 19- март күни Бишкәк шәһиридә вапат болди.

Исраил Ибрагимовниң ижадий йоли нурғунлиған язғучиларниң ижадий йолиға охшимайду. Чүнки, у интеллектуал һаятиниң икки муһим саһасини, пән билән әдәбиятни мужәссәмләштүргүчи кәшпиятчидур. Өз әсәрлирини рус тилида әркин язалайдиған уйғур пәрзәндиниң ижадий нәмунилири, уйғур китапханилириға толуқ мәлум әмәс, амма язғучиниң қәлимигә мәнсүп 5 роман, 40 тин артуқ повесть вә һекайилири көп санлиқ рус тиллиқ китап оқуғучилири тәрипидин қизғин алқишиға егә болди.

Униң «Счастье Мамытбека» («Мәмәтбақиниң бәхти») намлиқ повести 1972- жили, «Литературный Кыргызстан» («Қирғизсан әдәбияти») журнилида бесилип чиққандин кейин, биринчи романи «Вкус дикой смородины» («Явайи қариқатниң тәми») (1978), «Созвездие мельниц»(«Бир топ түгмәнләр»),[1] (1987) повесть, романлири Москва вә Фрунзе шәһәрлиридә рус вә қирғиз тилларда нәшир қилинди.

Кейинәрәк язғучиниң «Красные виноградники Арле» («Арлидики қизил үзүмзарлиқлар», «Новогоднее такси» («Йеңи жиллиқ такси» повестлири билән «Цыпленок и самолет» («Жүҗә вә самолет»[2] (1994), «Колыбель в клюве аиста»(«Ләгләк қуш тумшуғидики бөшүк»)[3] (2000), «Тамерлан. Начало пути» («Төмүрләң. Дәсләпки йол»)[4] (2003) намлиқ романлири нәшир қилинди.

И. М. Ибрагимовниң биринчи романи «Явайи қариқатниң тәми» уйғур тилиға тәржимә қилинип, 1986- жили «Коммунизм туғи» гезитидә, «Бир топ түгмәнләр»[5] намлиқ повести 1988-жили «Пәрваз» журналида, «Жүҗә вә самолет»ниң бир қисми «Уйғур авази» гезитидә елан қилинди.



Бишкәк шәһиридә 2001- жили, Қирғизстан Дөләт Миллий университети Хәлиқара билим бериш программилири бойичә Интеграция институтиниң Уйғур филология факультети тәрипидин тәйярлап нәширдин чиққан (түзгүчи: Әкбәржан Баудунов)«Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти»[6] дәрислик-хрестоматия китавида Исраил Ибрагимовниң «Бир топ түгмәнләр» повести киргүзилгән.

2009- жили, Бишкәк шәһиридә язғучиниң «Жүҗә вә самолет»[7] романи билән «Бир топ түгмәнләр» повестлири уйғур тилида айрим китап болуп нәширдин чиқти. Уйғур китапханлири униң уйғур тилиға тәржимә қилинған әсәрлири биләнла тонушти.

Исраил Ибрагимовниң «Явайи қариқатниң тәми» намлиқ романи совет һөкимити дәвридики қирғиз, уйғур вә башқа хәлиқләрниң бешидин кәчүргән хошаллиқ, қайғу-һәсрәтлик күнлири вә ечинишлиқ тәғдири тоғрисида йезилған.

Толен, Шакен, Булбулка, Абдурасул, Қонурбай, Барақан, Сабит, Қадрахун, Борубайлар романда бапларниң нами шуларниң исми билән аталған. Романниң баш қәһримани Мәмәтбақини һәр тәрәплимә шу адәмләр билән болған мунасивәтлири арқилиқ тәсвирләйду.

Мәмәтбақи балилар өйидә чоң болған. У өзиниң һаятида һеч яхшилиқ көрмигән, һәтта бир нәччә қетим иш орнини вә кәспини йөткигән. У өйләнгән, лекин ажришип кәткән. Униң һаятида гәм-қайғу, нәпрәтләрму аз болмиған. Әлвәттә, хошаллиқларму уни чәтнәп өтмигән. Бу киши камчилиқлири йоқ пәриштәләрдин әмәс еди. Лекин униң көңлидә чоңқур адәмгәрчилик йошурулмақта. Бу хисләт һаятиниң әң еғир күнлиридә униңға, адәм болуп қелишиға ярдәм бәрди. Баш қәһриман өзиму буниң билән наһайити пәхирлинәтти.

Ибрагимов романдики өз қәһриманлириниң камчилиқлирини вә алаһидилиқлирини, шулар билән бир қатарда хошаллиқлирини, ғәмқайғулирини вә һәсрәтлирини

яхши билэтти. Шуниң үчүн романда қәһриманниң һәр қайсиси тоғрисида алаһидә баян қилип бериду.

Романниң йәнә бир алаһидилиги шуниңдики, язғучи өз қәһриманлириниң ташқи қияпитини тәсвирләп қалмастин, эксинчә униң иш-һәрикәтлирини, ой-пикирлирини, бир-бири билән болған мунасивәтлирини көрситип бериду. Мисалға алғанда, романниң һеч йеридә "Шакен" яки "Толен"ниң ташқи қияпитини ениқ көрситип бәргәнлиги учурмайду, амма шундақ болсиму, биз уларниң қандақ кишиләр екәнлигини көз алдимизға кәлтүрәләймиз. Толенниң хулқи-мүҗәзи һәққидә әң алди билән биз униң жүрүш-туришидин биләләймиз. Шундақла, башқа персонажларниң униңға болған көз қарашлиридинму билишкә болиду вә мошу арқилиқ униң обризини бизгә алаһидә дурус адәм қилип гәвдиләндүриду.

Ибрагимовниң «Явайи қариқатниң тәми» романи оқуғучиларни диққәт вә чидамлиқ билән һәр бир қәһриманға вә униң ички дуниясиға сәп селип қарашқа мәҗбурлайду.

Ибрагимовниң «Бир топ түгмәнләр» повести Чолпанхан анининң хатирисигә беғишлиниду. Повестниң асасий мәзмуни түгмәнчи тоғрисида. Сюжет асасән авторниң яшлиқ һаятини эсләшкә асасланған.

Әгәр униңдин бирси Карповка йезисиниң бирәр бөлгүсини ейтип беришини сориса-язғучи һеч иккиләнмәй дәрһал "Түгмәнләр", дәп җавап берәтти. Чунки, «Түгмәнләр» һәқиқәтән йеза һаятиға сиңишкән бәлгүдур. Язғучи әсәрниң бешидила тугмәнниң ясилип чиқиши тоғрисида җан дили билән тәсвирләйду. Бир топ йәрлик турғунларниң түгмәнчиниң қандақтур бир әнсиз һес-туйғу билән қаришини, суниң чаққа урулған авазини вә түгмән ишқа киргәндә қарап-байқап турған адәмләрниң һәҗәплиниши вә хошаллиғи билән «манди», «түгмән ишлиди» дегән авазлири тоғрисида ениқ тәсвүрләйду.

Повесттики әң асасий, йәни баш қәһриман түгмәнчи-Зенәтулла Илахунов миҗәз хулқи бирхил, еғир бесиқ киши болуп, өзиниң сөйүмлүк иши билән шуғуллинидиған адәмдур.



Түгмән иши Зенәтулла үчүн адәттики иш болуп қалмай, бәлки «түгмән» униң пүгүн һаятидур. У чоң ишқи билән түгмәнни күтәйду. Уни даим пакизлиқта тутиду. Мәһәллидә бирла Зенәтулланиң түгмини болсиму, у өзини хәлқиниң арисида аддий кишиләрдәк тутуп жүриду. Зенәтуллани хәлиқ ишләмчан, билимчан адәм дәп билгән. Биллә ишләп жүргән ишчилар арисида бирла Зенәтулла орта билимгә егә еди. У бир нәччә жил рәссамчилиқ училищеда оқуған.

Повестта Илахуновлар аилиси, җүмлидин униң аяли Луиза вә бала-җақиси кәң түрдә тәсвирләнгән.

Жуқурида тәкитләп өткәндәк, Зенәтулла түгмәнчи болупла қалмай, талантлиқ рәссам еди. Зенәтулла узақ жиллар давамида аяли Луизаниң көз жумғиниға қаттиқ қайғуруп һәсрәт чекиду. Бу қайғулуқ жилларда Зенәтулла техиму аз сөзләйдиған болуп көпинчә сүрәт сизишқа көңүл бөлиду. Амма дуниядин у адәттики шләмчи адәмдәк өтиду. Йәни тоху катәкни ясаветип, бир аз дәм елишқа олтуриду. Лекин «бир аз дәм алимән»- дәп мәңгүликкә дәм алиду.

Повесть аддий рәссам - түгмәнчи Зенәтулла Илахуновниң һаяти тоғрисида кәң тәсвирлиниду. Зенәтулланиң обризи башқиларға үлгә болуш үчүн хизмәт қилиду.

Исраил Ибрагимовниң «Җүҗә вә самолет» әсәрини һәқлиқ йосунда хәлиқ романи, дәп аташ мүмкин, чүнки, униң қәһримани-Сабирә ача барлиқ җан-тени билән өз хәлқиниң ичидин чиққан инсан, өз хәлқиниң әң яхши вә алаһидә пәзиләтлирини: тирикчиликтики данишмәнлигини, чидамлиғини вә мунайимлиғини, һаятқа қабилийәтликлигини вә көңүлчәклигини, балиларға хас саддилиғини вә тәбиий тәдбирчанлиғини, зерәкликлигини өзидә мужәссәмләштүргән. Йәнә келип, бу аддий уйғур аялиниң хусусийәтлири билән пәзиләтлирини қуруқ санап чиқиш шунчилик җанлиқ, назуклуқ вә сәмимийәтлик билән тәсвирләнгән романниң қәһримани тоғрилиқ тәсәввур һасил қилалмайду. У өзиниң қайғулири вә хошаллиқлири, ғәмлири вә тәшвишлири илкидә олтуриш, улар

униң жүригини әшу бир жумран җүҗигә охшаш чоқуп-чоқуп қойиду. Пүткүл роман бу бир чүштәк яки қәһриманниң өзи билән өзи қурған сөһбәттәк, Сабирә ачиниң фильм-хатирисидәк тәсират қалдуриду. Сабирә ача-Ниғмәт ака Исмаиловниң қизи, Току моздуз Тохтәмниң аяли (Тохтәмниң атиси Закир ака Пазилов) вә ялғуз оғли Адилниң аниси. Тәбийки Адил-Тохтәмниң оғли йүзлигән чоң вә кичик вақиәләрни өз ичигә елип, өтмүштә қалған һаят тоғрулуқ чүш, яки фильм шу дәқиқидә талай ушшақ-чүшәк нәрсиләрни әслитиду. Шу җүмлидин, у шәхсий, аиләвий, миллий вә җамаәтчилик арисида болуп туридиған мажраларниму унтимапту. Бу фильм яки чүш шунчилик устилиқ, шунчилик назуклиқ билән тонулғанки, бәәйни кәштиләрдики нәқишләрдәк бир-бири билән чирмишип гирән селишип кәткән. Узун жиптин тоқулған кәштидәк, Сабирә пазилованиң өмриму әшу көзигә көрунмәйдиған, лекин пишшиқ жип билән өзиниң аилиси, өзиниң жутдашлири, өзиниң хәлқи, өз заманиси-еғир, тола чағларда шәпкәтсиз болған, лекин тәкрарланмайдиған заманиси билән, демәк, әҗайип тирик һаят билән зич бағланған.

Бу Сабирә қизчақ вақтида, униң анисиниң сөзи билән ейтқанда: «Әң муһими җанни сақлап қелиш зөрүр болған, қалғини болса кейин орниға чүшәр», дегән заман еди. Сабирәниң атиси Ниғмәт ака, гоя «йоқитип қойған», һәқиқийтидә болса өз қоли билән йоқ қиливәткән паспортлирниң орниға йеңилирини елиш мүмкин болған чағда, миллити дегән графида адәттики «уйғур» орниға «өзбәк», дәп йезилған еди...

Паспортларни көрситип, у шундақ дәйдиған:

- Бир уста бир қелипта уйғурниму, өзбәкниму қоюпту, бәри бир әмәсму ким дәп йезилғининиң?

Қизчақ Сабирәниң вужудини шу чағда гуман егиләвалғанлиғи ядида: «Әгәр һәқиқәтән уста бир болуп, бир қелипта өзбәкниму, уйғурниму қойған болса, әмсә немишкә ялпуздики барлиқ уйғур өзбәк болушни халайдию, ялпуздики үч аилидин ибарәт өзбәкләрниң уйғур болуш хиялиғиму кирип



чиқмайду. Немишкә уйғурларни хитайниң шпионлири, дәп гәп тарқитишти?» қизчақ Сабирәни шу чағда мана шундақ гуманлар беарам қилғанлиғи техи ядида.

Кейин Сабирә әргә тегип, Тохтәмниң оғли Адилға һамилдар болған вақитта, бәш ака - укилирини дәһшәтлик урушқа узитишқа тоғра кәлди. Улардин пәқәт әң кичигила, өйигә қайтип келиш несип қилди. Бирақ, униңғиму кезик ағриғидин вапат болған, алтә чиши бар ләқими чашқан укисини тирик көрүшни буйрумиған еди. Кәнҗисиниң арқисидин көп өтмәй аниҗаниму мәңгү көз жумған еди...

Шуниңдин буян Сабирә Пазилова йәнә хелә жил һаят кәчүрди, 30 жил фабрикида ишләп, бир еғиз яман гәп аңлимиди, мукапатларға, соғиларға, тәшәккүрләргә егә болуп, «Бизниң Гагановамиз» аталди. Лекин у өзиниң моздуз ери току Тохтәм билән биллә шунчә жил әмгәк қилған болсиму, пәқәт өзлириниң яхши намини чиқарғини болмиса, башқа һеч қандақ байлиқ топлавалмиди. Улар үчүн әң муһими- шәнигә дағ чүшәрмигәнлиги еди. Пенсиягә чиққандин кейин Сабирә ача шәһәрдики бир мәһкимигә өй сүпәргүчи болуп ишқа орунлашти. Нәқ мана мошу йәрдә бу мулайим аялға барлиқ дәрт - әләм чаплишип, жүригигә җүҗә орунлишивелип, уни барғансери терик чоқуғандәк чоқушқа башлиди. Сабирә ача адаләтсизликкә, қопаллиққа, алдамчилиққа, икки үзлүккә бәрдашлиқ бериши мүмкин әмәс еди. У адил, қәлбигә йеқин адәмләр үчүн бәк көйүнәтти. Ахири, униң үчүн анчә яхши болмиған күнләрниң бирида, Закир акиниң оғли, йәнә өзиниң ери Тохтәм билән биллә палкөз Баратахун қизиниң тойиға бармақчи болуп тәйярлиқ көрүватқан чағда, җүҗә жүрәк қепини чоқуп тешивитип, мәхситигә йәтти, Сабирә җан тәслим қилип, пани дунияға - һеч ким арамини бузмайдиған дунияға кәтти.

Роман китапхан қәлбидә ғува тәшвиш вә һаяҗанлиниш қалдурған һалда, уни барлиқ керәксиз - ярамсиз нәрсиләрдин хали қилған һалда, жүрәкни йорутқан вә ой - пикирни йүксәк көтәргән һалда тамамлиған.

«Жуҗә вә самолет» романи - әхлақий, пәлсәпәвий мәзмунға егә, йәни - аилиниң муқәррәрлиги, муқәддәслиги вә күчи тоғрулуқ, байликтин вә билимликтин көрә әхлақийлиқниң муһимлиғи тоғрилиқ, өз миллий мәнбәлирини еһтиятлиқ билән асираш тоғрулуқ, әтрапиңдикиләр билән мунасивәт - муамилидә әдәплик вә сипайи болуш тоғрилиқ йезилған. Әшу Сабирәму һәммигә, ери билән оғлиға; оғли бу яқта турсун, һәтта кичиккинә «пистәк» намлиқ иштиғиму даим «сиз», дәп мураҗиәт қилидиған.

Бишкәк шәһириниң «Турар» нәшриятидин 2000- жили, Исраил Ибрагимовниң «Ләгләк қуш тумшуғидики бөшүк» намлиқ романи бесилип чиқти. Бу роман бесилған күнләрниң башлиридинла республикилиқ аммивий-мәтбуат васитилирида жуқарқи иҗабий баһаларға егә болди.

Ярим әсирдин ошуқ вақитни өз ичигә алған бу роман көп җәһәттин муәллипниң тәрҗимә һали тоғрулуқ сөз қилиду. Роман ичидики вақиәләр муәллип тәрипидин әньәнәвий әмәс тилида баян қилинип, униңда адәмниң қәдир қиммити, униң һазирқи заманниң қийин турмушида өз орни үчүн издиниватқан һәрикәтлири тоғрисида әркин хатириләр вә пәлсәпәвий ойлунушлар арқилиқ изһар қилиниду.

Роман өзиниң шәкли, мәзмуни бойичә мурәккәп әсәр. Муәллип өзиниң бу романида толуқтурулған психологиялик вақиә вә көрүнүшләр арқилиқ һәр бир инсанниң һаятида тутқан орни, ой-пикири, турмуш һаятидики мәғлубийәтлири вә утуқлири, һәр хил милләт инсанлириниң чин қериндашлиғи, достлуғи, муһәббити, шәпқәт туйғулири вә һәқиқий, мәңгү, роһий хисләтлири тоғрисида сөз қилиду. «Сән қәйәрдинсән, адәм? У ким? Мән ким?» мана мошиниңға охшаш соаллар романниң бәтлиридә қоюлған. Әсәрниң баш қәһримани уйғур балиси, кинематографист Давут Исмаилов вә униң дости, геолог Жунковский китапниң сәһипилиридә жуқурида қоюлған соалларға җавап бериш үчүн һәрикәт қилиду. Достларниң тәғдири һәр хил болушлириға вә һаятниң еғир синақлириға



қаримастин, уларниң һәр бири һаятта өз орнини тапиду. Кичик чағлиридин башлап виждანлиқ вә әхлақлиқ роһида тәрбийәләнгән бу достлар өмүрлириниң ахириғичә бир-бирсигә болған достлуқ меһридә вә садақәтлигидә қалиду.

«Ләгләк қуш тумшуғидики бөшүк» романи язғучи Исраил Ибрагимовниң нәширдин чиққан алдинқи әсәрлиригә охшаш сюжетниң туюқсиз бурулуши вә түзүлиши җәһәттин мурәккәплик, жуқури дәриҗидики қайталмас әсәр. Бу әсәр оқуғучиларни уйғур зиялисиниң роһий дунияси билән тонуштуриду. Романда уйғур зиялийсиниң инсан һаятида мәвҗут болуватқан муттәһәмлик, дүшмәнлик, бир-бирсигә болған өчмәнлик, муһәббәт, рәһим-шәпқәт, турмушимизниң башқа иҗабий вә сәлбий тәрәплиригә нисбәтән тутқан граждანлиқ позитсийәси кәң йорутулған.

Язғучи Исраил Ибрагимов өзиниң «Явайи қариқатниң тәми», «Жуҗә вә самолет», «Ләгләк қуш тумшуғидики бөшүк» романлирида, «Бир топ түгмәнләр» повестида вә башқа әсәрлиридә «аддий» вә «кичик» адәмләрниң, заманимизниң һәр қандақ қийинчилиқлириға қаримастин һаятта мунасип орунни егәлләш үчүн болған интилишлири тоғрисида ой-пикир қилиду; Тәбиәттә вә һаятта, «аддийлар» вә «аддий әмәсләрниң», «кичик» вә «чоң» адәмләрниң болмаслиғиға чоңқур ишиниду.

Һәр бир адәм, йәр қазғучи, тиккүчи, қанчи, геолог, киноматографиячи вә башқилар боламду-буларниң һәр бири айрим бир мурәккәп дуния, амма уларниң һәммисини бир жиғсақ, бу бир-бири билән чәмбәрчас бағланған бир пүтүн тәкрарсиз аләм.

Исраил Ибрагимовни «Аддий адәмләрниң», йәни «кичик адәмләрниң» турмуш-һаяти, һес туйғулири қизиқтуриду вә һаяҗанландуриду. Амма язғучи өзиниң әсәрлиридә «аддий», «кичик» адәмләрниң образлирини һәқиқий инсанийәтниң вәкиллири сүпитидә көрситиш ишида көп уруниду вә униң бу һәрикәтлири ахирида мувәппәқийәтлик билән аяқлишиду. Язғучи өз әсәрлиридә шуни испатлимақчи болудики «кичик

адәмләрниң» һәр бири, жигип ейтқанда мурәккәп дунияримизниң чин намаяндилири болуп һесаплиниду. Муәллип өз қәһриманлирини яхши көриду вә униң уларға болған муһәббити, язғучиниң барлиқ әсәрлиридә кәң орун алиду.

Хуласилап ейтқанда, язғучи Исраил Ибрагимовниң әсәрлири уйғурларниң турмуш һаятиға беғишланған. Уйғурларниң турмуш һаятини рус тиллиқ хәлиқләргә йәткүзүш бу бир чоң әһмийәткә егә мәсилиләрниң бири. Бу тоғрисида атаглиқ язғучи Чингиз Айтматов Исраил Ибрагимовниң «Жүҗә вә самолет» романи тоғрисида язған мақалисидә мундақ дәйду: «Романниң рус тилида йезилип, русчә бесилип чиққанлиги уйғурлар үчүн пайдилиқ. Турмуш реаллиғимиз шундақ шәкилләнгәнки, әң қедимий мәдәнийәткә, пәвқуладдә бай тарихқа егә уйғур хәлқи һәққидә өз дөләтлиригә егә башқа түркий тиллиқ хәлиқлиригә қариганда, әпсуски, наһайити аз кишиләр билиду. Талант билән, өз хәлқигә сәмимийәт вә муһәббәт билән йезилган «Жүҗә вә самолет» романи бу әпсуслинарлиқ бошлуқни йоқитишқа көп дәрижидиму ярдәм бериду»[8]

Исраил Ибрагимов рус тилида язидиған язғучи болуши билән биллә Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң тәрәққиятиға күч қошқан әдиптур.

---

1. Исраил Ибрагимов. Созвездие мельниц (там же роман «Вкус дикой смородины»). Издательство «Кыргызстан», - Фрунзе, 1987. -256 с.

2. Исраил Ибрагимов. Цыпленок и самолет. - Бишкек, 1994. - 128 с.

3. Исраил Ибрагимов. Колыбель в клюве аиста. – Бишкек, 2000. - 395 с.

4. Исраил Ибрагимов.Тамерлан. Начало пути. - Бишкек, 2003.



5. Исраил Ибрагимов. Бир топ түгмәнләр // «Пәрваз». - Алмута, 1988, №2.

6. Исравил Ибрагимов. Бир топ түгмәнләр // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. -Бишкәк, 2001, 37-107- б.

7. Исраил Ибрагимов. Жүҗә вә самолет. «Турар» нәшрияти, - Бишкәк, 2009. - 264 б.

8. Чингиз Айтматов. Өз хәлқигә муһәббәт // «Йеңи һаят».- Алмута, -1995,8-июль.

# Әвлатлар қәлбини мәдһийиләп

Ибраһимжан Илиев 1933- жили, Уйғуристанниң Қорғас наһийәсидики нопуслуқ, илим - мәрипәтчи Закир хәлпәт аилисидә дунияға кәлгән.Башланғуч, оттура билимларни Қорғас вә Ғулжа шәһиридә алған. 1952- 1953- жиллири Бежинда Яшлар иттипақи мәктивидә тәһсил көрүп кәлгәндин кейин,1954- 1956- жиллири Шинжаң комсомол комитетида тәшвиқат-тәрғибатдә ишлигән. 1956- 1960- жиллири «Шинжаң Яшлири» гезитидә баш муһәррир болуп ишлигән. 1960- жили Яшлар комитети бойичә жүргүзүлгән стил түзитиш һәрикитидә бир ай күрәшкә елинип «оңчи», «милләтчи», «оң оппортунист», «ревизионист» дегән қалпақлар киргүзүлүп, әмгәк билән өзгәртиш лагериға-Турпанға бир жилға һайдалған. Шу дәвирдә талай хорлуқларни бешидин кәчүргән Ибраһимжан 1961 - Кеңәш елигә көчүп чиқишқа мәжбур болди. У дәсләп Алмута, Ташкәнт шәһәрлиридә, кейин Қирғизстанниң Аламедин наһийәси, Васильевка йезисида яшап, 1997- жили, 10- октәбрь күни вапат болди.

Ибраһимжан Илиев мәктәптә оқуп жүргән чағлиридила әдәбиятқа қизиққан.У«Шинжаң яшлири» гезитидә һәр турлук темиларда мақалиларни язған.Ибраһимжан Илиев«Коммунизм туғи», «Йеңи һаят» гезитлириниң сәһипилиридә «Достуң қарға болса...»(1), «Меһир гия»(2), «Саманниң тегидә су бар екән»(3), «Сәргәрданлиқта өткән күнләр»(4),«Миңдин бирини ейтсам»(5)вә башқа Уйғуристан муәммаси бойичә бир қанчә тарихий, сәясий вә әдәбий мақалиларни язған.

«Достуң қарға болса...»һәживий һекайисидә язғучи иш орниниң тайини йоқ,бекарчилиқта немә қилишини билмәй,көп вақитларда һарақ ичип, ғораз соқуштуруп, мәсчиликтә бир-бири билән соқушуп, жедәл чиқирип жургән,жәмийәткә қилчә пайдиси йоқ, әхлақсиз кишиләрни тәнқит қилиду.



Ибраһимжан Илиевниң «Сәргәрданлиқта өткән күнләр»намлиқ мақалиси «Йеңи һаят» гезитиниң 1993- жили,7-август санида елан қилинған. Мақалида Шәрқий Түркистан жумһурийитиниң биринчи президенти Әлихан Төрә Сағунийниң 20- 30- жиллардики сәргәрданлиқта өткән һаяти тоғрисида баян қилиду.

Әлихан Төрә Шакирхожаев 1885- жили Қирғизстанниң Тоқмақ шәһиридә туғулған. У дәсләп Әрәбстанда,кейин Бухара шәһиридә оқуған. Ислам дини,ислам тарихидин чоңқур билимгә егә болуп,1920- жили Совет һакимийитидин қечип Қәшқәргә кәлгән болсиму аз вақиттин кейин Тоқмаққа қайтип кәткән.

Ибраһимжан Илиевниң йезиши бойичә, шу күнләрдә Тоқмаққа һөкүмәт сәяситидин қорқуп, мөкуп жүргәнләр аз әмәс еди. Шу сәвәплик Әлихан Төрә Шортопә дегән жайдики туңганлар арисида язлиғи деһқанчилиқ қилип, қишлиғи болса йәнә диний ишлар билән шуғулланған. Әйни вақитта болшевикларниң динсизлиқни тәшвиқ қилиши вә бәзи чала моллиларниң динни қалқан қилип, ислам динини дәпсәндә қилиши овч алмақта еди. Буни көрүп виждани чидимиған Әлихан Төрә хәлиқниң тәливигә мақул болуп,Тоқмақ жами мечитиниң имами болған. Шуниңдин башлап һәр жүмә намизи, һейт-айәмләрдики жиғилишларда тәшвиқ жургүзүп, динсизлиққа қарши паалийитини башлавәткән еди.

1922- жили Ат-Баши, Нариндики орунлар Бондарев башчилиғидики болшевиклар һөкүмитигә қарши қозғилаң көтәргән еди. Қозғилаң болшевиклар тәрипидин рәһимсизлик һалда бастурулған. Шу сәвәплик Тоқмақ вә Бишкәк шәһәрлиридә нурғун кишиләр қолға елинған. Шулар қатарида Әлихан Төриму тутқун қилинип, йәр асти турмисигә қамалған. Турмидә үч ай ятқандин кейин қоюп берилгән. Аридин бир қанчә жиллар өткәндин кейин, йәни 1930- жили Әлихан Төрә болшевикларниң террорлиғидин өзини сақлап қелиш үчүн аилиси билән Тоқмақтин Ғулжиға кәлгән. Бу вақитларда Уйғуристан зиминида чоң сәясий ишлар болувататти.1928-

жили, Яң Зиңшиң өлтүрүлгәндин кейин ,Җиң Шурин һакимийәтни егәллигән. Җиң Шурин тәхиткә чиқип, күп өтмәй, йәни 1931- жили, Қумул хәлқиниң Ғоҗанияз һаҗим башчилиғидики миллий қураллиқ қозғилиңи путун Уйғуристан диярини зилзилигә кәлтүргән еди.

Әнә шундақ бир вақитта Ғулҗиниң өзбәк мәһәллисигә маканлашқан Әлихан Төрә әрәп, парис тиллирини билидиған чоң диний-пәнний билимлик алимлиғи вә тевипчилиги билән Ғулҗа җамаәтчилиги арисида аброй-етибарға еришишкә башлиған. Әлихан Төриниң күндин- күнгә өсиватқан абройини көрәлмигән Ғулҗидики бәзи мутәәссип моллилар, хитайпәрәст байлар уни «гуманлиқ киши», «Ғоҗанияз тәрәпдари» дәп, Күрә Җаңҗуңиға төһмәт хәт уюштурған вә мошу сәвәп билән Әлихан Төрә туткунга елиниду.

Бу новәттиму Әлихан Төриниң йеқин достлири вә Ғулҗа шәһиридики уйғур вә өзбәкләрниң мөтивәр затлириниң Әлихан Төрини турмидин азат қилишни тәләп қилип язған әрзиси түпәйли турмидин бошитип елишқа муваппәқ болиду.

30- жилларда Уйғуристанда қанлиқ вақиәләр йүз бәргән еди.1931- жили қозғалған Ғоҗанияз қошунлири Қумул вә башқа тәвәләрни азат қилип, Үрүмчигә һуҗум башлиған; Төмүр сиҗаң Корла, Қарашәһәр, Кучар, Бай, Бүгүр, Ақсу, Учтурпан Маралбеши вә Атушларни азат қилип, Қәшқәрдә тохтиған; Хотән, Йәкәнт вилайәтлиридә Муһәммәтнияз һаҗи Дамолла, қәшқәрлик Сабит Дамолла вә Мәмтимин Буғраларниң рәһбәрлигидә Шәрқий Түркистан ислам җумһурийити қурулған еди.

Әлихан Төрә уйғурлар диярида йүз бериватқан бу хил сәясий өзгиришләрни һошиярлиқ билән кузитип туратти. Әйни вақитта бу қетимқи ғайәт зор инқилавий долқун босуғисиға йеқинлишип қалғанда, Шиң Шисәй һөкүмити билән Кеңәш һөкүмитиниң Уйғуристан хәлқиниң азатлиқ күришигә хаинлиқ қилиши, Әлихан Төрини наһайити ғәзәпләндүргән еди...



1938- жилиниң баһар айлирида Ғулҗа шәһиридә Шиң Шисәй һакимийити тәрипидин хәлиқ ичидики илғар зиялийларни, мөтивәр затларни туткун қилишқа башлайду.

Әлихан Төрә йерим кечиси Қашқа йетип келип, йеқин тонушлирида икки күн ятидудә, андин Тоққузтараға келиду. Лекин, бу йәрниму ховуплуқ һесаплап, Аралтөпә теғиниң Юлтузға йәтмәстин«Қой ашуу»дегән йеридики Тоқмақтин қечип өткән чарвичи қирғизлар арисиға йошуруниду.

Ибраһимҗан Илиевниң Әлихан Төрә Сағуний тоғрисида язған мақалиси мошу йәрдә аяқлишиду.

Ибраһимҗан Илиев «Әвлатлар қәлби»(6) намлиқ романини 1991- жили, йезип түгәткән. Чирайлиқ һөсни хәт билән А-4 форматта, ақ қәғәзгә йезилған бу қолязма роман 27 бап, 395 бәттин ибарәт.

2001- жили, Қирғизстан Дөләт миллий университетиниң Хәлиқара билим бериш программилири бойичә Интеграция институтиниң Уйғур филология факультети тәрипидин тәйярлап, нәширдин чиқарған (түзгүчи Әкбәржан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик-хрестоматия китавиға Ибраһимҗан Илиевниң «Әвлатлар қәлби» романиниң «Чегара бойида»(7) намлиқ баби киргүзилгән.

«Әвлатлар қәлби» романида Төмүр Палван вә униң Қутлуқ, Туғлуқ исимлик икки оғлиниң Үч вилайәт инқилави-Шәрқий Түркистан җумһурийити қурулған (1944-1949) дәври билән хитай коммунистлириниң Уйғуристанға кәлгәндин кейинки «мәдәнийәт инқилавини» өз ичигә алған дәвридә кәчүргән кәчүрмишлири баян қилиниду.

Романниң баш қәһримани Төмүр Палван. Төмүр еғир бесиқ, мулайим адәм. Җүрт ичидә яхши адәмләр қатарида һөрмәткә егә. Өйидә болса, аял билән балилирини рәнҗитмәйдиған инсан. Төмүрниң Қутлуқ, Туғлуқ вә қизи Чуғлуқ қатарлиқ үч пәрзәнти бар. Төмүр балилириниң йеңи мәктәптә оқуп, билимлик адәмләрдин болуп чиқишини вә келәчәктә бәхитлик һаят кәчүришини арзу қилатти. Чүнки,

Төмүрниң балилиқ һаяти namратлиқта өткән. У төрт йешида анисидин, он төрт йешида атисидин айрилип житимчиликта өскән.

Төмүрниң дадиси Қавул төмүрчилик билән җан бақатти. Шуниң үчүн Қавул оғлиға «Төмүр» дәп ат қойған. Төмүрниң бовиси - Алмас Палван болуп, у Садир Палванниң йеқин сәпдашлириниң бири еди. Садир Палван биллә 1864-1867- жиллири Или вилайәт хәлқиниң манҗур-хитай һакимийитигә қарши көтүрулгән миллий азатлиқ инқилабқа актив қатнашқан. Баяндай вә Күрә сепиллирини елишта батурлуқ көрситип, қәһриманларчә қурбан болған.

Тәнһа житим қалған Төмүрни тағиси Давут өз һимайисиға алиду. Төмүр ата кәспини давамлаштуриду. Жиллар өтүп, Төмүр рәсмий уста болуп йетишиду. У дуканда , кәтмән, оғақ, лахшигүр, күрәк, тақа, ат тақлаш вә башқиларни ясап һаят кәчүрәтти. У дуканда чүшкән аз - тола киримни тиҗәп журуп , өй-бисатини анчә-мунчә җөндәвалғандин кейин, шу журттики Әнвәр бовайниң қизи Зиләйханға өйлүнүп, бала-җақилиқ болди.

Төмүргә дадисидин өйдики аз-тола җабдуқлири, төмүрчилик дукини билән бир кона дутар һәм Садир Палванниң қошақлири мирас болуп қалған.У Садир Палван қошақлирини сөйүп, җараңлиқ авази билән бәкму муңлуқ ейтатти, дутарни наһайити маһирлиқ билән чалатти.

Төмүрниң ата-аниси яшап кәлгән жути наһийә мәркизи Қорғас шәһиридур. Вақиә әнә шу Қорғас шәһиридә йүз бериду.

Қорғас наһийә мәркизиниң күн чиқиш тәрипидики Ғулҗа шәһиригә қарап кетидиған һарву йолиниң шималий тәрипидә бир дөңлүк болуп, Қорғас хәлқи бу дөңни « Бәйгә қум» дәп ататти. Қорғас хәлқи һәр жили бу дөңлуктә, күзлүк ашлиқ жиғип елинғандин кейин, ашлиқ жиғип болуп той байримини өткүзәтти. Бу байрам күни хәлиқ жиғилип тамашә қилатти. Бу йәрдә бәйгә, оғлақ тартиш, челишиш, давазлиқ, нахша - саз оюнлири болатти. Бу жилқи байрам мурасимида Төмүр қалмақ челишчиси Бүкә билән челишқа чүшүп уни йәргә жиқитиду.



- Яша Төмүр Палван.
- Атаңға рәхмәт, оғул бала.
- Барикалла, бешимизни күлкә йәткүзидуң.

Хәлиқ топи Төмүргә қизғин алқишлар билән уни көтүрүп асманға етишти. Төмүр өзиниң һәқиқий батурлиғи билән хәлиқ ичидә тонулиду.

Бир күни йезидики Абдурахман шаңю Төмүрниң тағиси Давутниң төлүмәй қалған баҗ һесавиға униң етини елип кәтмәкчи болған. Давут «Женимни алсаң ал, лекин етимни бәрмәймән» дәп қаршилиқ көрсәткән. Бу әһвалдин хәвәр тапқан Төмүр вақиә болған җайға йетип келип Абдурахман шаңюни аттин тартип чүшуруп урған. Шаңюниң пайлақчилири Төмүрни уруп, чала өлүк қилип, пут - қоллирини бағлап, Давут иккисини һарвуға селип елип кетип түрмигә солайду. Төмүр турмидә алтә ай йетип чиқиду.

1944- жили, авғуст айлириниң ахири. Төмүр түрмидин чиққандин кейин, һәш-пәш дегүчә бәш ай өтүп кәтти. Бу жиллар гоминдаң һөкүмранлириниң ғалҗирлашқан чағлири еди. Дәвирниң өзгиришлири Төмүрниң көзини шундақ ачтики, зулумни қара күч билән йеңип болмайдиғанлиғини, пәқәт һәр милләт хәлқиниң бир йәндин қол, бир яқидин баш чиқирип қураллиқ қозғилаң арқилиқла миллий азатлиқни қолға алғили болидиғанлиғини убдан чүшүнүп йәтти. Чүнки, Үрүмчидики Сипән мәктивидә оқуп кәлгән Савут әпәнди билән уйғур уюшмисидики Һаким әпәнди, Ясинахун вә башқа зиялийлар Төмүргә инқилап тоғрисидики көп сирларни чүшәндуруп бәргән еди.

Төмүр бүгүн достлири Павил, Җумақанлар билән учрушуп Нағирчи мәһәллисидики Лоқманниң өйигә жиғилишқа келишти. Лоқманниң ичкирки өйи « меһманлар» билән лиқ толған. Бүгүн бу өйдә «мәшрәп» дәп аталсиму, лекин муһим иш юзисидин жиғилған һәр миллә әр журәк оғланлириниң жиғини еди. Өйдә худди мәшрәплардикидәк сазәндиләр муқамдин башлап һәр түрлүк нахшилардин кейин уссулму, қизиқ оюн - чақчақларму

болуп өтти. Бир вақитта өйгә Савут әпәнди, Һаким әпәнди, Ясинахун, Қасимжанлар кирип келишти. Өйгә жиғилғанлар Савут әпәнди билән Һаким әпәндиләрниң докладлирини аңлашти. Кейин 17 киши қатнашқан бу вәтәнпәрвәрләр бир еғиздин «Күрәш» намлиқ сәясий тәшкилатни қуруп чиқишти. Көпчиликниң қоллиши билән тәшкилатниң рәиси Савут әпәнди, Һаким әпәнди тәшвиқат башлиғи, тәшкилий ишларға Төмүр Палван сайланди. Тәшкилат ишлири тоғрисида музакирә қилип болғандин кейин өйлиригә кетишти. «Меһманлар» өйдин кетишигила Лоқманниң қорасиға үч атлиқ киши келип, Лоқманниң «Мән мәшрәп бәрдим» дегинигә қаримай, униң қоллириға койза селип шәһәргә елип кетиду. Бу күнләрдә гоминдаң һөкүмити Савут әпәнди, Һаким әпәндиләргә охшаш билимлик кишиләрниң арқисиға киши қоюп, уларниң һәр бир иш һәрикитини назарәт қилип туратти. Униңға қаримай, тәшкилат әзалири һошиярлиқ билән иш елип барди. Тәшкилат әзалири қурал - ярақ жиғишти, Нилқа партизанлири билән алақә орнатти.

Бир күни йезидин сирт қонақлиқ етизлиғида Нилқидин кәлгән партизанлар билән Төмүр Палван учришип сөзлишиватқан пәйиттә гоминдаң сақчилири келип оқ етиш болиду. Гугум чүшкән мәзгил болғачқа, партизанлар чериклиридин бир қанчисини йоқ қилип, қараңғулуқтин пайдилинип чекинип кетишиду.

Хели вақитлардин бери Төмүр Палвандин гуман қилип жүргән гоминдаң сақчилири кечиси Төмүрниң өйини муһасирә қилип турған чеғида Төмүр қорасиға киришигә нәччә тәрәптин қурал тәңләп уни қолға алиду.

Ибраһимжан Илиев «Әвлатлар қәлби» романиниң «Қатил ким» бабида Төмүр Палванниң пажиәлик вапати тоғрисида мундақ тәсвирләп язиду:

«Үч күндин бери Суң Жуйжаң Төмүрни сорақ қиливатиду. Төмүрдин һечқандақ жавап алалмиғандин кейин уни таза уруп, тармақлириға жиңнә санчишти, бәдинигә қайнақ су чачти, қолидин торусқа есип саңгилтип қойди, һәтта думбисигә Төмүрни қизартипму яқти... Бу хил қийнашлардин Төмүр һошидин кетәтти. Андин уни қараңғу түрмә камериға ташлиди. Үчинчи күни, йерим кечиси Төмүрни йәнә түрмә башлиғи Суң Жуйжаң билән Машуңгән иккисии сорақ қилди. Дуң бүгүн Төмүрни жиддий сорақ қилип, ишни тамамән бир яқилиқ қилмақчи. У Машуңгәнниң тәржиманлиғида сорақни башлиди.

- Әгәр қилмишиңни иқрар қилмисаң, бу йәрдин өлүгиң чиқидики, лекин тирик чиқалмайсән, - Дуң тиллап болғинидин кейин попуза қилип, ағзиға кәлгәнни дәйитти, - мениңчә болғанда, сән явайи чәнтуларниң бириниму қоймай қирип ташлиған болаттим.

- Һәммә чәнтуни қирип ташлисаң, кимниң қенини шораттиң сүлүк!, - дәп ғәзәп билән һөмәйди Төмүр, - билимән сән қанхорларни! Узун жиллардин әвладимизниң қенини шорап һәм қирип келишкиниң йетәр! Шуни билип қойғинки Дуң , җенимни алсаң алисәнки, амма мәндин жавап алалмайсән! сән җаллатларниң санақлиқла күнләрниң қалғанлиғини сәзмәйватамсән?! Бирақ, сән җаллатлар билән җаң мәйданида пуханим қанғичә елишалмай қалимәнму дәп қаттиқ ечинимән! Бир мени вә башқиларни өлтәргиниң билән деңиз долқунидәк давалғуп келиватқан хәлиқниң инқилабий һәрикитини һәр қандақ күч билән тосалмайсән! Бүгүн мени өлтәрсәң, амма әтә хәлиқ сәндин интиқам алмай қоймайду!

Төмүрниң ғәзәп билән вақирап ейитқан сөзлири түрмә сорақханисини жараңлитиватти. Әйни вақтида бу һәққаний сөзләр Дуң Жуйжаң билән Ма Шуңгәнниң журигини жиғилдитип, қенини шуркәндуриватти. Чүнки бу икки гоминдаңчи башлиқ пат-йеқинда Төмүр ейтқан «балайи-апәт» ләр йетип келидиғанлиғидин хелила тәшвиш чекип журушәтти.

- Өлтүрүмән, жадуда тоғрап өлтүрүмән! - жан әһли билән вақириди Дуң. Төмүрниң сөзлири униң жүригигә хәнжәрдәк санчилип, олтарған орнидин сәкрәп туруп кәтти вә Төмүргә ғалҗир иштирак ташлинип, қаттиқ өтүги билән қосуғиға вә жан

йеригә бир нәччә тепивәтти. Төмүр болса, икки пүклинип, полда қишийип йетип азап чәкмәктә. Әнди Төмүрниңму сәвир качиси сунди вә дәһшәтлик «хушханә» дин тирик чиқалмайдиғанлиғиға көзи йәткән еди.Һазир униң көз алдида меһрибан аяли Зиләйха, оғуллири Қутлуқ билән Туғлуқ вә қизи Чуғлуқларниң ғәмкин чиһирлири гәвдиләнди: « әң болмиғанда, Зиләйха билән балилиримға вәсийәт сөзлиримни ейтивалған болсамчу! Савут әпәнди билән Һаким әпәндиләрни учриталмиғиним бәк яман болди... Аманәтләрни һашим уларға тапшурар! вай исит, амма! инқилап җәңлиригә бир күн қатнишип өлүп кәтсәм, арминим йоқ еди»?

Дуң Җуйҗаң болса, Төмүрни өтиги билән тәпкәндин кейин, сорақ үстилигә келип олтуруп, қоллири титрәп әсәбийләнгән һалда тамака туташтуруп чәкти вә техичә аччиғини басалмай, Төмүрни хитайчилап ғиңшип тиллаватватти.

- Дуң Җуйҗаң , - деди Төмүр өзигә қәлгәндин кейин, аста орнидин туруп, - болди, әнди мени қийнима! чидаш берәлмидим, һазир һәммисини ейтип беримән!

- Һә, немә дәйду ?!, Дуң қулақлириға ишәнмәй қайтилап сориди.

- Һазир һәммисини ейтип беримән!

- Хо, яхши!, - Дуң орнидин турдидә, Төмүрниң алдиға кәлди, - мана әнди әқлиңгә кәлдиң, бурунрақ шундақ қилишиң керәк еди, қени әнди җавабиңни аңлаймән!

- Мана мениң җавабим!... Төмүр худди қошқарлардәк арқиға даҗип туруп, Дуң Җуйҗаңниң хамириға баш билән шундақ урдики, егиз бойлуқ дарас Җуйҗаң сорақ үстили үстидин атилип чүшүп, там тувидики полға пүкләнгиничә тиқилип қалди. Ағзи-бурни түп-түз болуп қанға миләнгән һалда хелиғичә полда һошсиз өлүктәк йетип қалди. Бу тасаддипий әһвалдин чөчүп кәткән Машуңгән мавзурини Төмүргә тәңлигиничә, турған җайда қетипла қалған еди... Хели вақиттин кейин, Дуң һошиға келип орнидин турди. У убдан өзигә келивалғандин кейин, худди вәһший һайванлардәк вақирап,



йенидин хәнҗирини суғуруп алди-дә Төмүргә өзини атти. Бар күчи билән Төмүрниң күксигә хәнҗәр урди... Төмүр « Ғиқ!..» қилиғичә, юзини асманға қаритип, бара-бара зоңзуйүп берип полға жиқилди. Илаҗи йоқ, Төмүрниң қолида койза, айиғида кишини болмиғанда, өзигә хәнҗәр салдурматти...

Әтиси қуяш арғамча бойи өрлигәндә, Қорғас шәһириниң гәрби-шималидики Юсупханниң қораси тамлиқ мевилик беғиға адәмләр топлишип вараң-чуруң қилишмақта еди. Чүнки, әтрапи чөп басқан ериқ бойидики йоған қарияғачқа, зор гәвдилик Төмүр Палванниң җансиз гәвдиси есиғлиқ туратти. Тасма пояс билән икки қәвәт қилинған том пахта ишанбағ сиртмақ, униң бойнини боғуп, ичигә кирип көрүнмәй қалған. Һәйран қаларлиғи шуки, әшу тасма пояс билән ишанбағ шунчә зор еғирлиқтики гәвдини көтүрүп туратти. Төмүрниң пичақ урулған көксидин чиққан қан ич көйниги билән ақ тамбилини булғавәткән. Есилип турған җәсәтниң астиға - йәргә аққан қан көп әмәс. Бир чәттә ятқан иштан - көйнәклири болса, қип - қизил қанға боялған һалда ятатти.

- Халайиқ! - дәп көпчүлуккә хитап қилди Машуңгән, - җинайәтчи Төмүр бүгүн кечиси түрмидин қечип чиқип, бу йәрдә өзини - өзи өлтәргән! , - дәп өз җинайитини йошуруп хәлиқни алдимақчи болди.

Бу йәргә наһайитиму соғ-шум хәвәрни аңлап, җениниң баричә жугрүшүп йетип келишкән Савут әпәнди билән Һаким әпәнди иккиси өз - көзлиригә ишәнмәй қелишти. Бу дәһшәтлик пажиәни көрүп, чоңқур қайғу, қаттиқ әләм дәстидин әс - һошини йоқитип қоюшти. Тоғрисини ейтқанда , һаким әпәнди билән Савут әпәндиләр мазар, дашигүрләрдә мәхпий тәшвиқат елип бериш иши билән бир нәччә күн болуп қалған еди. Улар шәһәргә қайтип келип, уни қутқузуп елишниң чарисини қилиғичә бу иш болған еди. Тоғра баһа бәргәндә бу вақиә техи йеқиндила қурулған «Күрәш тәшкилати» ниң душмән һелисигә һошиярлиғи вә җәңгиварлиғиниң камлиғидин өткүзүлгән дәсләпки чоң хаталиғи еди...

Қорғас хәлқи өзиниң мунәввәр оғлани-уста Төмүрчи, хушхой нахшичи, һәммә иштә адил, күчлүк палвани, инқилавий һәрикәтниң йетәкчилиридин бири болған Төмүр Палвандин айрилған еди...».

Ибраһимҗан Илиев «Әвлатлар қәлби»(6) романиниң қалған қисмида Төмүр Палван вапат болғандин кейин униң оғуллири Қутлуқ вә Туғлуқларниң инқилавий паалийәтлирини баян қилиду.

Төмүр Палванниң чоң оғли Қутлуқ Шәрқий Түркистан миллий армиясиниң җәңчиси болуп, вәтәнни азат қилиш йолида нурғун җәңләргә қатнишиду, җәңләрдә қәһриманлиқ көрситип батурлуқ медал, орденларни алиду. 1950-жилидин башлап коммунист хитайлар Уйғуристанни ишғал қилғандин кейин, Қутлуқ Хитай һакимийити тәрипидин түрмә вә әмгәк лагерлирида азаплиниду. Кичик оғли Туғлуқ болса, хитайларниң елип барған һәр хил сәясий һәрикәтлиридә «оңчи», «милләтчи» атилип, әмгәк билән өзгәртиш лагерлирида көплигән азап - оқубәтләрни бешидин кәчүриду.

Әсәрниң ахирида, кичик оғли Туғлуқ ақлинип өз журтиға қайтип келиду. У Ғулжиға кәлгәндә чоң матәм қайғуси үстигә келиду. Хуңбәйвинлар униң акиси Қутлуқни, акисиниң аяли Чолпанни, журтдиши Ғопурни вә башқиларни дәһшәтлик һалда өлтәргән еди.

Туғлуқ акиси Қутлуқ, журтдиши Ғопур вә Чимәнгүлләрниң қатар қилип бир җайға көмүлгән қәбирлири алдида жүкүнүп олтуруду.

У өзини туталмиған һалда жүрәк-бағри қанға толуп, көзидин ямғурдәк яш төкүп жиғлимақта. Бу дуниядики барлиқ дәрт - әләм, қайғу - һәсрәт жиғилип униң бешиға кәлгәндәк еғир азап чәкмәктә. Ахири акисиниң қәбригә бағрини йеқип, өз-өзигә сөзләп хитап қилишқа башлиди: «Җеним акам! җеним қериндашлирим! .. Җаһаләтпәрәсләр силәрни шунчилик азап - оқубәтләр билән җазалаптиғу? Шунчилик вәһшийликләр билән өлтүрүшкә лайиқ немә гунайиңлар бар еди силәрниң?! Әй худа! Әй бевапа, рәһимсиз дуния! Сән бизни пәқәт адаләтсизликниң қурбани болуш үчүнла ратқанмидиң?! Әй, әҗдатлиримизниң ата - бовилири: улуқ Тәңрикут Оғузхан, Баянчурхан! Идикут хани Баурчук, Улуқ Буғрахан! Әй азатлиқ үчүн күрәшкән Садир бова, Савут Дамолла, Хоҗанияз ата! Әй сөйүмлүк рәһбиримиз Әхмәтҗан әпәнди! Әвлатларниң тәғдири немә болуватқанлиғини роһиңлар көрүватқанду? Хәлқимизниң ечиңарлиқ, паҗиәлик тәғдири силәрни гөруңларда тинич ятқузмайватқанду?! Бизниң қәлбимиз - силәргә варислиқ қилип, елимиз мустәқиллиғини тикләш еди. Бирақ, бу йолда күрәш қилишқа бешимизни көтәрсәк , бойнимизни қилич кәсти. Көзимизни ачсақ қарғу қилишти. Сөзлисәк тилимиз кесилди. Аяқ атлисақ чамптулап жиқитти... Паләч һалда, я өлүк, я тирик әмәс чеки йоқ азап-оқубәт, ейтқусиз хорлуқта қалдуқ... Бирақ, әвлатлиримизниң қәлби тирикки, у һечқачан өлмәйду!»

Зордун тағиси келип, Туғлуқни йөләштурди. Қәбристанға биллә келишкәнләр Туғлуққа тәсәлли сөзләрни ейтишти. Яшқинә қарим киши көңлиниң әзгидәк муңлуқ бир аһаңда узун вақит қурьан - тилавәт қилди. Қәбристанлиқта олтарғанлар чоңқур қайғу матәм илкидә мәрһумларни әсләшти...

Ибраһимҗан Илиевниң «Әвлатлар қәлби» намлиқ романини оқуған һәрқандақ кишиниң вәтәнпәрвәрлик роһи кәскин ойғунуп, коммунист хитай һакимийитиниң сәясәтлиригә қарши ғәзәпләнмәй туралмайду.

Ибраһимҗан Илиев «Әвлатлар қәлби» намлиқ тарихий, сәясий вә бәдиий романини өмүриниң ахирида йезип түгәткән болсиму, уни нәширдин чиқиришқа үлгүрәлмиди.

---

1. Ибраһимҗан Илиев. Достуң қарға болса...\\ «Йеңи һаят». - Алмута. 1972.

2. Ибраһимҗан Илиев. Меһир гия \\ «Йеңи һаят». - Алмута. 1992. 26-май.

3. Ибраһимҗан Илиев. Саман тегидә су бар екән \\«Йеңи һаят». - Алмута, 1992.
18- июль.

4. Ибраһимҗан Илиев. Сәргәрданлиқта өткән күнләр \\ «Йеңи һаят». - Алмута,1993. 7-август.

5. Ибраһимҗан Илиев. Миндин бирини ейтсам... \\ «Йеңи һаят». - Алмута, 1994. 20-август.

6. Ибраһимҗан Илиев. Әвлатлар қәлби (қол язма). – Бишкәк, 1991.

7. Ибраһимҗан Илиев. Чегара бойида \\ Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. – Бишкәк. 2001. 149-161-бәтләр.



# Өкүнүш вә үмүт билән өткән һаят

Совет Иттипаки мәвжут болуп турған XX- әсирниң ахирқи дәвиридә Қирғизстан жумһурийитидә яшап, ижат қилған шаир, язғучиларниң әсәрлири Қазақстан уйғур нәшриятида бесилған әдәбий топламларда, бәзилириниң әсәрлири һәтта айрим китап болупму нәширдин чиққан еди. Бирақ әнә шу дәвирләрдә яшиған айрим язғучи, шаирларниң әсәрлири та бүгүнки күнигичә қол язма петичә сақлинип ятмақта. Әнә шундақ қәләм сәһипилиридин бири Аблиз Розидур.

Аблиз Рози 1936- жили, 11- апрелда Ғулҗа шәһиридә хизмәтчи аилисидә дунияға кәлгән. 1951- жили, Ғулҗа шәһиридә толуқсиз оттура мәктәпни түгитип, Үрүмчи шәһиридики кадрларни тәйярлаш мәктивигә оқушқа чүшиду. У 1955- жили оқушни тамамлап, Ғулҗиға қайтип келиду вә шу жили авғуст ейида аилиси билән Қирғизстанниң Тоқмақ шәһиригә көчүп чиқиду. 1955- жилидин 1957- жилиғичә Тоқмақ шәһириниң 4- механизаторларни йетиштүрүш училищесида оқуп механик-комбайнер кәспини егәлләйду. 1958- жили Совет армиясигә чақирилип, 1961- жилиғичә армия сепидә хизмәт қилиду.

Аблиз Рози 1961- жилидин 1980- жилиғичә Бишкәк шәһиридики автобазиларда шофер, 1980- жилидин 1994- жилиғичә мәиший - хизмәт министрлигиниң автобазисида механик болуп ишлигән. 1994- жили, март ейидин башлап «Иттипақ» гезитиниң мәсъул катиблиқ хизмитини атқурған. 1995- жили, 5- өктәбрь күни жүрәк ағриғи билән туюқсиз вапат болди.

Аблиз Рози яш чағлиридила уйғур классик әдәбиятиға, болупму хәлиқ eғиз әдәбиятиға қизиққан. Өзиму 80- жиллиридин башлап мақал-тәмсилләрни вә Сәләй Чаққан ләтипилирини йезишқа башлайду. Униң язған мақал-тәмсиллири, Сәләй Чаққан ләтипилири «Коммунизм туғи»,

«Йеңи һаят» вә «Иттипақ» гезитлириниң вә «Пәрваз» журнилиниң сәһипилиридә йоруқ көргән.

2001- жили, Йүсүп Баласағуни намидики Қирғизстан Миллий университетиниң Уйғур филология факультети тәрипидин тәйярлап нәширдин чиққан (түзгүчи Әкбәржан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик-хрестоматия китавида Аблиз Розиниң бир топ «Мақалға майил мисралар», «Сәләй чаққан ләтипилири» берилгән.

Уйғур мақал-тәмсиллири әң қәдимий заманлардин буян хәлиқ арисида ейтилип, әвлаттин-әвлатқа әң яхши мәдәний вә мәнивий мирас сүпитидә бизниң дәвримизгичә йетип кәлди. Улуқ уйғур алими Махмут Қәшқәрий өзиниң «Диван луғатит түрк» намлиқ әсиридә қедимқи қәбилә вә уруқ-тайиплар арисида кәң тарқалған мақал-тәмсилләрдин 300 гә йеқинини нәқил кәлтүргән. Мақал-тәмсилләр пүтүн хәлиқ тәпәккүриниң мәһсулидур. Униңда әнә шу хәлиқниң та әзәлдин келиватқан арзу-армини, тиләк-хаиши, урп-адити, дунияға көз қариши әкис етилиду.

Мақал, хәлиқ арисида интайин кәң түрдә тарқалған һәм у әсирләр давамида яшап кәлгән. Мақалда ипадиләп турған пикир вә мулаһизә - адәттә,турмушта көрүлгән нурғун тәжрибиләрниң қисқичә вә иниқ хуласиси. Шуңлашқа, кишиләр мақалини турмуш савиғи сүпитидә қәдирләп, өзлириниң күндүлүк иш-әмәлийитидә пайдилиниду вә униңға ишәшлик әмәл қилиду.

Мақал наһайити қисқа болуп, униңда бирәр артуқ сөз йоқ. Һәр бир сөз салмақлиқ, мәналиқ вә иниқлиқ болуп келиду. Мәсилән: «Һәрикәттә бәрикәт», «Һәқ егиләр-сунмас», «Ялғуз атниң чеңи чиқмас, чеңи чиқсиму даңқи чиқмас»,«Яхшиниң шарапити, яманниң қасапити» вә башқилар.

Демәк, мақал дегинимиз өзидә хәлиқниң ижтимаий-тарихий тәжирисини әкс әттүргән, кишигә үлгә-ибрәт болалайдиған, мәлум ритм вә аһаңдашлиқ асасиға қурулған ихчам һекимәтлик сөздур.



Тәмсил - һаяттики бирәр һадисини ениқ вә орунлуқ гәвдиләндуруп беридиған қиясий ибарә.

Аблиз Рози өз қоли билән йезип қалдурған қол язмисидики 1500диң ошуқ мақал- тәмсиллирини «Һәқиқәттин нәсиһәт»(1) нами билән атап, төвәндики 6 бөлүмгә бөлгән: 1- тәрбийәвий нәсиһәтләр; 2- әқил, билим, һунәр тоғрисида; 3- яхшилиқ, меһрибанлиқ, әмгәк тоғрисида; 4- яманлиқ, наданлиқ, һорунлуқ һәққидә; 5- сөйгү-муһәббәт, инақлиқ һәққидә; 6- турмушқа аит һәқиқәтләр.

Әдипниң язған мақал-тәмсиллири һәр хил темиларға беғишланған. Мәсилән: вәтән, хәлиқ, әл-журт тоғрисида язған мақал- тәмсиллири:

Шәрқтә өскән шаһзадә шерип,
Көчкини үчүн гәриптә ғерип. (2)

Бу мақалида Аблиз Рози һәр қандақ адәм өз елиниң қәдрини чәт әлгә барғанда билиду, өз вәтинидә у шерип болса, өз елидин көчүп кәткәндин кейин униң һаяти ғерипчилиқта өтүдиғанлиғини әскәртип язған.

Өзгә журтиниң пахтисидин,
Ана журтиниң тахтиси яхши. (3)

Аблиз Рози бу мақалисида қаттиқ болсиму өзәңниң жутуңниң тахтиси яхши, башқа жутниң пахтисиға қариғанда, өзәңниңки болса, һәр қандақ нәрсини ишәшлик ишлитәләйсән, миң чирайлиқ болуп, у башқиларниң болса, униң саңа бәрибир пайдиси тәгмәйду, дегән мәнани бериду.

Вәтән анидур һәммидин кутлуқ,
Вәтән дәп көйәр жүриги отлуқ. (4)

Бу мақалида вәтәнни анидәк һәммидин улуқ дәп, вәтән дегән бир сөздин, вәтәнсиз жүргәнләрниң жүриги көйидиғанлиғини ейтиду. Һәр қандақ адәм өз вәтининиң қәдрини башқа журтқа барғанда билиду, дейилгән.

Вәтини йоқ вәтәнгә зар,
Көзлири нәм, һаяти хар. (5)

Бу мақалә жуқурида атап өткән мақалиларға охшаш болуп, вәтини йоқлар вәтәнгә зар болуп жүриду, уларниң һаяти сәргәрданлиқта өтүп, көзлири нәм, һаяти хар болуп өтидиғанлиғини язиду.

Аблиз Рози 1955- жили, өзиниң вәтини Уйғуристанни тәрк етип Қирғизстанға көчүп чиққан. Шуниң үчүн, у өмүриниң ахириғичә өзиниң ана вәтинини сеғинип, вәтәндин айрилишниң қанчилик еғир екәнлигини чүшүнүп, өзиниң вәтинигә болған чиң муһәббитини изһар қилип жуқуридики мақал-тумсилләрни язған. Униң вәтән тоғрисида язған мақал-тәмсиллири кишиләрни, болупму яшларни вәтәнпәрвәрлик роһта тәрбийәләштә чоң әһмийәткә егә.

***Батурлуқ, мәртлик тоғрисида:***

Җәңгә кирсәң чиққин алдиға,
Ана кәчүрмәс юрсәң далдида. (6)

***Достлуқ тоғрисида:***

Дост издимә аһ уруп,
Көңүл издә пак жүрүп. (7)

***Әқил, парасәт тоғрисида:***

Әқил, һөнәр һәм болса,
Турмушиңда ғәм болмас. (8)



Бирниң әқли болақ болса,
Көпниң әқли дәрия. (9)

***Ирсий муһәббәт, уруқ тоғрисида:***

Балаң йәлкәңгә минсә,
Нәврәң бешиңдин чүшмәс. (10)

***Әдәп, әхлақ тоғрисида:***

Болса сәндә алий пәзиләт,
Қонадур аброй, кәтмәс иззәт. (11)

***Адәм вә аләм тоғрисида:***

Кетәдур адәм, қаладур аләм. (12)

Аблиз Розиниң мақалға майил мисралири хәлиқ еғиз иҗадийитигә охшаш чоңқур пәлсәпәлик ой-пикир билән йезилған болуп, инсанларни әдәп-әхлақ билән тәрбийәләштә чоң рол ойнайду.

Аблиз Рози қол язмисини рәтләп, китап қилип чиқириш арзусида жүрәтти. Бирақ, вақитсиз кәлгән әҗәл униң бу арзусини әмәлгә ашурушқа йол қоймиди. Әпсус, Аблиз Розиниң вапатиға 26 жил болсиму, мошу күнгичә униң қол язмиси нәширдин чиққини йоқ. Бүгүнки күндә, униң бу қол язмиси китап болуп чиқса нур-үстигә нур болар еди...

Аблиз Рози шеир-қошақларниму язған. Униң «Өкүнүш», «Үмүт қошиғи» қатарлиқ шеир-қошақлири «Иттипақ» гезитидә бесилған.

Аблиз Рози аилиси билән вәтәндин айрилип чәт журтларда көп мәшәқәтләрни тартқан.

Мусапир болуп қалдим,
Угисидин айрилған.
Бәхтимгә шумбуя чиқип,
Қанитидин қайрилған. (13)

Әдип «Үмүт қошиғи» намлиқ қошиғиниң бу куплетида өзиниң мусапир болуп қалғанлиғиниң сәвәбини аддий сөзләр билән ипадиләп бәргән болса, йәнә:

Өтти өмрүм һәсрәттә,
Кәлмиди йенимға яр.
Яшлиғим кәтти жиракқа,
Яғдуруп бешимға қар. (14)

Дәп, узун жиллар вәтән ишқида һәсрәт чекип, һаятиниң өткәнлигини, бешини ақ бесип, яшлиғиниң мәңгү кәткәнлигини өкүнүш билән әсләйду.

Панасиз дәп ойлима,
Ана журтум бар мениң.
Чалмисиға тетимайду,
Байлиғиң-вәслиң сениң.

Садирниң әвладимән,
Тәгмигән йәргә йеним.
Бәхит қуши қониду,
Болсила тәндә женим. (15)

Қошақниң ахирқи куплетлирида болса, Ана Вәтининиң бар екәнлигини, вәтәнниң қачанла болмисун мустәқилликкә егә болидиғанлиғиға ишәнч билдүриду.

Аблиз Розиниң «Өкүнүш», «Үмүт қошиғи» намлиқ шеир-қошақлири вәтән темисиға йезилған болуп, у өмриниң ахириғичә Уйғуристанниң азатлиғини арзу қилип аләмдин өтти.



Уйғур хәлиқ еғиз ижадийитида ләтипә мәзмун байлиғи, тилиниң өткүрлиги, тиңшиғучини өзигә жәлип қилиши, қизиқарлиқлиғи вә ихчамлиғи билән пәриқлиниду. Нәсирдин әпәнди тарихий шәхсдин әпсанәвий қәһриманға айлинип, пүтүн түркий алимигә мәшһур болуп кәткән болса, Сәләй Чаққан, Молла Мәтнияз Хәлпитим, Молла Зәйдин, Имирхан Ғожа вә башқилар уйғур хәлиқ әдәбияти тарихида чоң орун егәллигән ләтипичиләрдур. Бу ажайип талант егилириниң ләтипилиридики алаһидә хусусийәт шуки, улар хәлиқ үстидики зорлуқ вә шумлиқни өз көзлири билән көрүп, өтмүш мустәбит һакимийәтни өткүр күлкә астиға елип, уларниң әпти-бәширисини рәһимсиз паш қилиду. Шуниңдәк, падиша, бәг, ишан вә қазиларни алдамчи вә ахмақ қилип көрситиду.

Һазирқи заман уйғур әдәбиятида язғучи әдиплиримиз «Сәләй Чаққан», «Сәләй Чаққан сәйлидә» рубрикилири билән ләтипиләрни йезип, мәтбуатта елан қилмақта.

Аблиз Розиму «Сәләй чаққан сәйлидә»(16) рубрикисида нурғунлиған ләтипиләрни язған. Униң ләтипилири «Йеңи һаят», «Иттипақ» гезитлиридә вә «пәрваз» журнилиниң сәһипилиридә бесилған. Бу ләтипилиридә бүгүнки күндә адәмләрдә учрайдиған сәлбий қилиқларни тәнқит қилиду.

Аблиз Рози Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң басма оргини - «Иттипақ» гезитини чиқириш тәшәббускарлириниң бири болған еди. Гезитниң нәширдин чиққан 1-номеридин башлап Аблиз Рози гезитниң мәсъул кативи болди. У вапатиғичә бир йерим жил ичидә гезитниң һәр бир санида мақалиларни йезип, жамаәтчиликкә кәң тонулған.

Аблиз Рози вәтәнпәрвәр инсан еди. У 1991- жили, Бишкәк шәһиридә қурулған Уйғуристан азатлиқ тәшкилати (УАТ)ға биринчиләрдин болуп әзаликқа киргән. Кейин Уйғуристан азатлиқ тәшкилатиниң тәсис қурултейида УАТ Мәркизий комитетиниң әзалиғиға сайланған. УАТниң паалийәтлиригә жан дили билән қатнашқан. У Уйғуристанниң азатлиғини арзу қилип аләмдин өтти.

Ақ көңүл, вәтәнпәрвәр инсан, журналист Аблиз Розиниң хушхой симаси, уни билидиған дост - бурадәрлир вәтәндашлириниң қәлбидә мәңгү яшайду.

---

1. Аблиз Рози. Һәқиқәттин нәсиһәт (қол язма). - Бишкәк, 1994.
2. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар // «Йеңи һаят». - Бишкәк,1987, 26 - декабрь.
3. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар // «Йеңи һаят». - Бишкәк, 1987, 26 - декабрь.
4. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар // «Йеңи һаят». - Бишкәк, 1992, 18- июнь.
5. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар // «Йеңи һаят». - Бишкәк, 1992, 18- июнь.
6. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. - Бишкәк, 2001, 281- бәт.
7. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар // «Йеңи һаят». - Бишкәк, 1987, 26 - декабрь.
8. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар. Һәқиқәттин нәсиһәт (қол язма). - Бишкәк , 1994, 42- бәт.
9. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар. Һәқиқәттин нәсиһәт. 43 - бәт.
10. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар // «Йеңи һаят». - Бишкәк, 1994, 22 - январь.
11. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар // «Йеңи һаят». - Алмута, 1992, 18 - июнь.
12. Аблиз Рози. Мақалға майил қурлар // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. - Бишкәк, 2001, 285 - бәт.
13. Аблиз Рози. Үмүт қошиғи. Һәқиқәттин нәсиһәт. - Бишкәк, 1994, 195 - бәт.
14. Аблиз Рози. Үмүт қошиғи. Һәқиқәттин нәсиһәт. 195- бәт.



15. Аблиз Рози. Үмүт қошиғи. Һәқиқәттин нәсиһәт. 195 - бәт.
16. Аблиз Рози. Сәләй Чаққан сәйлидә // «Йеңи һаят».- Алмута, 1986, 16- сентәбрь.

## Вәтән ишқи - шаирға илһам

Һәммигә мәлум, Совет Иттипақи мәвҗут болуп турған дәвридә шаир вә язғучиларниң Кеңәш дөлитини, коммунистик партияни мәдһийләп язған шеир вә башқа әсәрлири гезит, журналларда вә айрим китап болуп нәширдин чиққан. Уйғуристанниң азатлиғи вә мустәқиллиғи темисиға беғишлап йезилған әсәрләр тәкшүрүштин (сензуридин) өтмәтти. Хәлқимиз ичидә шеирлирини вәтәнниниң азатлиғиға беғишлап йезип, мәтбуатта елан қилдуралмай, өз хәлқигә кәң тонулмай аләмдин өткән шаирлар аз әмәс. Шуларниң бири Әзимҗан Низамийдур.

Әзимҗан Низамидинхан Төрәм оғли 1936- жили, 2- май күни Үрүмчи шәһиридә дунияға кәлгән. Униң атиси Низамидинхан Төрәм бир нәччә тилларни билгән билимлик киши болуп, Қарғилиқ баҗ идарисида мудирниң орунбасари лавазимидә ишлигән. Әзимҗан 1946- жилдин 1957- жилиғичә Қарғилиқ вә Қәшқәр шәһәрлиридики диний мәктәпләрдә оқуп, қарилиқ билимгә егә болған. 1953- жили, Үрүмчидә «Шинҗаң өлкилик дарил муәллимин»ни пүттүрүп, шу жили 1- авғусттин 1960- жили өктәбргичә «Шинҗаң шинхва» басма заводиниң уйғур бөлимидә корректор вә техредакторлуқ хизмитидә ишлигән. 1960- жили, Совет Иттипақиға чиқип, Қирғизстанниң пайтәхти Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә келип орунлашқан. 1966-жили, Русийәниң Воронеж шәһиридә оқуп, төмүр кәпшәләш (сварщик) кәспини егәлләп кәлгәндин кейин, Фрунзе шәһәрлик қурулуш мәһкимисидә кәпшәлигүчи болуп ишләйду.

1971- жили, 1- апрель күни, варақчә сүпитидә мәхпий йоруқ көргән «Виждан авази» гезитиниң катиплиқ вәзиписини атқурған вә у жиллири уйғурчә басма һәрпи болмиғанлиғидин, гезит материаллирини Әзимҗан өз қоли билән көчәргән. 1994- жили, 25 -март күни Қирғизстан тарихида биринчи қетим уйғур тилида, қанунлуқ асаста йоруқ көргән «Иттипақ» гезитини чиқириш мәзгилдиму, йәнила уйғурчә басма һәрип



тепилмиғанлиқтин, бу гезитниң биринчи үч сани Әзимҗанниң катиплиғида, униң йезиши арқилиқ чиққан.

1997- жили, 31- март күни «Иттипақ» гезитиниң нами «Виждан авази»ға өзгәртилип чиққандин кейинму, Әзимҗан Низами өмүриниң ахириғичә мәзкүр гезит коллективи билән бир сәптә хизмәт қилип кәлгән еди. У 2001- жили, 26- сентәбрь күни Башқуртстанниң пайтәхти Уфа шәһиридә машина һалакитигә учрап паҗиәлик вапат болди.

Әзимҗан Низами Үрүмчи Дарил муәллиминидә оқуватқан чағлирида әдәбиятқа қизиққан. У нурғунлиған уйғур классиклириниң шеирлирини ядқа билгән. Өзиму 1957- жилидин башлап шеир йезишқа башлиған. Униң язған шеирлири «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят», «Иттипақ», «Виждан авази» гезитлириниң сәһипилиридә йоруқ көргән. Йәнә 2001- жили, Йүсүп Баласағуний намидики Қирғизстан Миллий Университетиниң Уйғур филология факультети тәрипидин тәйярлап нәширдин чиққан (түзгүчи Әкбәрҗан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик-хрестоматия китавиға Әзимжан Низамийниң бир топ шеирлири киргүзүлгән.

Әзимҗан Низамийниң «Зулумға завал» намлиқ шеирлар топлими 2017- жили, Әкбәрҗан Баудуновниң тәйярлишида нәширдин чиқти.

Шаирниң шеирлири муһәббәт, ана вәтән, достлуқ темилириға йезилған. Униң муһәббәт темисиға йезилған шеирлири « Күлкәңгә», «Мени күт», «Яр сөйсәң», «Яримға хәт», «Сәнәм», вә башқилар. Әзимҗан «Күлкәңгә» намлиқ шеирида қизиға болған чин муһәббитини мундақ изһар қилған:

Өргиләй һәм чөргиләй,<br>
Шу йеқимлиқ күлкәңдин.<br>
Көйгинимни билгәнсән,<br>
Сәнму мениң күлкәмдин.[1]

Әзимҗан Низамийниң көп шеирлири муһәббәт темисиға йезилған болсиму, әмәлийәттә өзиниң ана вәтинигә болған чәксиз муһәббити еди. Мәсилән, униң «Мени күт» намлиқ шеирида бу пикир очуқ көрүниду.

Күт дедим йәнә күткин, аздәк,
Қил тақәт-сәбир, яна аз күн күт.
Билимән җеним сақлидиң виждан,
Җүрәк сөзүмгә ярим чиндин пүт. (2)

Шаирниң көп шеирлири өз вәтини Уйғуристандин айрилип жудалиқта өткән һаяти, вәтинини сеғиниш һес туйғулири билән йезилған. Униң «Уйғуристаним елим», «Вәтән», «Қени», «Мениң хәлқим» вә башқа шеирлирида кечә-күндүз вәтән ғемида жүргәнлиги рошән көрүниду.

Ва дәриха, назини яр,шаму-сәһәр йиғлидим
Сеғинип мән бойлириңни әтрә-әнбәр йиғлидим.
Көйдум, өчмәй пирақиңда аллаһу әкбәр йиғлидим.
Дидар издәп дилдарим, дилда дилбәр йиғлидим.
Қәлби қуяш, көзи чолпан, өзәм қәмәр йиғлидим,
Аһ, мәшуқим, ашиқ Әзим, қәлби дәптәр йиғлидим. (3)

Әзимҗан Низами мусапирлиқ һаятиниң аччиқ дәрдини көп тартқан, шуңлашқа у вәтән йолида һәр қандақ ишқа тәйяр екәнлигини «Қени» намлиқ шеирида очуқ изһар қилиду.

Мусапирлиқ рәстисидә йүрдум әрзу-дат ейтип,
Муҗавирлар тәнә қилар сөзлирини даритип.
Кәлмиди һеч бир рәһмидил дәрдим сорап һал ейтип,
Дедим ахир: әй, Низамий тик турғин өттәк йенип. (4)

Шаир өзиниң «Уйғуристаним елим» намлиқ шеирида вәтәнини мәдһийләп мундақ язиду:



Кәбәм мениң қиблигаһим Уйғуристаним елим,
Сән үчүн җанлар тәсәддуқ гүл-гүлистаним елим.
Даңқи аләмгә мәшһур шавкити-шаним елим,
Земиниң чәксиз-паянсиз Уйғуристаним-елим.
Тутиядур көзлиримгә ләйли-яқут тағлириң,
Қәдирликтур аддий тешиң-чөп вә гия япрiғиң.
Тәңгә дәрман, шипа бәхш «һәвзи кәвсәр» көллириң,
Җаһанда һеч тәңдиши йоқ тағу-дәрия, чөллириң.
Ашиқиң мән-мәшуғим сән Уйғуристаним елим,
Та әбәткә сөйгүним сән дилида иманим елим. (5)

Әзимҗан Низамий Абдуреһим Өткүрниң «Из» намлиқ ғәзилигә язған «Излар» шеирида мустәқилликкә еришишигә ишәнч билдүриду:

Гунаһсиз кесилди көп әзиз башлар,
Төкүлди земинға қип-қизил қанлар.
Көзләрдин қуримай ақиду яшлар,
Тәғдирим ойлисам қайниду башлар.
Әҗдадим тарихта қалдурған излар,
Из бесип маңмақта оғул вә қизлар.
Задила көмүлмәс биз басқан излар,
Таңла һәм нәвримиз из басар излар.
Әвлатлар из бесип тапиду зәпәр,
Ишәнчим камилдур, әртә таң сәһәр. (6)

Шаирниң мутләқ көпчилик шеирлири вәтән темисиға беғишланған болуп, вәтән ишқи шаирға түгәс илһам беридиғанлиғини «Вәтән» намлиқ шеирида мундақ язиду:

Аңла вәтән җүрәк сөзүмни,
Саңа атидим бару-йоқумни.

Вәтәнниң ишқи шаирға илһам,
Вәтән һәққидә түгимәс нахшам. (7)

Дәп вәтән һәққидә униң нахшиси түгимәйдиғанлиғини изһар қилиду.

Әзимҗан Низамий «Зулумға завал» намлиқ чоң һәҗмилиқ дастанни язған. Бу дастанида шаир 200 жилдин бери қуллиқ түзүмдә азап чекиватқан уйғур хәлқиниң пажиәлик һаятини тәсвирләш билән бу қуллуқтин қутулушниң бирдин бир йоли азатлиқ күрәш екәнлигини көрситиду. Шаир дастанниң муқәддимисидә бу әсәрни йезишниң сәвәбини мундақ билдүриду:

Әлниң пәряди ашти пәләктин,
Отлуқ бир нида чиқти жүрәктин.
Шу сәвәп қолға алдим қәләмни,
Язай дәп хәлқим тартқан әләмни. (8)

Шаир уйғур хәлқиниң әсирләр бойи мустәмликичиликтә келишниң асасий сәвәби Уйғуристанниң түгимәс байлиғи, дәп қарайду.

Уйғурниң пүтмәс байлиғи көптур,
Гөзәл Шәрқтә тәңдиши йоқтур. (9)

Әзимҗан Низамий дастанниң биринчи қисмида Уйғуристанниң гөзәл Қәшқәр, Ақсу, Бай, Сайрам, Кучар, Турпан, Қумул, Үрүмчи, Ғулҗа, Қарамай охшаш шәһәр-жұртларни мәдһийләйду. Шаир Қәшқәр намлиқ бабини мундақ башлайду:

Қозғар жүрәктә ширин һес-туйға,
Яңриса нағра һейтка үстидә.
Ким зох әйлимәс бу бәзмә-тойға,



Мәрданә хәлиқ қайнами Қәшқәр.
Куйләп ишқини муңлунуп нәйдә,
Шаирниң жушкун илһами Қәшқәр.
Шадиянига нағра-сунәйдә,
Дәртлик жүрәкниң арами Қәшқәр. (10)

Қәшқәр бабиниң ахирисини мундақ түгитиду:

Бизгә яқмас қуллуқ әзәлдә,
Уюшқин уйғур, бирлик бир сәпкә!
Басқунчиларға берәйли дәккә,
Өлсәк биз шеһит муқәддәс әлдә. (11)

Шаирниң «Зулумға завал» дастани баштин ахириғичә зулумға завал беришниң керәклигини, униң үчүн бирлик, иттипақлиқ билән күрәш йәнә күрәш қилишниң зөрүрлигини тәкитләйду. Әсәрдә алаһидә берилгән образлар йоқ. Әсәрдики асасий образ уйғур хәлқи, униң күрәш паалийити, Әзимҗан Низамий дастанда уйғур хәлқиниң чоқум азатлиққа еришидиғанлиғиға ишәнч билдүриду.

---

1. Әзимҗан Низамий. Күлкәңгә. Зулумға завал. - Бишкәк. 2017, 9- бәт.
2. Әзимҗан Низамий. Мени күт. Зулумға завал. 13- бәт.
3. Әзимҗан Низамий. Парчидар // «Виждан авази».- Бишкәк, 1998, 30- июль.
4. Әзимҗан Низамий. Қени // «Виждан авази». - Бишкәк, 1997, 30- август.
5. Әзимҗан Низамий. Уйғуристаним елим // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. - Бишкәк, 2001, 294- бәт.
6. Әзимҗан Низамий. Излар // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. 293- бәт.

7. Әзимҗан Низамий. Вәтән. Зулумға завал. - Бишкәк, 2017, 18- бәт.
8. Әзимҗан Низамий. Зулумға завал. 111- бәт.
9. Әзимҗан Низамий. Зулумға завал. 115- бәт.
10. Әзимҗан Низамий. Зулумға завал. 116- бәт.
11. Әзимҗан Низамий. Зулумға завал. 119-120- бәтләр.



## Шаир хәлиқ қәлбидә

Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң тәрәққиятиға мунасип һәссә қошқан шаирларниң бири Җамалдин Қасимовтур.

Җамалдин Қасимов Или вилайитиниң Ғулҗа наһийә, Турпанйүзи йезисида 1937- жили, 26- июнда һүнәрвән аилисидә туғулған. У дәсләптә «Мурат» мәктивидә, андин 1954- жили дарилпинунида оқуп, 1957- жили тамамлиған вә Ғулҗа шәһәрлик яшлар комитетида хизмәт қилған. 1958- жили, у «йәрлик милләтчи» дәп әйиплинип, әмгәк билән өзгәртиш лагериға әвәтилгән. 1963- жили, аилиси билән Қирғизстанниң Фрунзе шәһиригә көчүп келип, 1970- жилғичә «Қирғизавтомаш» заводида, андин кейин бир нәччә жил төмүр йол мәһкимисидә проводник болуп ишлигән.

Җамалдин Қасимовниң тәшәббуси билән 1991- жили, мартта Қирғизстан язғучилар иттипақи йенида Уйғур әдәбият секцияси ечилған болуп, Җамалдин өмириниң ахириғичә шу секцияни башқурди. Җамалдин Қасимов 2000- жили, 24- февралда жүрәк ағриғидин вапат болди.

Җамалдинниң иҗадийити 1953- жили, шеир йезиш билән башланған. Униң язған шеирлири «Шинҗаң яшлири», «Шинҗаң әдәбият-сәнъити», «Тарим» охшаш гезит-журналларниң сәһипилиридә йоруқ көргән. Қирғизстанға көчүп кәлгәндин кейин униң шеирлири «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят», «Иттипақ», «Пәрваз», «Арзу» охшаш гезит-журналларниң сәһипилиридә бесилған. Униң «Дил дәптири» (1971), «Издигәнлирим» (1977), «Йоллар вә ойлар» (1983), «Келәр күнни күткәндә» (1988), «Қәшқәр йоли» (2000) намлиқ шеир топламлири йоруқ көрди.

2001 жили, Йүсүп Баласағуни намидики Қирғизстан Миллий университетиниң Уйғур филология факультети тәрипидин тәйярлап нәширдин чиққан (түзгүчи Әкбәрҗан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик-

хрестоматия китавида Җамалдин Қасимовниң бир түркүм шеирлири билән «Яш һаким» намлиқ балладиси берилгән.

Җамалдин Қасимов шеирлирида ана-вәтән, меһнәтни сөйүш, илим-пән үгүнүш, ишқи-муһәббәт, достлуқ вә тәбиәт мәнзирилирини мәдһилиди.

Шаир «Йәр муһәббити» шеирида:

- Гүл тәрдиңму ?
- Тәрдим тәр төкүп.
- Бәрдиңму элгә ?
- Бәрдим тиз пүкүп.
- Таш қомардиңму җапа теғидин ?
- Қомардим, амма ятмидим мөкүп.
- Айға минәмсән, яки қуяшқа,
Қудритиң барму, йәрдин узашқа?
- Узаймән, бирақ тәң қилалмаймән,
Һәммини бир тал аппақ тоғачқа. (1)

Дегәнгә охшаш мисралирида меһнәтниң немә екәнлигини, һалал әмгиги билән инсанлар өзлириниң бәхит - саадәткә еришәләйдиғанлиғи, «Аппақ тоғач» арқилиқ деһқанлар вә уларниң әҗир - меһнитини жуқури мәдһийлигән.

У өзиниң һаятқа болған муһәббитини «Қириққа бөлүп» намлиқ шеирида мундақ дәп язиду:

Мән сөйимән яшашни күлүп,
Достлар қәлбини гүлләргә көмүп.
Шуңа бүгүн қириқ жилимни,
Олтиримән қириққа бөлүп. (2)

Ана темисиға әсәрләрни язған шаир, язғучилиримиз наһайити көп. Җамалдин Қасимовниң «Ана меһри», «Ана», «Ана сүтидәк», «Ақ гүллириниң гояки анам», «Жиғлар оғли бечарә», «Анамға» охшаш шеирлири ана темисиға беғишланған.



Хиялимни бөлмигин балам,
Қәлимимгә тәгмигин, язай.
Көз алдимда турар җан анам,
Аңа сөзидин мән гөһәр тизай.
Пәрзәнт қәрзи пүтмәйду бирақ,
Анам үчүн яқсам шам - чирақ.
Анам һинди келәр пәнҗирдин.
Урулса гәр бир иллик пурақ. (3)

Шаир «Анамға» намлиқ бу шеирида анисиға болған чоңқур сөйгү муһәббитини изһар қилған.

Шаирниң «Жиғлар оғли бечарә» намлиқ шеирида ана муһәббитини вәтән муһәббити билән чәмбәрчәс бағлап, өзиниң аниға вә вәтәнгә болған чоңқур сөйгү муһәббитини ипадиләйду:

Ана йәнә қәбриң ара сәҗдә қип,
Қайтар вақтим болуп қалди нәчарә.
Туғулған өй-тамлиридин нур темип,
Чидалмастин турар оғлуң бечарә.
.................................
Мән сәргәрдан, мусапир дәп нам алдим,
Шивақ пурақлирини сорап өткәндин.
Ана, сәҗдә қилдим көздин яш темип,
Қәбриңдә яш төкәр оғлуң бечарә. (4)

Чүнки, шаир өз вәтинидә әмәс, чәт жутларда мусапир, сәргәрдан болуп яшиди. Шуңа униң жүриги тохтиғичә ана вәтинини арзулап өтти.

Җамалдин Қасимов уйғур шеирийитиниң «Баллада» жанири бойичә қәләм тәврәткән шаир. Униң баллада жанири бойичә язған «Мәҗнун тал», «Булақ», «Почтальон», «Қисаскар», «Яш һаким», «Тоймуғурниң өлүми» қатарлиқ әсәрлири бар.

«Мәҗнун тал»[5], «Булақ»[6] балладилирида шаир ишқи муһәббәт, адаләтлик вә адаләтсизлик тоғрисидики көз қарашлирини хәлиқ ривайәтлири, еғиз иҗадийитидин елип язған.

Шаирниң «Почтальон»[7] балладисида Иккинчи дуния уруши дәвридики бир почтальон қизниң иш паалийити тәсвирлиниду.

«Яш һаким»[8] балладисида хәлиқни, дөләтни яки бир йеза хәлқини башқурғучи һакимни хәлиқ өз ичидин демократиялик йол билән сайлашниң керәклигини, сайланған һакимму хәлиқпәрвәр, адаләтлик болушни тәкитләп язған.

Җамалдин Қасимов «Қисаскар»[9] намлиқ балладисида вьетнамлиқ бир аялниң орман ичидә көз йоруп балиси билән ятқанда бомба йерилип, аялниң бир путини кесип кетиду. Ана қансирап өливатқан болсиму, балисини сақлап қелишқа тиришиду. Сәһәрдә аял партизанларни көрүп, өзиниң гөдигини уларға бериду. Көзини ечип ана күч билән:

- Елиң қатил явдин интиқам,
Гөргә кирсун қузғунлар тамам.
Оғлум етин қойдум қисаскар,
Хәлқим үчүн болсун пидакар,-
Деди ана, авази өчти. [10]

Җамалдин Қасимов «Борчи қиз», «Тарим оғли», «Нида», «Аял қисмити», «Қутлуқ сәпәр», «Қәшқәр йоли», «Маһмут Қәшқәрий» қатарлиқ дастанларни йезип қалдурған.

«Борчи қиз» шаирниң биринчи язған дастанидур. Бу дастанда шаир өтмүштә ата - анисидин житим қалған борчи қизниң пажиәлик өлүми тәсвирләнгән. У дастанни мундақ тамамлайду:

Борчи қиз арман билән жумди күз,
Жут ичидә «Борчи» дәп қалди сөз.



Мениң мәсүм журигимдә турар юзму - юз.
Һәр қетимда мән униңға баримән,
Әслидиғу бир борчи балимән.
Өткүнүмдә шу қәбирниң йенидин,
Борчи қиз гүлини әсләп қалимән.[11]

Лобнор - Уйғуристанниң җәнубиға, Тарим ойманлиғиниң шималий - шәрқий қисимиға орунлашқан. Униң дәриялири билән көллиридә, җаңгаллири билән идирлирида кам учрайдиған белиқлар, һайванлар, сүмлүк - гиялар көп еди. Йери үнүмлүк, сүйи мол Лобнор тәвәсидә жилиға икки қетим һосул алатти. Кейин бу йәрдә хитай коммунистлири Лобнор атом полигонини ачти вә йепиқ зониға айландурди. Бу йәрдә лагерь селип, уларға путкул ички Хитайдин кәлтурулгән сәясий мәһбуслар билән толдурған.

1963- жили, 1- өктәбрдә Лобнорда биринчи қетим ядро партлитиш йүз бәргән. Атом партлиниши нәтижисидә онлиған йезилар вәйран болуп, әтраптики дәрия-көлләрниң сүйи тартилип кәткән. Җаниварлар һәрхил ағриқлардин өлүп кәткән. Өсүмлүк, дәл-дәрәқләр көйүп түгигән. Адәмләр болса, һәрхил еғир ағриқларға муптила болуп, көпинчиси өлүп кәткән. Нарсидиләр һәр хил кесәлләр , камчилиқлар билән туғулуп, туғма нака болуп яшимақта. Мана мошуларниң һәммисини көздә тутқан шаир «Тарим оғли»[12] дастанида изаһлап бериду.

Җамалдин Қасимов Тарим оғлиниң образиға уйғур хәлқини тәсвирлигән. Чүнки, уйғур хәлқи Тарим оғлиға охшаш саддә, ақ көңүл, меһрибан, меһмандост болғанлиқтин, көк чапанлиқлар «меһман» сүпитидә Уйғуристанға келип, Лобнор районида атом тәҗрибисини жургүзүп, нәтиҗидә орни толмас апәтләрни елип кәлди.

Шаир «Тарим оғли» дастанида Хитай һакимийитиниң Уйғуристан зиминида атом бомбисини синақ қилип, хәлқимизни қириватқиниға өзиниң наразилиқ ой -пикирлирини язған.

1970- жилидин башлап Хитай һөкүмити «Туғутни чәкләш» сәяситини жүргүзүп, уйғур хәлқиниң милләт сүпитидә йоқап кетиш ховупини туғдурмақта. «Икки балидин ошуқ бала тепишқа болмайду» дегән пәрман чиққандин кейин буниңға бой сунмиған аилиләрни еғир җазаға тартти, җәриман салди. Нарсидиләрни һәр хил усуллар билән өлтүрди. Һамилдар болған аяллар мәҗбурий турдә тиббий пунктлириға кәлтүрүлүп операция қилип, қосуғидики балилирини елип ташлиди. Нурғундиған аяллар тоғра әмәс операциядин кейин қурбан болушти. Иккинчи қетим пәрзәнт көрмәслиги үчүн аниларға хирургиялиқ операцияләрни қилатти.

Хитай һакимийитиниң «Туғутни чәкләш» сәясити шаирниң жүригини môжумай қоймиди. Униң «Нида»[13], «Аял қисмити»[14] дастанлирида мошу рәзил сәясәтниң қурбани болған уйғур аяллириға беғишланған.

2001-жили, униң вапатидин бир жилдин кейин «Қәшқәр йоли»[15] намлиқ дастанлар топлими нәшир қилинди. Уни мәрһумниң қизи, филология пәнлириниң намзити Дилнур Қасимова тәйярлиған. Бу топламда «Қутлуқ сәпәр», «Маһмут Қәшқәрий» қатарлиқ дастанлири орун алған.

Һәммигә мәлум, Җамалдин Қасимов Хитайниң сәясий тәқиплиригә учрап, өзигә сәясий панаһ издәп аилиси билән вәтинидин чиқип кәткән еди. Чәт жутларда көп мәшәқәтләрни көргән шаирниң қәлбидә өз ана жутини көрүш арзуси бар еди. Бир нәччә он жиллардин кейин шаир өз жутини көрүп келиш пурситигә егә болиду. Шаир Уйғуристан диярида Ғулжа, Үрүмчи, Турпан, Күчар, Қәшқәр вә башқа шәһәрләрни, у йәрләрдики тарихий җайлар билән уйғур хәлқиниң мунәввәр пәрзәнтлири Йүсүп Хас Һаҗип Баласағуни, Маһмут Қәшқәрий, Садир Палван, Лутпулла Мутәллип вә башқиларниң қәбригаһлирини зиярәт қилип, Қирғизстанға қайтип кәлгәндин кейин сәпәр тәсиратлирини «Қәшқәр йоли» китавида йезип қалдурған.



У өз сәпири һәққидә:

Несип болди маңа тағдин ашмақлиқ,
Дәриялардин өркәшлинип ташмақлиқ.
Несип болған екән жутниң һидини,
Жиғип, пурап, аләм ара чачмақлиқ. [16]

Дегәнгә охшаш мисралирида Җамалдин Қасимов сәпәр тәсиратлириниң шаир қәлбидә пәйда болған һес - туйғулирини һаяҗанлиқ билән тәсвирләйду.

Җамалдин Қасимов «Қәшқәр йоли» дастанида Қәшқәр тоғрисида кәң тохтилиду. Қәшқәр - у қедимий Ипәк йоли бойиға орунлашқан шәһәр. Қәшқәр йоли - бу сирлиқ йол. Бирлиригә бу йол мәдәткар болса, бирлиригә бу йолдин өтмәк мүшкүл болған. Лекин шаир үчүн бу сөзсиз йолдин , муз давандин яланғидақ меңип җапа чәксиму, өзини бәхитлик һес қилиду.

Шаир Қәшқәргә кетиветип йол үстидә, Қәшқәр шәһири, Қәшқәрдә өткән атақлиқ уйғур шаир Гүмнамни вә униң «Қәшқәр» намлиқ ғәзилини әсләйду. Шаир Гүмнам өзиниң «Қәшқәр» намлиқ ғәзилидә Қәшқәр шәһирини , Қәшқәрниң гөзәл мәнзирисини, шәривәт сөлирини, Қәшқәр қизлириниң гөзәллигини, қисқиси Қәшқәрни йәр йөзидә әң улуқ шәһәр дәп мәдһиләп язған еди.

Шаир Җамалдин Қасимов шу хияллар билән Қәшқәргә йетип келиду. Қәшқәрниң ақ нийәтлик адәмлири меһманға нан, анар тутуп қарши алиду. Улар шаирниң бешиға бадам доппа кийдуруп, өйлириниң түригә көрпә селип, үзүм, анар, қаймақлар билән меһман қилиду...

У «Қәшқәр» шеирида:

Қәшқәр, Қәшқәр
Қәлб сөзүмни әстә тут,
Мениң үчүн наминиң бүйүк,

Тәптиң от, һеч биригә
Тәңләштүргүм кәлмәйду
Сән қәдимий, қуяшлиқ жут
Нурлуқ жут.[17]

Дегән мисралири билән Жамалдин Қасимов «Қәшқәр йоли» дастанини тамамлап, өзиниң вәтәнпәрвәрлик роһини йүксәк дәрижидә ипадиләйду.

Жамалдин Қасимов « Қәшқәр йоли» дин кейин чоң төрт қисимдин ибарәт болған «Маһмут Қәшқәрий»[18] намлиқ дастанни язди. Бу дастанда шаир уйғур хәлиқниң мәшһур алими Маһмут Қәшқәрийниң даналиғи билән алийжанаплиқ хисләтлирини, «Туркий тиллар дивани»ни яритиштики жапалиқ меһнәтлирини дастанда һәр хил вақиәләр арқилиқ тәсвирләп бериду.

Униң «Қутлуқ сәпәр», «Қәшқәр йоли», «Маһмут Қәшқәрий» дастанлири бир пүтүн дастанлар цикли болуп, авторниң қутлуқ сәпиридин кейин йезилған.

Жамалдин Қасимов қирғиз шаирлири Мархаба Ааматов, Надирбек Алимбековларниң шеирлирини уйғурчиға тәржимә қилған. У Мархаба Ааматовниң «От бойидики ойлар» (1993), Надирбек Алимбековниң «Гүл өмүр» (1993), «Бири кам дуния» (1994) шеир топламлирини Алмутида уйғурчә нәширдин чиқарған. Ж. Қасимовниң йетәкчилигидә Мархаба Ааматовниң тәржимиси билән Қирғизстандики уйғур шаир, язғучилириниң әсәрлири биринчи қетим «Үмүтүм мениң ата жут» намлиқ топлам 1994-жили нәшир қилинған. Андин кейин Абдусалам Ғаппарниң «Каккук болуп сайридим», «Көңүл сандуғумдики ойлар», Хәйриниса Турдиеваниң «Жан сирим», Қасимжан Әйсаниң «Жүрәктин тамған тамчилар» шеир-һекайә топламлири қирғиз тилида нәшир қилинди.

Шаир Жамалдин Қасимов Қирғизстан уйғур әдәбияти тарихида мунасип из қалдуруп кәтти. Шаирниң нами уни билидиған қәләмдаш достлириниң қәлбидә узақ сақланғуси.



---


1. Жамалдин Қасимов. Йәр муһәббити. Йоллар вә ойлар. - Алмута, 1977, 3 - бәт.

2. Жамалдин Қасимов. Қириққа бөлүп. Издигәнлирим. - Алмута, 1983, 5 - бәт.

3. Жамалдин Қасимов. Анамға. Издигәнлирим. -Алмута, 1983, 21-22- бәтләр.

4. Жамалдин Қасимов. Жиғлар оғли бечарә// «Йеңи һаят».- Алмута, 1995, 11 - сентәбрь.

5. Жамалдин Қасимов . Мәжнун тал. Дил дәптири. - Алмута, 1971, 30-34- бәтләр.

6. Жамалдин Қасимов. Булақ. Дил дәптири. 34- 43- бәтләр.

7. Жамалдин Қасимов. Почтальон. Издигәнлирим. Алмута, 1983, 40-43- бәтләр.

8. Жамалдин Қасимов. Яш һаким. Келәр күнни күткәндә. - Алмута, 1988, 51- 54- бәтләр.

9. Жамалдин Қасимов. Қисаскар. Издигәнлирим. -Алмута, 1983, 44- 46- бәтләр.

10. Жамалдин Қасимов. Қисаскар. Издигәнлирим. 46-бәт.

11. Жамалдин Қасимов. Борчи Қиз // «Йеңи һаят».- Алмута, 1974, 12- декабрь.

12. Жамалдин Қасимов. Тарим оғли// «Уйғур авази»».- Алмута, 1992, 28-30- өктәбр, 3- ноябрь.

13. Җамалдин Қасимов. Нида // «Йеңи һаят», -Алмута, 1993, 15- август,

14. Җамалдин Қасимов. Аял қисмити// «Йеңи һаят».- Алмута, 1993 10- июль.

15. Җамалдин Қасимов. Қәшқәр йоли. -Алмута, 2001.

16. Җамалдин Қасимов. Қәшқәр йоли. 52- бәт.

17. Җамалдин Қасимов. Қәшқәр йоли. 42- бәт.

18. Җамалдин Қасимов. Махмут Қәшқәрий. Қәшқәр йоли, 43- 115- бәтләр.



# Һиҗран азавида яшиған шаир

Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң шәкиллинишидә өзиниң мунасип һәссисини қошқан шаирларниң бирси Абдуреһим Рахмандур.

Абдуреһим Рахман 1938- жили, Уйғуристанниң Атуш наһийәси Мәшһәттә хизмәтчи аилисидә дунияға кәлгән. 1954-1957- жиллири Урумчи тиббий мәктивини түгүтүп Шинҗан - Уйғур автоном районлуқ Сағлиқни сақлаш назарийитидә ишләйду. 1958- 1959- жиллири Сағлиқни сақлаш назарити бойичә жүргүзүлгән стил түзутуш һәрикитидә «оңчи», «милләтчи» дегән қалпақлар билән әйиплинип, бир жил әмгәк лагерлирида җисманий әмгәк билән шуғуллиниду. Кейин Урумчи Саһийә назаритидә чиққан «Сағлиқ сақлаш» журнилида ишләйду. Бу йәрдә икки ай ишлигәндин кейин мәмликәт бойичә қәғәзниң қислиғи сәвәви билән журнал йепилиду.

Абдуреһим Рахман 1962- жилиниң июль айлириғичә Урумчи Көмүр кан заводиниң «Тиббий пункитида» ишләйду. Кейин бу йәрдә ишләш мумкинчилиги болмай Ғулҗа шәһиригә келиду. Ғулҗида 6-7 ай туруп, 1963- жили, апрельда Қирғизстанниң Соқулуқ райони, Маловодний йезисиға көчүп келип орунлишиду. Дәсләп тиббий пунктта, 1976- 1982- жиллири «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят» гезитлириниң Қирғизстан бойичә мухбир болуп ишлигән.У 1983- 2002- жилларда сода - тиҗарәт иши билән шуғулланған. 2003- жили, 27-апрельда еғир ағриқтин кейин талантлиқ шаир Абдуреһим Рахман оғли Бишкәк шәһиридә вапат болди.

Абдуреһим Рахман мәктәптә оқуп жүргән чағлирида әдәбиятқа қизиққан. Униң язған шеирлири «Тиббий мәктәп», «Әдәбий иҗат» қатарлиқ гезитлиридә бесилған. 70- жиллардин башлап униң шеирлири «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят» гезитлиридә бесилип турған. 1994-жили Қирғизстан язғучилар иттипақи Бәдиий әдәбият тәшвиқат бюроси тәрипидин қирғиз тилида нәшир қилинған «Умүтүм мениң ата журт»[1] намлиқ

топламда униң бир туркум шеирлири берилгән. 2000- жили Абдурейим Рахманниң «Рубаийлар»[2] намлиқ шеирлар топлими нәширдин чиқти.

2001- жили Йүсүп Баласағуни намидики Қирғизстан Миллий университети, Хәлиқ ара билим бериш программилири бойичә Интеграция институтиниң Уйғур филология факультети тәрипидин (түзгүчи Әкбәрҗан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» намлиқ оқуш китавида Абдурейим Рахманниң ғәзәл, мухәммәс, рубаийлири билән «Қәмбәрниса»[3] поэмиси, «Сунған ғунчә»[4] һекайиси берилгән.

Абдурейим Рахманниң әдәбий иҗадийитиниң шәкиллинишигә, риважлинишиға шаир вә язғучи Абдурейим Өткүр чоң тәсир көрсәткән. Абдурейим Рахман өзиниң ғәзәл вә рубаийлирида Абдурейим Өткүрни устазим дәп мәдһилигән. Шундақла, Абдурейим Рахман өзиниң 2000- жили нәшир қилған «Рубаийлар» китавида: «Уйғур әдәбияти вә иҗтимаий тәпәккүр саһәсидә заманимиздики әң чоң намайәндә устазим Абдурейим Өткүрниң мәңгү өлмәс хатирисигә беғишлаймән»[5] дәп язған.

Шаир бир рубаийисида Абдурейим Өткүр хатирисигә беғишлап мундақ язиду:

Кәлди шум хәвәр Өткүр түгәп қалди ,
Жүригим һәрикәттин тохтай дәп қалди.
Көздә яш, дилда дағ, пүтмәс надамәт,
Ейтилмай қалған нурғун гәп қалди.[6]

Абдурейим Рахман шаир Абдурейим Өткүрниң хатирисигә өзиниң бир нәврисиниң исмини Өткүр дәп қойған.

1991- жили, Қирғизстан язғучилар иттипақиниң йенида Уйғур язғучилириниң бөлүми қурулди. Бу бөлүмгә Қирғизстанда яшап иҗадийәт билән шуғулланған шаирлар, язғучилар, журналистлар вә уйғуршунас алимлар кирди. Шаир Җамалдин Қасимов Уйғур язғучилар бөлүмигә рәис болуп сайланди. Җамалдин Қасимовниң рәһбәрлигидә шаир,



язғучилардин Абдуманнап Қасим, Абдурейим Рахман, Нәсирдин Давут, Нуранийә Қәмбәрова, Хәйриниса Турди вә башқилар актив қатнишип яхши паалийәтләрни өткәзди.

Уйғур шаирлиридин Абдухалиқ Уйғур, Мәмтили Тәвпиқ вә башқиларниң әдәбий кечиликлирини өткәзди. Әнә шу Уйғур бөлүминиң тиришчанлиғи билән 1994- жили, қирғиз шаири Мархабай Ааматовниң тәрҗимисидә уйғур шаир вә язғучилириниң шеир вә һекайилири «Үмүтүм мениң ата журт» намида қирғиз тилида китапчә нәшир қилинди. Җамалдин Қасимов бу китапчиниң кириш қисимида Қирғизстан уйғур әдәбияти тоғрисида тохтилип, шаирлар Абдуманнап Қасим билән Абдурейим Рахманлар иҗадийитигә жуқури баһа бәргән.[7]

Шаир иҗадийитиниң мавзу даириси кәң. У тәбиәт, гөзәллик, муһәббәт, достлуқ, тәғдир, умумән һаятниң һәммә көрүнушлири һәққидә қәләм тәврәткән.

Абдурейим Рахман иҗадийитидә чоңқур вәтәнпәрвәрлик роһи күчлүк жараңлайду. Өз вәтини, яру-бурадәрлири сеғинип, мусапирлиқта сәргәрдан һаят кәчүруватқан шаир Ана вәтинини улуқлайду, униң ишқида, һиҗран азавида жүриги өртиниватқанлиғини, вәтинини көрүш иштияқида интилишлирини бәдиий бояқлар билән тәсвирләйду. Шаир «Җуда» намлиқ ғәзилидә:

Аһ, пәләк, қилдиң диярим-тутияликтин җуда,
Көз ечип көргән муһәббәт-ашналиқтин җуда.
Үзлири нур, меһри дәрия, бағри кәң мисли деңиз,
Қоллири гул, ләвзи қаймақ әл халайиқтин җуда.[8]

Дәп, вәтинидин айрилиш җудалиғини чоңқур һес туйғу билән ипадиләйду.

Абдурейим Рахман «Яриң сениң» намлиқ ғәзилидә:

Әй, Нигара, кәтмәс қулақимдин пуған зариң сениң,
Һәр сәһәр инрайду муңлуқ кой билән тариң сениң.
Шум рәқиплар сени мәндин, жанни тәндин айриди,
Бу рәқишләргә сәвәптур һөсни гулзариң сениң.[9]

Дәп вәтинидин айрилип жудалиқта яшишиниң сәвәвини «Шум рәқипләр» дин көриду.

Абдуреһим Рахман өзиниң туғулуп өскән маканини әсләп бир рубаийисида мундақ язиду.

Мусапир һалимға кулмә, мениңму өз диярим бар,
Һәрәмбағни лал қилған һөсундар лализарим бар.
«Йеңилмәс бир пәкәт аллаһ» гөһәрни аһ, урдум ташқа,
Хатани дәпнә қилмаққа һемишәм ихтиярим бар.[10]

Шаир «Бүгүн» намлиқ ғәзилидә қериндаш Орта Асия хәлиқлириниң азатлиққа, мустәқилликкә еришип, хошаллиқ той мәрикилирини өткүзүватқанлиғини мәдһийләп, келәчәктә уйғур дияриниңму шундақ һөрлүккә еришишини чоң үмүт-арзу билән мундақ мәдһийләйду:

Кәлгинә достум, ичәйли бир пиялә мәй бүгүн,
Той әвжигә чөмди, аләм болмиғай ичмәй бүгүн,
Һәр тәрәптин йңриса тәңлик, адаләт нахшиси,
Кимму ейтмайду көңүлдин тойға-той дәмәй бүгүн.[11]

Абдуреһим Рахман «Қәмбәрниса» поэмисини Қәмбәрнисаниң пажиәлик вақиәсигә асаслинип язған. Бу вақиә мавчиларниң заманисиға тоғра кәлгән. Мәлүмки, хитай эксийәтчилири уйғурларниң гөзәл қизлирини мәжбурий һалда хотунлуққа елип, ашиқ жигитлирини болса, һәр түрлүк сәвәпләр билән түрмиләргә селип йоқ қилатти.

Бу вақиә Атуш шәһиридә болған. Поэминиң баш қәһримани Қәмбәрниса болуп, қәдди қамити келишкән, назук вә



гөзәл қиз еди. Қәмбәрнисаниң сөйгән яриниң исми Алмас. Алмас орта бойлуқ, келишкән вә ишчан жигит еди. Қәмбәрниса билән Алмас бир-бирини сөйгән вападар ашиқлар.

Шу вақитта Артушниң наһийә башлиғи Жаң болуп, уни хәлиқ Жаңко –Жаң дәп атишатти. Жаңниң йеқин достиниң исми Нурдин болуп, у Жаңниң тапшуруқлирини жан дили билән атқуратти.

Күнләрниң биридә Нурдин Жаңға Қәмбәрнисаниң қәдди қамити келишкән, гөзәллиги тоғрисида сөзләп бериду. Шундақла, Қәмбәрнисаниң сөйгән жигити Алмас вә акиси, шу йезиниң башлиғи Қудрәт тоғрисидиму ейтиду.

Жаңко Жаң Қәмбәрнисани көриду вә униңға ашиқ болиду. Қәмбәрнисани өзигә хотун қилиш үчүн алди билән униң жигити Алмасни йоқ қилиш койиға чүшиду.

Жаңко Жаң Алмасқа «оңчи», «эксийәтчи», «террорист» дегән қалпақларни кийгүзүп түрмигә салиду вә ахири өлтүриду.

Жаңко Жаңниң бөлүмидә Қәмбәрниса билән Жаңко Жаң олтириду. Жаң болса Қәмбәрнисаға: «Бүгүн сөйгән яриң Алмас төрмидә өлүпту. Уни сақчилар түрмидин қачқан пәйтидә етип өлтүрүпту», дегән шум хәвәрни ейтиду. Уни аңлап Қәмбәрниса:

- Ялған, ишәймәнмән, - дәйду қәтъий түрдә.

Бирақ Жаң: «Әгәр сән маңа турмушқа чиқсаң, аиләң билән хатиржәм яшайсән»-дегән гәпни ейтиду.

Қәмбәрниса Жаңға хотун болушни қобул қилмай өзини көлгә ташлап өливалиду. Буни аңлиған Қәмбәрнисаниң акиси Қудрәт сиңлисиниң өчини алмақ болуп Жаңко Жаңға бариду. Лекин Қудрәтни сақчилар тутуп елип уни түрмигә салиду. Қәмбәрнисаниң аниси болса, шу еғирчилиқларни баштин кәчүрүп, оғли Қудрәтниң түрмидин чиқишини күтиду. Шуниң билән дастан тамам болиду.

Абдуреһим Рахман «Қәмбәрниса» дастани арқилиқ уйғур хәлқиниң еғир пажиәлик турмуш һаятини, тәңсизлик, болупму уйғур аяллириниң инсаний һоқуқлириниң аяқ асти қилинишлирини көрситишни мәхсәт қилған. Поэма

Қәмбәрнисаниң пажиәлик вақиәсигә асаслинип, хитай даирилириниң уйғур хәлқи үстидин жүргүзиватқан һәр түрлүк сәясәтлирини вә тәңсизликлирини чоң маһарәт билән паш қилиду.

Абдуреһим Рахман талантлиқ шаир болупла қалмай, маһир язғучи еди. У бир нәччә һекайә, повестларни язған. Униң «Сунған ғунчә» намлиқ һекайисидә 1962- жили, 29- май күни Ғулжа шәһиридә йүз бәргән қанлиқ вақиә тоғрисида язиду. 1962- жили, 29- май күни Сажидә исимлик қиз дадиси билән Сүйдуңдин Ғулжиға келип, қатнаш идарисидә машинидин чүшиду. Шу чағда хәлиқ топи Или-Қазақ областлиқ комитетиниң идарисидин Ғулжа-Сүйдуң йолиға билет сетип беришни тәләп қилип келишигә хитай солдатлири тәрипидин оққа тутулиду. Нәтижидә Сажидәмгә оқ тегип яридарлиниду. Қизниң дадиси 29- май вақиәсигә қатнашти дегән баһанә билән түрмигә солиниду. Сажидәм өйидә бир нәччә күн йетип вапат болиду. Абдуреһим Рахман Сажидәм охшаш яш оғул-қизларниң наһәқ пажиәлик өлүми тоғрисида язған.

Абдуреһим Рахман өз вәтини Уйғуристанни көрүш, у йәрдики дост- яру-брадәрлири билән учрушуп вә шундақла нәширгә тәйярлиған «Қәмбәрниса» (дастан), «Әстики излар», «Ғәзәлият вә рубаийят» қатарлиқ нәзимий әсәрлирини, «Һаят һәқиқити» намлиқ биографиялик қиссисини китап қилип нәширдин чиқириш мәқситидә, 2002- жили, ноябрда Үрүмчигә барған еди. Бирақ, у йәрдә ағриғи күчүйүп кетип, бир ай болмай Бишкәккә қайтип кәлди. Дохтурларниң дәваси үнүм бәрмәй, әжәл уни аримиздин елип кәтти.

Абдуреһим Рахман өмүриниң ахириғичә вәтини Уйғуристанниң азатлиғини арзу қилип өтти. У бир рубаийисида:

Күнүм патқанда көмүңлар жутум Атушқа-Мәшһәткә,
Сутуқ Буғра макан тутқан бу жай мән үчүн Мәккә.
Вәтән сөйгүсидә болдум мусапир, әрик гадайи,
Теним топриғиға қансун кирип ятқанда ләһәткә...(12)



Шаир өзиниң арзу-арманлириға йетәлмәй, бу аләмдин һәсрәт билән кәтти. Униң жәсәди Қирғизстан жумһурийити, Чуй вилайтиниң Аламедин наһийәси, Лебединовка йезисиниң зарәтқалиғиға дәпнә қилинди.

———


1. Үмүтүм мениң ата журт. -Бишкәк, 1994.
2. Абдуреһим Рахман. Рубаийлар. -Бишкәк, 2000.
3. Абдуреһим Рахман. Қәмбәрниса // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. –Бишкәк, 173- 178- бәтләр.
4. Абдуреһим Рахман.Сунған ғунчә // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. 184- 187- бәтләр.
5. Абдуреһим Рахман. Рубаийлар. 2- бәт.
6. Абдуреһим Рахман. Рубаийлар. 115- бәт.
7. Үмүтүм мениң ата журт. 4-5- бәтләр.
8. Абдуреһим Рахман. Яриң сениң // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. 169- бәт.
10. Абдуреһим Рахман. Рубаийлар // Қирғизстан уйғурлириниңә әдәбияти. 180- бәт.
11. Абдуреһим Рахман. Бүгүн // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. 167- бәт.
12. Абдуреһим Рахман. Рубаийлар // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. 180- бәт.

## У аддий инсан болуп яшиған

Нәсирдин Давут һазирқи заман Қирғизстан уйғур әдәбиятининң асасини салғучиларниң бири, талантлиқ язғучи. Қирғизстан уйғур нәсрий әсәрләрниң вужутқа келиши вә шәкиллиниши дәвридә Нәсирдин Давут иҗадийити муһим орунни егәлләйду.

Нәсирдин Давут 1941- жили, Уйғуристанниң Ғулҗа шәһиридә туғулған. У 1956- жили, Текәс наһийәлик толуқсиз оттура мәктәпни түгүтүп, Үрүмчи Шинҗаң институтиниң әдәбият факультетиға оқушқа чүшиду. Лекин, саламәтлигиниң начарлишиши түпәйли оқушни давамлаштуралмай, 1957- жили, Ғулҗиға қайтип келип, әрләр толуқ оттура мәктивидә оқуйду. 1960- жили, мәктәпни пүттәргәндин кейин Текәс наһийәлик оттура мәктәптә уйғур әдәбиятидин дәрис бериду. 1963- жили, ата-аниси билән Совет Иттипақиға көчүп чиқип, Қирғизстанниң Қәнт райони, Ново-Покровка йезисиға келип орунлишиду. У дәстләп колхоз-совхозларда, кейинирәк Бишкәк шәһиридә яғачилиқ ишханисида ишләп, 1981- жили, саламәтлигиниң начарлиши сәвәблик, 40 йешида 2- группа накалиқ пенсиягә чиққан. 1995- жили, жүрәк ағриғи билән вапат болди.

Нәсирдин Давутниң әдәбий иҗадийити шеир йезиш билән башланған. Униң шеирлири «Или гезити», «Аммивий клуб» гезит-журналларда йоруқ көргән.

Нәсирдин Давут 1981- жилидин башлап һекайә йезиш билән шуғулланған. Униң һекайә, повестлири «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят», «Пәрваз» қатарлиқ гезит-журналларда бесилған.

Һәммигә мәлүм, 1991- жили, март ейида Қирғизстан язғучилар Иттипақиниң йенида Уйғур әдәбият сексияси ечилған еди. Әнә шу уйғур сексиясигә Нәсирдин Давут актив қатнишип, уйғур әдәбиятиға қизиққан уйғур яшлириға ярдәм бәргән.

1994- жили, Қирғизстан язғучилар иттипақиниң Бәдиий әдәбият-тәшвиқат бюроси тәрипидин қирғиз тилида нәшир



қилинған «Үмүтүм мениң ата журт» топламида униң «Әсләш» намлиқ һекайиси берилгән. 2001- жили, Қирғизстан Дөләт Миллий универститети, Хәлиқара билим бериш программилириниң Интеграция институти, Уйғур филологияси факультети тәрипидин тәйярлап нәшир қилинған (түзгүчи Ә.Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик-хрестоматия китавиға Нәсирдин Давутниң «Әсләш», «Һәй, ана дегән» һекайилири киргүзилгән. Нәсирдин Давутниң «Алтун тавақлиқ гадайлар» намлиқ һекайилар топлими Қасимҗан Әйсаниң тәйярлиши билән 2004- жили нәширдин чиқти. Бу топламда Нәсирдин Давутниң «Алтун тавақлиқ гадайлар», «Өтнә аләм», «Момам ейтқан ривайәт», «Байрәм өйимдә қапту», «Дадамниң ейтқанлири», «Еһ, тәңсиз дуния» вә башқа һекайилири; «Йеза параңлири», «Ғунчәмниң хошниси», «Дадам өйлинипту», «Тойниң этиси», «Тәнкитчи ашпәз» қатарлиқ һәҗвий һекайилири; «Чирайлиқ дегән немә?», «Мөҗизә қуши кимгә тәәллуқ?» охшаш балиларға беғишланған һекайилири берилгән. Язғучиниң һекайилири һәр хил мавзуларда йезилған.

Нәсирдин Давутниң «Өтнә аләм» намлиқ һекайиси «Йеңи һаят» гезитиниң 1994- жили, 18- июнь санида бесилған. Һекайә Айсихан аниниң аилиси тоғрисида йезилған. Һекайиниң баш қәһримани Айсихан ана. Айсихан ана ялғуз оғлини өстүрүп чоң қилиду. Өйгә яш келин келиду. Бу келинниң Айсихан аниға болған мунасивити наһайити сус болуп , униңға бәзи қийинчилиқларни елип келиду. Ахири буниңға чидимиған Айсихан ана өзини өлтүрүвелиш дәриҗисигә йетиду. Бирақ, у өзигә қол салалмайду, өмүриниң ахириғичә мошу дәртниң ичидә өтиду.

Язғучи Нәсирдин Давут «Өтнә аләм» намлиқ бу һекайиси арқилиқ инсанларниң бир - биригә болған мунасивитини көрситишни мәхсәт қилған. Айсихан аниниң обризи арқилиқ һекайиниң асасий мәхситигә йәткән. Айсихан ана өзи келин болуп кәлгәндә қейин анисини қандақ қахшатқан болса, келини уни шундақ қахшитиду.

Язғучи бу һекайиси арқилиқ худди «Асманға түкәрсәң бешиңға чүшәр», «Яшлиғиңда яхшилиқ қилмиған, қериғанда қаттиқлиқ көрәр» дегән мақалиларни испатлап бериду. Яш келингә өзиниң қейин анисиға яхши муамилә қилишни, әгәр ундақ болмиса, келин қейин ана болғанда, өзиниң муамилиси қайтип келиду, дегән пикирни очуқ айдиңлап бериду.

Язғучи Нәсирдин Давутниң «Өтнә аләм» намлиқ һекайисиниң тәрбийәвий әһимийити наһайити зор.

Нәсирдин Давутниң «Алтун тавақлиқ гадайлар» һекайисида хитай коммунистлири уйғурлар зиминини өзигә егиләп елиштин ташқири, уларни һәр түрлүк һели-нәйраңлири билән инсаний һоқуқлирини дәпсәндә қиливатқанлиғи тоғрисида язиду. Әсәрдә икки хитай зиялийсиниң өз ара сөһбити арқилиқ ривайәткә айланған бай диярниң гөзәл қизлирини алдап, Хитайниң ичкәрки өлкилиригә елип кетип, ресторанларда, меһманханиларда паһшивазлиқ үчүн пайдилиниватқанлиғини паш қилиду.

Әсәрдики иҗабий қәһриманлар Баһаргүл билән Арзигүлләр. Һәр иккилиси сәнъәт мәктивидә оқуш арзуси билән Хитайниң ичкири өлкилиригә елип кетилгән. Баһаргүл башқиларниң ярдими билән қутулуп өз журтиға келиду. Арзигүл болса Баһаргүлгә охшаш алдинип, хитай ресторан егилириниң қолида, уларниң күндилик пул тепип бай болиши үчүн хизмәт қилидиған қули. Арзигүлни ресторан хоҗайинлири наркотикқа үгүтүп қоюп, өз қолиға еливалған. У кечә-күндүз наркотик билән өз күнини өткүзиватқан бечарә қиз. Арзигүлни шу явузларниң қолидин қутулдуридиған адәм йоқ.

Әсәрдә мүнбәт бай зиминға егә алтун тавақниң егилири болған уйғур хәлқи униңдин бәһримән болушниң орниға ишсизлиқ, ғурубәтчилик, тәңсизлик, еғир турмушта яшаватқанлиғини көрситиду. Шундақла, һекайида Хитай һөкүмитиниң уйғур хәлқини җисманий вә мәнивий җәһәттин йоқитишниң, очуғирақ ейтқанда, уйғурларниң нәслини қурутушниң йолиға чүшкәнликлирини очуқ паш қилиду.



Нәсирдин Давутниң «Аччиқ һәқиқәт» намлиқ повести «Пәрваз» журнилиниң 1995- жилиниң 2- санида бесилип чиққан. Повестта 80- жиллардики йеза егилик һаятидики һәқиқәтсизликләр паш қилинған.

Повест «Баһар» меһманханисиға Надир Қадир оғли вә униң шофериниң келип тохтиши билән башлиниду. Меһманханиниң сиртқи көрүниши анчә көркәм болмиған билән, униң ичи азадә, тамлири ақланған, йоп - йоруқ еди. Шофер келип қобулханиниң ишигини чекип, кирип мулазимәтчи аялдин орун керәклиргини сорайду. Қобул қилғучи аял меһманханида орунниң йоқлиғини ейтиду. Шу пәйиттә сиңлисиниң йолдиши, йәни шу колхозниң рәиси кирип келиду. Улар иллиқ көрүшиду. Колхоз рәиси қейин акисиниң колхозға кәлгәнлигини аңлап дәрру йетип кәлгән еди. У қейин акисиниң сиңлисиниң өйигә чүшмәй меһманханиға чүшкәнлигигә аччиқ қилип, өйигә тәклип қилиду. Надир Қадир оғли униңға миннәтдарлиғини билдүрүп, хизмәт еһтияҗи билән кәлгән адәмгә меһманханиниң қолайлиқ екәнлигини ейтиду. Улар бөлүм ичигә киргәндин кейин бир аз сөһбәтлишиду. Колхоз рәиси бу жиллиқ һосулниң техи жиғилип болмиғанлиғини, мәктәп оқуғучилириниң ярдәм бериватқанлиғини вә көп кишиләрниң шәһәргә көчүп кетиватқанлиғи тоғрисида сөзләп бериду.

Надир Қадир оғли униңдин «немә үчүн?» - дәп сорайду. Акисиниң бу соалиға рәис очуқла, йеқинда кәлгән парторг билән петишалмайватқанлиғини изһар қилиду.

- Һазирқи өзгиришләр һәммини нәқ пулға өзгәртивәтти. Мал бодаш комплексқа, мәдәнийәт өйигә, балилар өйигә, чарвичиларниң қоралирини ремонт қилиш ишлириға пул йоқ. Бизгә пулни ким бериду, Надир ака? - дәп сорайду колхоз рәиси. Улар узун сөһбәтләшкәндин кейин Әскәр хошлишип чиқип кетиду.

Надир Қадир оғли Әскәрни узатқандин кейин, бөлүм ичидә меңип жүрүп, өтүлгән сөһбәтни мулаһизә қилишқа башлиди. Андин юмшақ орунға кирип көзини жумди. Әскәрниң һазирла

ейтқанлири мейисигә киривелип арамини қоймиди. У йәнә чирақни йеқип, униңға әвәтилгән хәтни оқушқа башлиди. Униңға бу хәтни йезиға йеқинда кәлгән парторг билән сиңлисиниң оғли Данияр язған.

Хәттә йезидики адаләтсизлик, колхозниң иқтисади кирим - чиқимлириниң әмәлийәткә тоғра кәлмәйдиғанлиғини, башлиқларниң йезидики пайдини өзлириниң янчуғиға селиватқанлиғини, жуқуридин кәлгән тәкшүргүчиләрниң һәқиқий әһвални язмастин янчуғиға пул селип кетип барғанлиғи вә башқа нәрсиләр тоғрисида язған. Надир Қадир оғли бу мәсилидә әркин пикир қилип, тоғра хуласә чиқириш үчүн туюқсиз колхоз меһманханисиға чүшүшни нийәт қилған еди.

Әнди Надирниң ой пикри һазирла болуп өткән сөһбәткә көчти. «Әсқәрниң сөзлири колхоз әһвалидин көрә өзини көрситишкә урунуп, парторгни әйиплә шкә киришиватиду», дәп баһалиди у вә хәттики сөзләрни әсләшкә башлиди.

Әнди униң хияли сиңлиси Мәрийәм тәрәпкә өтти. Надир Қадир оғли ата - анисидин айрилғанлиғини әсләйду.

Урушта атиси қаза тапиду. Кейинирәк анисидинму айрилиду. У алий мәктәпни түгүтүп өзи туғулуп өскән йезисиға келип ишләйду. У бара - бара көтирилип наһийәлик хизмәткә орунлишиду. Сиңлиси Мәрийәм болса, мошу йезиға зоотехник болуп кәлгән Әсқәргә турмушқа чиқиду вә көп өтмәй оғли Данияр туғулиду. Кейинирәк, күйоғли Әсқәр колхозниң рәиси болиду. Шуңлашқиму, Надир бу колхозға көп кәлмәй, пәқәт жуқурдинла қоллап турди, мана униң ақивити.

Әтиси әтигәндә Әсқәр Надирниң алдиға кирип, сиңлиси Мәрийәмниң акисини төрт көзи билән күтүватқанлиғини ейтип уни өйгә тәклип қилиду.

Акиси мақул болуп, авал мал бодаш комплексқа йолуқуп кетишниң керәк екәнлигини ейтиду. Улар комплексқа йолуқуп, андин сиңлисиниң өйигә бариду. Сиңлиси икки қәвәтлик өйдә яшатти. Уларниң турмуши наһайити яхши. Надир сиңлиси билән көрүшүп жозиға олтуришиду.



Бир аз дәм алғандин кейин Надир етизға атлиниду. Етизда кона дости Тохтахун акини учритиду.

Улар көрүшүп, узақ сөһбәтлишиду. Тохтахун сөһбәт жәриянида, айлиқ һәққиниң төвәнлигини, колхозда наһәқсизликләрниң барлиғини дәйду.

Надир Қадир оғли меһманханиға қайтип кәлсә сиңлисиниң оғли Данияр уни күтүп туриду. Данияр чоң дадисиға «Полат» йезидики барлиқ һәқсизликләрни сөзләп бериду.

Надир Қадир оғли йеза һаятини тәкшүрүп чиққандин кейин колхоз әзалирини жиғип мәжилис ечип, өткән ишлардин хуласә чиқирип, кәлгүси ишларни һәл қилиш үчүн қабилийәтлик кадрларни таллаш һоқуқини демократиялик асасида колхозчиларниң өзигә бериду.

Нәсирдин Давутниң «Аччиқ һәқиқәт» повестида демократия вә ашкарилиқ сәяситини қоллиниш йоли билән һәқиқәткә йетиш мүмкин, дегән пикирни алға сүриду.

Язғучи Нәсирдин Давут мустәқил пикирлик, өзигә хас усулда қәләм тәврәткән талантлиқ язғучи еди. У өз әсәрлиридә турмуш-һаяттики вақиәләрни реалистик көз қараш билән дадил йезип чиққан.

Нәсирдин Давут вәтәндин яш айрилған, әдипниң һаяти яқа жутларда, колхоз-совхозларда еғир әмгәк билән өтти. У турмушниң еғирчилиғиға бәрдашлиқ берип, аддий инсан болуп яшиди.

---

1. Нәсирдин Давут. Әсләш // Үмүтүм мениң ата журт(қирғиз тилида). -Бишкәк, 1994, 6-11- бәтләр.

2. Нәсирдин Давут. Әсләш // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. -Бишкәк, 2001, 244- 250- бәтләр.

3. Нәсирдин Давут. Һәй, ана дегән // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. -Бишкәк, 2001, 251- 252- бәтләр.

4. Нәсирдин Давут. Алтун тавақлиқ гадайлар. -Бишкәк, 2004.

5. Нәсирдин Давут. Өтнә аләм // «Йеңи һаят». Алмута, 1994, 18- июнь.

6. Нәсирдин Давут. Алтун тавақлиқ гадайлар // «Йеңи һаят». Алмута, 1996, 17-, 24- февраль.

7. Нәсирдин Давут. Аччиқ һәқиқәт // «Пәрваз». Алмута, 1995, №2.



# Вәтән һәсрити билән өткән һаят

Нәзәр селип баққин, әй, адәм,
Қисқа сениң қанчилик өмрүң.
Ойла, өткән һаятиңни сән,
Аңа рази боламду көңлүң.[1]

Бу аддий мисралар шаир Музәппәрхан Қурбанниң «Адәм» намлиқ шеириға мәнсуп. Мәзкур шеирда әдип адәм һаятиниң қанчилик қисқа екәнлигини рошәнләштуруп, инсанни өткән өмригә бир нәзәр ташлап, һаятини қандақ өткәзгәнлиги тоғрисида ойландуриду. Инсан өткән өмүригә өз көңлидә рази боламду, яки бир күнлири келип бекар өткән өмригә ечинип, униң ой хияллири тинич көңүл арамни бузамду дегән пикирини алға сүриду. Әгәр адәм өмридә яхши ишларни қилип өткән болса, у һаят вақтидила иззәт-һөрмәткә сазавәр болиду. Униң әксичә һаятини йәп- ичип, қосақ тойғузуш биләнла өткәзгән болса, у чағда ундақ адәмниң һайвандин һеч пәрқи болмайду. Әдип йәнә адәмгә мураҗиәт қилип «немә үчүн бу һаятқа кәлдиң?» дәп сорап, тоғра яшашни вә һаятниң гөзәллигини билмигән инсанни адәм дейиш тәс, дәп баһалайду.

Шаирниң көз қариши бойичә, инсанниң һаяти - бу күрәштур. Адәм бу күрәштә тавлинип, әс-һошини йоқатмай, өз һаятида яхши нами қалғидәк ишларни қилиши керәк. Униң әксичә бир тамчә қәдәр яхши намини қалдуралмиған кишини, бу җаһанда жүтүп кәткән шолиға охшитиду.

Музәппәрхан Әспәр оғли Қурбан 1944- жили, 17- апрель күни Уйғуристанниң Или вилайитигә қарашлиқ Қорғас наһийә мәркизи Чилпәңзидә хизмәтчи аилисидә туғулған. 1955- жили, ата-аниси билән Қирғизстанниң Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә көчүп чиқип, 1965- жили, оттура мәктәпни рус тилида түгәткән. Музәппәрхан Қурбан 1965- жили «Учқун» намлиқ Шәрқий Түркистанни азат қилиш, мәхпий тәшкилатни Фрунзе

шәһиридә қурған. 1969- 1970- жили мәзкүр тәшкилатни «Шәрқий Түркистан коммунистлар партиясигә» айдандурған. 1971- жили мәзкүр тәшкилатниң нәшир әпкари қатари «Виждан авази» варақчә гезитни мәхпий чиқарған вә тарқатқан. Шу жили һөкүмәт органлири тәрипидин мәзкүр партияниң паалийити чәкләнгән. Музәппәрхан Қурбан ата - анисиниң вә өзиниң турған өйи һөкүмәт органлири тәрипидин қаттиқ ахтуруш қилинип, униң өйидин әшу партиягә тегишлик барлиқ материаллар мусадирә қилинип, елип кетилгән. М. Қурбан өзи давамлиқ назарәт астида турған. Мәзкүр партияниң бюро тәркивидә: Музәппәрхан Қурбан ( рәис), Мөйдунхан ака Ташахунов ( Сәйпидин Әзизиниң акиси), Қейим Сабирһажиев (Шәрқий Түркистан милий армиясиниң капитани), Мамутхан Әхмәтов, Әзимжан Низамий, Әмәт Әйса( Шәрқий Түркистан миллий армиясиниң капитани), Абдухелил Абитов, Нуртай Ханбабаев, Сәйдулла Худайбәрдиев қатарлиқ кишиләр болған.

Музәппәрхан Қурбан 1982- жили, Қирғизстан Дөләт университетиниң рус тилидики журналистика факультетиға оқушқа чүшүп, уни 1988- жили мувәппәққийәтлик тамамлиған. 1988- жилидин 1992- жилиғичә Қазақстанниң Алмута шәһиридә республикилар ара чиқидиған «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят»»гезитлириниң Қирғизстан бойичә мухбири, 1992- жилдин 1994- жилиғичә Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң муавин рәиси вә «Дияр» намлиқ сода фирмисиниң директори вәзипилирини атқурған.

Музәппәрхан Қурбан Қирғизстан уйғурлириниң иҗтимаий - сәясий, мәдәний һаятиниң тәрәққий етип, гүллинишигә чоң һәссә қошти. Униң беваситә рәһбәрлигидә 1981- жили, 27- июнда Фрунзе шәһири, Свердлов районлуқ партия комитетиниң тәстиқлиши билән қануллуқ һалда мәдәний ақартиш "Сада" секциясини қурған.

1987-1988- жиллири "Көңүлниң алтун чәшмилири", "Уйғур аһаңлири" вә йәнә башқа бир қанчә уйғурлар һаятиға беғишланған телекөрситишләрниң сценариясини рус вә уйғур



тиллирида йезип, вә у әмгәкләрни телеэкранда қоюп көрситиш арқилиқ, Қирғизстан дөләт телерадио комитетиниң тәркивидә уйғурчә телекөрситиш бөлүмини ечишниң болудиғанлиғини испатлап бәргән вә 1988- жили, 13- апрельда Қирғизстанда тунҗа қетим мәзкүр телерадио комитетиниң тәркивидә шу мәзгилдики мошу мәһкиминиң баш режиссери Балташ Қайиповниң ярдими вә қоллап қуввәтлиши билән уйғурчә телекөрситиш бөлүмини ачқан. Мәзкүр бөлүмгә Ярмуһәммәт Насировни рәсмий штатлиқ қилип орунлаштурған.

1988- жили, Фрунзе шәһириниң уйғурлар көп җайлашқан районлиридин Төкүлташтики 53- оттура мәктәптә, Лебединовка йезисиниң 2- оттура мәктивидә, Ново-Покровка йезисиниң 3- оттура мәктивидә уйғур тили билән әдәбиятини оқутуш мәктәп программисиға рәсмий киргизгән. Төкүлташ мәһәллиси 53- мәктивиниң уйғурчә синипиға Маһирәм Ғенибаева ( һазир Алмутида), Лебединовка 2- мәктивигә мәрһумә Меһрибан Әхмәтова билән Зулпийәм Мәдияровани, Ново-Покровка йезисиниң 3- мәктивигә Рәшидәм Хоҗахмәтоваларни муәллимликкә тәйинлигән вә телевизорда көрсәткән.

1988-1992- жиллири Алмутида чиққан республикилар ара «Коммунизим туғи» (һазирқи «Уйғур авази», «Йеңи һаят» гезитлириниң Қирғизстандики мәхсус мухбири болуп ишлигән.

Йәнә шу жиллири сәясәтниң өзгүрүп, демократия шамаллириниң соқуши билән пәйитни әвзәл көргән Музәппәрхан Қурбан өз әтрапиға уйғур зиялийлирини вә билимлик яшларни топлап, көпчиликниң қоллап-қуввәтлиши билән 1989- жили, 17- декабрь күни Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийитини қурушқа рәһбәрлик қилди. 1994- жили, 25- мартта униң басма органи болған «Иттипақ» гезитини (рус, уйғур тиллирида) чиқарди һәм өзи баш муһәррирлик вәзиписини атқурди.

1997- жили, йәнә униң рәһбәрлигидә мустәқил гезит - «Виждан авази» рус, уйғур тиллирида йоруқ көрди.

Музәппәрхан Қурбан 2001 - жилиниң ахириғичә мәзкүр гезитниң баш муһәррирлик лавазимлиғини атқуруп кәлди.

Мәктәптә оқуп жүргән чағлиридила әдәбиятқа қизиққан Музәппәрхан Қурбан 1970- жиллардин башлап шеир йезишқа башлиған. Униң «Анамға» намлиқ тунҗа шеири 1971- жили «Йеңи һаят» гезитидә йоруқ көргән. Шуниңдин бери униң шеирлири уйғур, рус, қирғиз тиллирида гезит, журналларда давамлиқ бесилип турмақта.

М. Қурбанниң шеирлири «Баһар нахшилири» (1984), «Дәққиләр» (1987) уйғур тилида; «Төмүр қанат» (1986) қирғиз тилида; «Шедрая душа» («Мәрт көңүл»)(1987) рус тилида чиққан топламларда бесилди.

2001- жили, Қирғизстан Миллий университети Хәлиқара билим бериш программилири бойичә Интеграция институтиниң Уйғур филологияси факультети тәрипидин тәйярлап нәширдин чиққан (түзгүчи Әкбәрҗан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәп аталған дәрислик-хрестоматия китавида М. Қурбанниң бир топ шеирлири билән «Әркә бала» намлиқ пьесисиму берилгән. 2010-жили Музәппәрхан Қурбанниң «Впереди только радость» («Алдимизда пәқәт хошаллиқ»)[(2)] намлиқ шеирлар топлими рус тилида нәширдин чиқти.

Музәппәрхан Қурбанниң шеирлири һәрхил мавзуларда йезилған. Шаирниң «Анамға» намлиқ шеири 1971- жили «Йеңи һаят» гезитидә бесилған. Шаир бу шеирида ана дегән сөзниң қанчилик улуқ екәнлигини вә аниларниң балилириға болған муһәббитини көрситип бериду.

Анамниң бир чағлар дегини,
Бирдинла кәлди әс-ядимға:
«Көйдүрсәм саңа қәлб - бағримни.
Көйәрсән, балам, сән балаңға»[(3)]



Йәнә бу шеирида шаир «Анилар дуниядә тәңдиши йоқ инсан» дәп аниларни инсанларниң ичидә әң чоң һөрмәт-иззәткә мунасип кишиләр екәнлигини тәкитләп язиду.

Музәппәрхан Қурбан «Сирлиқ һаят» намлиқ шеирида:

Һаят шатлиқ, татлиқ һәм сирлиқ,
Һәр кимгә у һәр хил бақиду.
Бирини шат, бәхтияр қилса,
Биригә һиҗран отини яқиду.[(4)]

Дәп, инсанлар һаятиниң һәр түрлүк болушини, бирлиригә шатлиқ бәхит ата қилса, бәзилирини һиҗран отида көйдүрүшини тәсвирләйду.

Музәппәрхан Қурбан шеирлирини көпинчә Уйғуристанниң тәғдиригә, униң азатлиғиға беғишлайду. Болупму, өз вәтинидин айрилип чәт мәмликәтләрдә жүргән уйғурларниң һазирқи тәғдири, уларниң башқа хәлиқләр алдидики иззәт-абройи һәққидә өзиниң пикирлирини дадил қойиду. Мәсилән, униң «Һөрмәт» намлиқ шеирида инсанниң һөрмәткә сазавәр болуши немигә бағлиқ екәнлиги тоғрисида пикир жүргүзиду. Бәзи кишиләр «һөрмәтни» пул билән яки аброй билән елишқа болиду, дәп қариса, шаир:

Вәтән!
Униңсиз һеч ким, һеч қачан,
Һөрмитини, бил, әмәс сақлиған.
Вәтән-һәқиқий һөрмитиң, жениң,
Вәтән үчүн баш қоюп, пуккин тиз,
Вәтиниң болса, һөрмитиңму бар,
Әтики күнгә қалдурисән из.[(5)]

Шаир бу шеирида: вәтән һәммидин улуқтур, униңсиз һеч ким әмәс сән. Һөрмәтни пәқәт өз вәтиниңдә таписән вә әтики

күнигә ққалдуралайсән из, дәп вәтәнниң нә қәдәр улуқлиғини мәдһиләйду.

Музәппәрхан Қурбанниң «Мәҗнун тал» намлиқ шеири вәтән мавзусиға йезилған. У мәҗнун тал арқилиқ униң сөйгүси Ләйлини вәтәнгә охшитип көрсәткән.

Ашиғим Ләйли - туғулған йәр дәп,
Тил қатти мәҗнун тал маңа шу ан.
Әзәлдин иссиқ - соғни бөлүшүп,
Уни сөйүшкә, бил, мән яралған.

Мошу йәрдила таптим бәхтимни,
Йиилтизим аңа чирмишип кәткән.
Бәхтигә ахир адәмләрму шу,
Йәтсә, туғулған жутида йәткән.[6]

Бу шеирида шаир инсанларни өз вәтининиң сөйүшкә, қәдирләшкә вә һөрмәтләшкә чақириду. Шундақла, инсанларниң ана вәтинигә болған муһәббитини тәсвирләп, пәқәт вәтинидила адәмләр өз бәхтини тепип, паравән һаят кәчүридиғанлиғини язиду.

Музәппәрхан Қурбан Уйғуристандин кичик айрилип кәткән болсиму, амма өз вәтинигә болған чәксиз муһәббитини «Вәтән» намлиқ шеирида рошән ипадиләп бериду.

Гөзәлсән һәҗәп, мениң вәтиним,
Бүйүк тағлириң, бостан- бағлириң.
Баһардин, гүлдин әсла айрилмас,
Қәлбимдә меһриң, улуғварлиғиң.

Қойнуңда алған һәр бир нәпәстә,
Гоя өмүрлүк бәхтим сезимән.



Тоймастин әсла нурлуқ һөснүңгә,
Вадилириңни сөйүп кезимән.[7]

Әдипниң «Һәқиқәт», «Яшаймән», «Соға», «Рәнҗитмә», «Аялларға», «Мәҗнун тал», «Илһам кәлгәндә», «Сайра ечилип», «Ай», «Адәм» вә башқа шеирлири чоңқур пәлсәпәлик ой пикирләр билән суғурилған.

Музәппәрхан Қурбан шеир йезиштин башқа әдәбиятниң пьесә жаниридиму қәләм тәврәткән. У «Бөлүнгән жүрә», «Әркә бала» қатарлиқ пьесиларни язған.

Музәппәрхан Қурбанниң «Әркә бала»[8] намлиқ пьесисида қасим билән Патәмниң ялғуз бир балиси болиду. Уни һәдидин ташқири этивалап, әркилитип өстүриду. Ахирида бала тәрбийәсиз болуп осиду вә өзигә охшаш балиларни уюштуруп, яман йолға маңиду. Әһвални ата - аниси көрүп турсиму униңға көңүл бөлмәйду. Әксичә, өзиниң балисини әқиллиқ һесаплап, униң яман ишлирини кичиклик дәп билиду. Нәтиҗидә, балиси ата - анисиға наһайити қопал мунасивәттә болуп, һәтта анисиниң көйнигини тартивелип, ачиқип сетиветиду. ахири кәйпичиликтә уқушмай кечиси иштин қайтип келиватқан өзиниң анисиға бир топ йолдашлири билән зорлуқ қилиду вә анисиниң шу җинайәттин кейин өлүшигә сәвәп болиду. Әдип бу пьесисида бүгүнки күндә яшларни әдәп-әхлақ билән тәрбийәләшниң муһимлиғини тәкитләйду.

Музәппәрхан Қурбанниң «Өтнә аләм»[9] намлиқ икки пәрдилик, он көрүнүшлүк драмиси, бүгүнки дәвир темисиға маслаштурулуп йезилған сәһнә әсәрдур.

Мәзкүр драма, түрмидин бошунуп чиқип, шәһәрниң страһәт бағлириниң биридә, бәлдиңсиман орундуқта хиял сүрүп, хурсиниш билән тамака чекип олтарған, медицина пәнлириниң кандидати, хирург Анайәтниң мойсүпәт бир бовай билән учришип, униңға өзиниң бешидин өткән сәргүзәштлирини сөзләп бериш билән башлиниду.

Драмида автор бир йезидаш икки ағинниниң бири Анайәтниң көрүнәрлик дохтурлардин болуп йетишип чиққанлиғини, йәнә бириси чәт әлдин товар йөткәп тиҗарәт қилиш билән үнүм тапқан, һелигәр Бақамниң нәтиҗидә өзиниң аяли Һенипәмни үч балиси билән ташлап, балилиқ дәвридин биллә өскән йезидаш ағиниси, ақ көңүл Анайәтниң аилисигә қол селип, униң истиқбалиниң паҗиәлик вәйран болишиға сәвәп болғанлиғини, ахири Бақамниң хаинлиққа өтүп, чәт әл разведкисиға бағланғанлиғини, уларниң аяллири: саддә миҗәз Меһригүл, йеник тәбиәтлик Һенипәм, мойсүпәт бовай, униң нәвриси Алим, Дөләт бехәтәрлик комитетиниң хадими Сәйдуллаевларниң иҗабий вә сәлбий образлири арқилиқ гәвдиләндүрүп бериду. Шундақла, чин достни сатқан, нийити бузуқ, начар адәмләрниң тоғра кәлсә вәтәнниму сатидиғанлиғини вә хаинниң ақивитиниң нәқәдәр дәһшәтлик түгәйдиғанлиғини тәсирлик намайән қилиду, йәнә автор яманлиқ қилған адәмгә, яманлиқниң ахири өзигә қайтидиғанлиғини, жуқуриқи персонажларниң әмәлий һәрикәтлири, мойсүпәт бовайниң әқиланә гәплири вә монологи арқилиқ мужәссәмләп көрситиду.

Мәзкүр драминиң шеирийәт, сәньәт вә комедиягә маһил қисимлириму наһайити ихчамлиқ билән, қизиқарлиқ берилгән болуп, адәмниң диққитини алаһидә җәлип қилиду.

Музәппәрхан Қурбанниң кәспи журналист, у «Иттипақ», «Виждан авази» гезитлиридә баш муһәррир болуп ишләш җәриянида өзиниң талантлиқ журналист екәнлигини намаян қилди. У яш әвлатларни вәтәнпәрвәрлик роһта тәрбийәләш мәхситидә нурғун публистистик мақалиларни гезит сәһипилиридә чиқарди. Әдип «Биз ялғуз әмәс», «Вәзийәт тәливигә жавап», «Сирлиқ сөһбәт», «Вәтән тәғдири заман сәһнисидә», «Туркистан паҗиәси», «Ғәрәзлик әйипләш», «Су кәлтүргән харузар, коза сундурған Әзиз», «Сәвәп қилсаң севәттә су тохтайду», «Етиқад», «Қазақстан уйғур маарипи- тирилиш очиғи», «Дәсмайәң болмиса, қериндашлириниң ичидиму



етибарсизсән», «Заман вә вәзийәт биздин немини тәләп қилиду?», «Қирғизстан уйғур маарипиға бир нәзәр», «Орта Асия вә Қазақстандики уйғурларниң сани қандақ болуши керәк?» вә башқа Уйғуристан вә уйғур хәлқиниң тәқдиригә мунасивәтлик иҗтимаий - сәясий мақалиларни язған.

Музәппәрхан Қурбан уйғур вә рус тиллирини мукәммәл билиду. "Иттипак", "Виждан авази" гезитлириниң сәһипилиридики мақаларни рус тилидин уйғур тилиға, уйғур тилидин рус тилиға тәрҗимә қилған, һаятини вәтән һәсрити билән өткүзиватқан ақ көңүл инсандур.

---

1. Музәппәрхан Қурбан. Адәм // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. - Бишкәк, 2001, 219- бәт.
2. Музәппәрхан Курбанов. Впереди только радость.- Бишкек, 2010.-96 с.
3. Музәппәрхан Қурбан. Анамға // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. - Бишкәк, 2001, 203 - бәт.
4 . Музәппәрхан Қурбан. Сирлиқ һаят // Дәқиқиләр (шеирлар топлими). - Алмута, 1984, 46 - бәт.
5. Музәппәрхан Қурбан. Һөрмәт // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. - Бишкәк, 2001, 207- бәт.
6. Музәппәрхан Қурбан. Мәҗнун тал // дәқиқиләр (шеирлар топлими), - Алмута, 1984, 136.- бәт.
7. Музәппәрхан Қурбан. Вәтән // Баһар нахшилири (шеирлар топлими). - Алмута, 1984, 45- бәт.
8. Музәппәрхан Қурбан. Әркә бала // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. - Бишкәк, 2001, 221 - 242 - бәтләр.
9. Музәппәрхан Қурбан. Өтнә аләм. (қол язма).- Бишкәк, 2021 .

# Анилар қәлбини мәдһийиләп

Хәйриниса Турди 1944- жили, 15- авғуст күни, Уйғуристанниң Чөчәк шәһиридә, өлүма аилисидә дунияға кәлгән. Атиси Исмаил Дамоллам уйғур, әрәп тиллирини яхши билгәнлиги сәвәплик, бүйүк мутәпәккүр Махмут Қәшқәрийниң "Туркий тиллар дивани" намлиқ әсәрини 1946- жили, әрәпчидин уйғур тилиға тәрҗимә қилған. Исмаил Дамоллам уйғур вә шәрқ әдәбияти классиклириниң, болупму Әлишир Наваийниң шеирлирини көп оқуған вә өзиму ғәзәлләрни язған. Атисиниң тәсири өз қизиға яшлиғидин өткән.

Хәйриниса 12 яшқа киргәндә, Исмаил Дамоллам қаза болуп, 9 пәрзәнтни өстүрүш меһрибан аниға қалиду. Ана 6 пәрзәндини алий, 3 пәрзәндини орта мәлуматлиқ қилип йетиштурди.

Балилиқ дәвридинла идрәклик, парасәтлик болуп өскән Хәйриниса аилисиниң Үрүмчи шәһиригә көчүп келиши, униң билим даирисиниң чоңқурлишиға елип келиду. Хәйриниса Үрүмчидә оттура мәктәпни тамамлиғандин кейин, Үрүмчи Дарилмуәллимингә оқушқа чүшүп, уни 1961- жили түгүтүп, мәктәптә муәллим болуп ишләйду.

Хәйриниса аилиси билән 1962- жили, май ейида сабиқ Кеңәш елигә көчүп чиқип, Қазақстанниң Чeләк райониға, кейин Қирғизстанниң Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә келип орунлишиду.

Туғулған ана вәтинидин туюқсиз қаңқип кәткән инсанниң өзигә жутқа сиңип кәтмәклиги бәк мүшкүлдур. Яш ана 20 жилдин ошуқ пайпақ фабрикисида әмгәк қилди. 1993- жилдин 2010- жилиғичә Қирғизстан дөләт телевидение-радио корпорациясидә уйғурчә аңлитиш редакциясидә дәсләп муһәррир, кейин комментаторлуқ хизмитини атқурди. Хәйриниса Турди 2016- жили, 27- ноябрь күни Бишкәк шәһиридә вапат болди.



Хәйринисаниң иҗади 70- жиллардин башланған болуп, униң «Шаптул чечиги» намлиқ тунҗа шеири 1971- жили «Йеңи һаят» гезитидә елан қилинған. Шуниңдин кейин униң шеирлири «Уйғур авази», «Йеңи һаят», «Иттипақ», «Виждан авази», «Арзу», «Пәрваз» қатарлиқ гезит-журналларда бесилип турған. Кейинки жилларда Хәйринисаниң шеирлирини Қирғизстандики гезит-журналлар арқилиқ қиргиз оқуғучилири оқуп, билишкә сазавәр болди. 1994- жили қиргиз тилида чиққан «Үмүтүм мениң ата журт» намлиқ топламда Хәйринисаниң бир түркүм шеирлири берилгән. 1997- жили қиргиз шаири Мархабай Ааматовниң тәрҗимиси билән «Җан сирим»[1] намлиқ шеирлар топлими қиргиз тилида нәширдин чиқти.

2001- жили, Юсуп Баласағуний намидики Қирғизстан Миллий университети Хәлиқара билим бериш программилири бойичә Интеграция институтиниң Уйғур филология факультети тәрипидин тәйярлап нәширдин чиққан (түзгүчи Әкбәржан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик-хрестоматия китавида Хәйриниса Турдиниң бир топ шеирлири билән «Қиз қәлби» , «Почта сандуғи» намлиқ һекайилири берилгән.

2001- жили, Хәйриниса Турдиниң «Аниниң қәлбидә аләмчә сөйгү»[2] намлиқ топлими уйғур тилида йоруқ көрди. Бу топламда шаирәниң шеир, һекайә вә әслимилири берилгән.

Хәйриниса Турдиниң шеирлирида анилиқ меһри-муһәббәт, вәтән сөйгүси, һаят көрүнүшлири вә тәбиәт мәнзирилири яркин ипадиләнгән.

Ана дегән бу қисқа үч һәриплик сөздә наһайити чоңқур мәнаға егә. Ана, бу әң улуқ, әң әзиз, әң қәдирлик, әң һөрмәтлик, дунияда тәңдиши йоқ инсандур. Мана шу анини Хәйриниса Турди өзиниң көп шеирлирида алаһидә мәдһийиләп язиду. Мәсилән, «Мән ана» шеирида:

Мән ана, гояки чеқилған чақмақ,  
Пүркәнгән жүригим қуяш нуриға.

Мән ана, мән шаир тичлиқ истәймән,.
Өнчидәк тизилған шеир мән қурға.[3]

Дәп, толуп ташқан ана меһрини изһар қилиду. «Турарму чақнап» шеирида:

Жудалиқ жипиға бағлинип йәнә.
Анамни әсләймән мәндә нә чарә.
Көргәндә чүшүмдә анамни йәнә.
Һәсрәттә болиду жүригим парә.[4]

Дәп, айрилиш сәвәвидин анини даим әсләйдиғанлиғини, һәтта анини чүшидә көрсә жүригиниң парә-парә болидиғанлиғини, униң сәвәви ана һаят чеғида униң уссузлиғиға бир жутум су берәлмигәнлигигә өкүнүп язиду.

Хәйриниса Турди ана һәққидә «Сөрәт», «Ана», «Анамни әсләп», «Турарму чақнап», «Мәңгү әсләймән», «Анимән, ана», «Мән ана» қатарлиқ шеирларни язған.

Шаирә узақ жиллардин кейин өзиниң туғулуп өскән ана вәтинини зиярәт қилип келишкә муйәссәр болиду. Жудалиқ, сеғиниш отида көйүп, ахири вәтән туприғида баш егип төккән яшлирини «Жудалиқ» намлиқ шеирида төвәндикичә тәсвирләйду.

Анам қалған ана вәтәнгә берип,
Қәбригә тавап қип егилди бешим.
Туюқсиз гаңгирап, болғандәк мейип,
Тупраққа ямғурдәк төкүлди йешим.[5]

У «Салам Ғулжа» намлиқ шеирида:

«Салам!» дәп кирип кәлсәм кәң қойнуңға,
«Кәлгин» дәп тәңри теғим қобул қилди.
Тарилип булутлири, қуяш парлап,
Хошчирай кәң бағриға бесип алди.[6]



Дәп, ана вәтинигә қәдәм қоюш билән қуяшниң парлап, хуш чирай қарши алғанлиғини тәсвирләп, шеирини мундақ тамамлайду:

Сөймән сени Ғулжа қучақ ечип,
Сөймән от бағримни йәргә йеқин.
Күйләймән әзиз вәтән һәр тешиңни,
Үмүттә истиқлалниң йолини ечип.[7]

Хәйриниса Турди «Қәшқәр» намлиқ шеирида уйғурларниң қәдимий макани Қәшқәргә барғанлиғи хошаллиқ һес-туйғулирини төвәндикичә изһар қилиду:

Һеслирим учарди бағриңға кәлдим,
Шатлиғим жилвиси ойнайду көктә.
Қәшқәрим саңидур ихласим ишқим,
Хошаллиқ яшлирим парлар кирпиктә.[8]

Шаирә "Оғлумға" намлиқ шеирида:

Сениңдин күтәр арминим бирла,
Анилиқ сүтүм ақлисаң, бәхтим.
Вәтән хәлқиңгә керәк адәм боп,
Хизмитин қилсаң, шундур тажу-тәхтим![9]

Дәп, кәлгүси әвлатларға өз вәтинини әзизләп-сөйүшни, вәтән, хәлиқ үчүн чин дилидин хизмәт қилғандила ана сүтини ақлайдиғанлиғини тәкитләп язиду. Хәйриниса Турдиниң «Сән болмисаң», «Йәргә қаримай», «Мәхсәт», «Ана топрақ», «Жудалиқ», «Ақ чечәк», «Қәшқәрим», «Салам Ғулжа», «Уйғур қизимән» вә башқа нурғунлиған шеирлири чоңқур вәтәнпәрвәрлик, инсанпәрвәрлик, достлуқ, меһри - муһәббәт тоғрисида йезилған. Бүгүнки күндә чәт мәмликәтләрдә яшаватқан уйғур хәлқиниң икки вәтини мәвжут. Биринчиси,

қәдимдин тартип ата-бовилиримиз яшап келиватқан Уйғуристан болса, иккинчиси, һазир яшаватқан макан. Хәйриниса Турди иккинчи вәтини Қирғизстанға беғишлап «Қирғизстан», «Иссиқ-Көл» намлиқ шеирлирини язған. У «Қирғизстан» шеирида:

Сөйүп қалдим Қирғизстан мән сени,
Сөйүп қалдим меһри дәрия хәлқиңни.
Тазим қилип тағлириңға қар яққан,
Мәнму төктүм саңа маңлай тәримни [10]

Дәп, Қирғизстанниң гөзәл мәнзилирини көрүп өзиниң ата макани Қәшқәрни әсләйдиғанлиғини, уйғур хәлқини өз қойниға елип достлуқта биллә яшаватқан қирғиз хәлқигә өзиниң миннәтдарлиғини билдуриду.

Хәйриниса Турди асасән шеир ижадийити билән шуғулланған болсиму, нәсрий жанрлардиму қәләм тәвритип кәлди. У «Гуман», «Бир чимдим топа», «Көңүл дегән...», «Достумниң меһри», «Қиз қәлби», «Һәйран болдум, яқамни туттум», «Мениң акам», «Бир топ сирен гүл», «Дилнурниң аниси», «Бир парчә хәт», «Почта сандуғи», «Айгүлниң сөйгүси», қатарлиқ һекайиларни язған.

Әдип «Қиз қәлби»[11] намлиқ һекайисида, Анаргүл билән Алимжан иккисиниң муһәббитини тәсвирләйду. Алимжан армиягә маңғанда хошнисиниң қизи Анаргүл униңға һәмра болсун дәп төрт тал тоғачни яғлиққа орап бериду. Алимжан армиядин қайтидиған мәзгиллиридә Анаргүл униңға хәт язиду. Хетидә Алимжанни тақәтсизлик билән күтиватқанлиғини изһар қилиду.

Хәйриниса Турдиниң «Гуман»[12] намлиқ һекайисида, Сарәм билән Муратлар турмуш қуруп бир нәччә жил яшайду. Һекайидики Мурат обризи ақ көңүл, өз аялини яхши көридиған жигит сүпитидә берилгән. Әнди Сарәм болса, Муратни яхши көриду, лекин ерини күнләш охшаш характери бар. Йолдиши Мурат иштин кечикип кәлгән вақитлирида униңдин



гуманлинип, униңға Гөһәр исимлиқ аял билән жүрди дәп, яла чаплайду. Һекайидә Мурат билән Сарәмниң турмуш қурған күнигә өйгә меһманларни чақирғанда йолдиши Мурат иштин қайтип аялиға соғат алимән дәп, дукан арилап кечикип келиду. Қеришқандәк меһманға чақирған Гөһәрму кечикип Мурат билән тәң дегиндәк өйгә кирип келиду. Шу пәйиттин пайдилинип Сарәм меһманларниң алдида Муратни Гөһәрдин гуманлап, жедәл чиқириду. нәтижидә бу иштин безар болған Мурат өйдин чиқип кетиду. Язғучи бу һекайисидә аилә-турмуш қурған әр-аялниң бир-биригә болған ишәнчисиниң чиң болишини, шу чағдила турмушлириниң хошал-хорам, бәхитлик өтүдиғанлиғини тәкитләп язиду.

Язғучиниң «Айгулниң сөйгүси»[13], «Почта сандуғи»[14] вә башқа һекайилири муһәббәт темисиға беғишлап йезилған. У һекайилиридә муһәббәткә вапасизлиқ қилишниң нәтижисидә аилә-турмушларниң бузулғанлиқлирини тәсвирләп язиду.

Хәйриниса Турди Қирғизстан Дөләт телевидение-радио корпорациясидә он жилдин ошуқ вақит ишләш жәриянида өзиниң талантлиқ журналист екәнлигини намаян қилди. У «Тәңритағ садаси» аңлитишида хәлқимизниң тарихи, әдәбияти, мәдәнийити, урп-адәтлири һәққидә, шундақла уйғурлар һаятидин йеңилиқлар, «Иттипақ» жәмийитиниң паалийәтлири вә башқа темиларда даимлиқ материалларни берип кәлди.

Сөзләймән тәңритағ садалиридин,
Чачимән хәлқим қәлбигә гүлдәстә.
Тарихниң сирини ечип бирму бир,
Чекәрмән хәлқимниң қәлбигә кәштә.[15]

Дәп, «Тәңритағдин сөзләймән» намлиқ шеирида язғинидәк «Тәңритағ садаси» аңлитиш программиси арқилиқ нәччә миңлиған радио аңлиғучилириға хәлиқаралиқ вәзийәт, миллитимизниң тәғдиригә мунасивәтлик мәсилиләрдин хәвәр берип туриду. Шундақла, радиода берилидиған нахша-

музикилар радио тиңшиғучиларниң диллириға арам бериду. Шуниң үчүн миңлиған кишиләр һәр дүшәнбә күни өйлиридә тақәтсизлиқ билән «Тәңритағ садаси»ниң аңлитишини күтишиду.

Хәйриниса Турди өзиниң тинимсиз әмгиги, тиришчанлиғи билән хизмитидә көрсәткән паалийәтлирини жуқири баһалиған Қирғизстан дөләт телевидение-радио корпорациясиниң мәмурийити уни бир нәччә қетим «Миқта журналист» намлиқ медаль вә һөрмәт грамотилири билән мукапатлиған. Шундақла, Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң паалийәтлиригә җан көйдүрүп ишлиши нәтиҗисидә «Иттипақ» җәмийитиниң вә Қирғизстан хәлқи Ассамблеясиниң һөрмәт грамотилири билән мукапатланған. Хәйриниса Турди 1980-жили Бишкәктә қурулған "Сада" уйғур мәдәнийити секциясигә актив қатнишип, Аяллар бөлүмини башқурған. 1990-жили, Октәбрь районлуқ кеңишиниң депутати болған. Депутатлиқ хизмити билән Хәйриниса Төкүлташ мәһәллисиниң Армейская вә Литовская кочилирини асфальт қилдурған. Төкүлташ ақ мечииниң қурулушиға, мәһәллидә су мәсилисини һәл қилиш үчүн һөкүмәт орунлиридин рухсәт елишиға ярдәм қилған. У 1995-жили Қирғизстан язғучилар иттипақиниң әзаси, Қирғизстан аяллири бирләшмисиниң әзаси, 2004-жилидин 2008-жилиғичә Қирғизстан уйғурлири "Иттипақ" җәмийитиниң Аяллар комететиниң рәиси болуп ишлигән..

---

1. Хәйриниса Турди. Җан сирим (қирғиз тилида). -Бишкәк, 1997,
2. Хәйриниса Турди. Анинин қәлбидә аләмчә сөйгү. -Бишкәк, 2001,
3. Хәйриниса Турди. Мән ана // Қирғизстан уйғур әдәбияти. -Бишкәк, 2001, 272- бәт.
4. Хәйриниса Турди. Турарму чақнап. Аниниң қәлбидә аләмчә сөйгү. - Бишкәк, 2001, 9 - бәт.



5. Хәйриниса Турди. Җудалиқ // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. -Бишкәк, 2002, 274- бәт.
6. Хәйриниса Турди. Салам Ғулҗа. Аниниң қәлбидә аләмчә сөйгү. 34 - бәт.
7. Хәйриниса Турди. Салам Ғулҗа. Аниниң қәлбидә аләмчә сөйгү. 34 - бәт.
8. Хәйриниса Турди. Қәшқәр // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. –Бишкәк, 273- бәт.
9. Хәйриниса Турди. Оғлумға // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти.-Бишкәк, 271 - бәт.
10. Хәйриниса Турди. Қирғизстан. Аниниң қәлбидә аләмчә сөйгү. 23 - бәт.
11. Хәйриниса Турди. Қиз қәлби. Аниниң қәлбидә аләмчә сөйгү. 74 - бәт.
12. Хәйриниса Турди. Гуман. Аниниң қәлбидә аләмчә сөйгү. 61 - бәт.
13. Хәйриниса Турди. Айгүлниң сөйгүс // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти.- Бишкәк, 2001, 276- бәт.
15. Хәйриниса Турди. Тәңритағдин сөзләймән. Аниниң қәлбидә аләмчә сөйгү. 58 - бәт.

# Вәтән ишқи - шаирниң қәлбидур

Муһәммәтҗан Ясин (Буғда) Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң тәрәққий қилишиға салмақлиқ һәссисини қошуп келиватқан шаирлиримизниң бири.

Болғуси шаир 1945- жили, 5- май күни, Уйғуристанниң Үрүмчи шәһиридә туғулған. Киндик қени төкүлгән журти муһәббитидин өзигә «Буғда» тәхәллусини алған. У бу һәқтә «Өзәм һәққидә» намлиқ шеирида мундақ язған:

- Немә еди «Буғда» дегениң
Етиң ундақ әмәсти сениң.
-Вәтинимниң символидур,
Вә жүрәктә урғиған қеним.
Тәхтимдур у, бәхтим ишәнгин,
Яки уни мундақ чүшәнгин,
Шан-шөһритим, һаятим, җеним![1]

Муһәммәтҗан Ясин Үрүмчидә толуқсиз оттура мәктивини түгәткәндин кейин, өлкилик иккинчи Дарилмуәллимингә кирип оқуйду. У 1962- жили, оқушни тамамлап, Или вилайитигә хизмәткә әвәтилиду. У муәллимлик қиливатқанда Хитайда бәтнам «мәдәнийәт инқилави» башлинип кетип, бу мудһиш һәрикәтниң тәқибигә учриған шаир 1969- жили, бир топ сәпдашлири билән Совет Иттипақиға қечип чиқип пана тапиду. У, дәсләп Қазақстанниң Көкчетав вилайитидә, кейин Алмута вә Ташкәнт шәһәрлиридә, 1985- жили, Қирғизстанға көчүп келип, Қара-Балта шәһиридә яшимақта.



Шаир Муһәммәтҗан Ясин 2000- жилидин тартип Қирғизстанда чиқидиған «Иттипақ» гезитидә ишләп кәлмәктә.

Муһәммәтҗан Ясинниң әдәбий иҗадийити Үрүмчи Дарилмуәллиминдә оқуватқан чеғида башланған. У дәристин ташқири вақитлирида Өмәр Муһәммәди, Һезим Искәндәров, Әнвәр Һасири, Лутпулла Мутәллип, Нимшеһит, Ибраһим Турди, Тейипҗан Илиевлар вә қериндаш хәлиқләр әдәбиятидин Абдулла Тоқай, Муса Җәлил, Ғопур Ғулам, Хәмит Алимҗанларниң әсәрлирини зоқ билән оқуп үгәнгән. Шаирниң тунҗи иҗадийити 1964- жили «Тарим» журналида елан қилинған «Омида» намлиқ шеиридин башланған. Шуниңдин кейин униң шеирлири «Или гезити», «Тарим», «Шинҗаң яшлири» қатарлиқ гезит-журналларниң сәһипилиридә йоруқ көрди. Совет Иттипақиға кәлгәндин кейин униң шеирлири «Йеңи һаят», «Виждан авази», «Йеңи заман», «Иттипақ» гезитлириниң сәһипилиридә давамлиқ бесилип турмақта. 2001- жили, Йүсүп Баласағуний намидики Қирғизстан Миллий университети Хәлиқара билим бериш программилири бойичә Интеграция институтиниң Уйғур филологияси факультети тәрипидин тәйярлап нәширдин чиққан (түзгүчи Әкбәрҗан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик-хрестоматия китавида Муһәммәтҗан Ясинниң бир топ шеирлири берилгән. 2009- жили, Бишкәк шәһиридә шаирниң «Вәтән муһәббити» намлиқ шеирлар топлими нәширдин чиқти. Бу китапта Муһәммәтҗан Ясинниң 200 дин ошуқ шеир, мухәммәс, ғәзәллири, 400 гә йеқин рубаийлири вә шеирийәткә даир мақалилири берилгән.

Биз Муһәммәтҗан Ясинниң шеирлириға нәзәр салсақ, ипадиләнгән темилириниң кәңлигини, мәзмуниниң чоңқурлиғини һес қилмай туралмаймиз. Униң шеирлириниң

көпчилиги ана-вәтән, әзиз-тупрақ, достлуқ вә муһәббәт темилириға бегишланған.

Вәтән- мәңгүлүк тема. Вәтән һәққидә әсәрләрни язған шаирлиримиз, язғучилиримиз наһайити көп. Лекин, Муһәммәтжан Ясин бу темини вайиға йәткүзүп, йорутуп бәргән шаирдур. Шаирниң вәтән темисидики шеирлиридин «Вәтәнгә», «Сайрам бойидин өткәндә», «Или илһами», «Ғулжа», «Ана жут меһри», «Мениң сөйгүнүм», «Вәтән ишқи», «Вәтиним», «Тәғдир», «Вәтән қияси», «Вәтән ишқи дәрдидин» қатарлиқлар бар.

Достлирим, қайси вақит булбул қанар шәйдасиға,
Таң күлүп бақар күрәш сөйгән бәрнасиға.
Яр болуп өткәй һаман күлкә кучар рәнасиға,
Буғда һәм қошқай қачан дил сөйгүсин зоһрасиға.
Ей, вәтән ишқиң билән янди көңүл, янмақта тән.[2]

Шаир «Вәтән ишқи» намлиқ бу мухәммәсидә Махмуд Қәшқәри, Йүсүп Хас Һажип охшаш алимлиримизниң пән дунясида вәтәнни таг кәби көтәргәнлигини, Ипархан, Назугум, Садир, Лутуп охшаш қиз-оғуллириниң вәтән йолида көрсәткән қәһриманлиқлирини йезип, өзиниңму шулар қатарида вәтән ишқида пүтүн тениниң от болуп йениватқинини тәсвирләйду. Мәсилән, «Вәтиним» дегән шеирида:

Ех, вәтән, улуқсән, бүйүксән,
Мәңгүгә ишқиңму мән билән.
Бәхтим йоқ мениңму сениңсиз,
Һаятим, женимму сән билән!



Чүшәрмәй тилимдин таәбәт,
Күйләймән өмүр бой шаниңни,
Мән сениң пәрванәң, булбулуң,
Күйләймән, вәтиним, намиңни![3]

Шаирниң бу мисралиридин биз вәтәнпәрвәрликниң ярқин симасини көримиз. Шаир бу йәрдә өз вәтинидин айрилип яшишиниң қанчилик мүшкүл екәнлигини, вәтән униң жени вә тени. Шуңа у қәйәрдә жүрмисун, бәри бир вәтәнни улуқлап, уни өмүр бойи күйләйдиғанлиғини язса, «Вәтән ишқи дәрдидин...» намлиқ шеирида:

Чоңайғанда хәлқимниң
Қәдири һәжәп билинди.
Һәр күн йегән ешимға,
Гоя зәһәр селинди.
Вәтән ишқи дәрдидин,
Жүрәк-бағрим тилинди.[4]

Дегән мисралирида шаир өз бәхтини вәтән, хәлиқсиз тапалмайдиғанлиғини, барлиқ шан-шәрәпләрниң вәтән арқилиқ қолға келидиғанлиғини, шундақла вәтән тоғрисида қанчә ойлиғансери, униң жүрәк бағри техиму өртинидиғанлиғини изһар қилди.

Вәтиниң туққан анаң, жаниң сениң,
Бөшүгүң-шөһрәт, шәрәп-шаниң сениң.
Гәр челиш мәйданида болса керәк,
Күч-қуввәт, йүксәк еқил каниң сениң.[5]

Шаир бу рубаийисида вәтәнни инсан үчүн әң улуқ болған аниға охшатқан: Әгәр сән жәң мәйданда болсаң, вәтиниң саңа күч-қуввәт, мәдәт вә әқил бәргүчи пүтмәс байлиқ екәнлигини язса, «Вәтәнгә» намлиқ шеирида:

Мисали от ишқида көйдум, йәнә көйәй мән,
Ач қойнуңни, вәтиним, туприғиңни сөйәй мән.
Сәби, гүдәк балидим, меһир билән өстәрдиң,
Хәлқиң үчүн тәр төк дәп билигимгә күч бәрдиң.
Аңла, әзиз гүл дияр, сәндин артуқ анам йоқ,
Сән сүйәнгән таянчим, сәндин өзигә панам йоқ.[6]

Дегән мисралирида ана вәтини, әзиз тупрақтин болған чәксиз муһәббитини изһар қилиду.

Муһәммәтжан Ясин 80- жилдин буян Қирғизстанда яшаватиду. Оттура Асиядики қериндаш өзбәк, қазақ, қирғизлар өз мустәқиллиғини алғандин кейинки һаяти, болупму қирғиз хәлқиниң бүгүнки бәхитлик турмуши шаирниң қәлбини тәврәтмәй қоймиди. У «Қирғиз достумға», «Қериндашлиқ хитаби», «Қериндашқа», «Сусамирға барғанда», «Яйлақта», «Бәйгидә», «Алатағ» қатарлиқ шеирлирида қериндаш қирғиз хәлқигә болған сәмимий достлуқ муһәббитини изһар қилиду.

«Қирғиз достумға» шеирида:

Қериндаш биз, емилдаш биз, туққан биз,
Биримизни өзимиздәк уққан биз.
Биримизниң һаяти үчүн биримиз,
Гояки бир жүрәк болуп соққан биз.



Ят дейәлмәс һечким бизни әзәлдин,
Сөйгүмизму турса ширин һәсәлдин.
Қомузиңни чертсәң саңа жор болуп,
Бәзму қурдуқ, бизму ирдин, ғәзәлдин.

Йәрлиримиз, тағлиримиз туташтур,
Сулиримиз, бағлиримиз туташтур.
Ғәм - қайғуни биргә чекип узатқан,
Түнлиримиз, чағлиримиз туташтур.

Йеңи заман күткән арман-тиләк биз.
Биримизгә, һә биримиз йөләк биз.
Билсәң, достум, уйғур билән қирғизлар
Асияниң көксидики жүрәк биз.[7]

Уйғур билән қирғиз хәлиқлириниң қәдимдин тартип бир туққан хәлиқләр екәнлигини язиду.

Һәйран қалдим, таң қалдим Сусамирға барғанда,
Униң отлуқ ишқини жүрүгүмгә таңғанда.

Қуввәт бәрди, зоқ бәрди, көз йәтмәс кәң яйлиғи,
Десәм һәқтур: дәрияләк ақар сүти, қаймиғи.[8]

Шаир «Сусамирға барғанда» намлиқ бу шеирида Сусамирниң кәң яйлиғида отлап жүргән қой, арқар, буға вә қолунларни көрүп, бу йәрдики тәбиәтниң гөзәллигигә, қирғиз хәлқиниң меһман достлиғиға чоң разимәнлик билдуриду.

Уйғурлар қедимдин тартип өзбәк, қазақ, қирғиз вә башқа хәлиқләр билән хошаллиқ вә қайғулуқ күнлиридә биллә яшап

келишкән. Бу қериндаш хәлиқләр өзлириниң мустәқил дөләтлирини қурғандин кейин, шу мәмликәтләрдә яшаватқан уйғурлар уларниң ярдими билән Уйғуристанниң мустәқиллиғини қолға кәлтүрүшкә үмүт бағлашқан еди. Әпсуски, ишәнгән тағларда кейик ятмай қазақ, қирғиз, өзбәк дөләт рәһбәрлири хошна Хитай һөкүмити билән мунасивәт орнатқандин кейин уйғурларға нисбәтән тоғра көз караштa болмай қалди. Шаир «Қериндашлиқ хитаби» шеирида қериндаш өзбәк, қазақ, қирғиз хәлиқлириниң җапасиғиму, хошаллиғиғиму уйғурлар ортақ болуп кәлгән. Әндиликтә, улар мустәқилликқә еришкәндин кейин Хитай билән достлишип, униң думбиғиға уссул ойнашқанлиғини, уйғурлар уларға көйгәндәк көймигәнлигини ечинишлиқ билән мундақ изһар қилиду:

Өзбәкләрни-өзимиз, дедуқ.
Қазақ бағрим, қирғизни - җегәр.
Улар җапа чәккән мәзгилидә,
Йегинимиз билинди зәһәр.
Қериндашлиқ ширин шу қәдәр!...
.............................
Йетишкәндәк болдуқ шу чағлар,
Саадәткә, иқбал, тәхиткә.
Мәмнун болдуқ улар билән тәң,
Күлүп баққан гөзәл бәхиткә,
Толуп таштуқ ғәйрәт, үмүткә.

Әпсус! бүгүн алданди улар,
Қанчә ейтсақ қулақ салмиди.
Бар бесатин атап мәлунға,



Тарихлардин савақ алмиди.
Ичкирлиди, артқа янмиди!

Бәс-бәс билән чүшти бәзмигә.
Бейҗиң чалған думбақ уссулға,
Лавҗаң билән мингәшти, әнә.
Әждиһарға-серик дулдулға.
(Тозиқиға чүшти-шум йолға)
...
Бағримиз, дәп, дилдин сөйгәндуқ,
Биз сөйгәндәк, улар сөймиди.
Зулум тартса биллә көйгәндуқ,
Биз көйгәндәк, йенип-көймиди.
Меһримиз от, бирақ өчмиди.[9]

Уйғурлар өзлириниң мустәқил дөлитини йоқатқандин кейинки 200 жилдин ошуқ вақит ичидә бир қанчә йүз қетим мустәмликичиләргә қарши миллий азатлиқ күрәшлирини җүргүзүп кәлди. Һазирқи вақитта улар вәтәнниң ичи сиртида азатлиқ үчүн инқилабий күрәшлирини җүргүзүп, өзлириниң мустәқил дөлитиниң тиклиниши үчүн һәрикәт қилмақта.

Муһәммәтҗан Ясин «Миллитим», «Қериндашлиқ хитаби», «Икки тамчә яш», «Қачан», «Мәңгүлүк удум», «Истиқлал йоли-гоя бир караван», «Назугум», «Қайғурма ана» қатарлиқ шеирлирида Уйғуристанниң чоқум мустәқилликқә еришидиғанлиғиға ишәнчә билдурди. Униң бу пикири «Һөрлүккә» намлиқ шеирида мундақ ипадиләнгән:

Саңа тәшна бизниң җүрәкләр,
Дилда янар арман-тиләкләр.

Пикirimiz һәм зикримиз дәйду:
Иқбал қачан ачар етәкләр.

Кәлдуқ дәртни йүдүп һапашлап,
Әһдимизни қоймидуқ ташлап.
Үмүтимиз мәнзилгә башлап,
Күрәшкә дәп түрдуқ биләкләр.

Талай мәртләр тиккәнти җанни,
Зимин үчүн аққузди қанни,
Қоғлап номус арини, шанни,
Вәтән үчүн болди тирәкләр.

Қараңғу түн болсиму узун,
Бошитиду субһигә орун.
Саадәт һәм ачиду қоюн,
Ечилғуси гүлләр-чечәкләр.

Келәр йеқин, келәр бәхтимиз,
Бәхтимизгә йөләк тәхтимиз.(10)

Шаир «Миллитим» намлиқ шеирида:

Уйғур-дегән, тарих яратқан,
Қутлуқ еди милләт намимиз.
Җаһан әһлин рам қип қаратқан,
Мөҗизикар шөһрәт, шанимиз.
Вәтән ғеми билән өтмәктә,
Һәр дәқиқә, пурсәт, анимиз.(11)



Шаирниң бу мисралиридин биз йәнә хәлиқпәрвәрликниң ярқин симасиниму көримиз. У бу шеирида өз хәлқиниң қедимдин тартип дунияға тонулған, җаһан мәдәнийитигә мунасип төһпиләр қошқан. Әнди амити кетип мустәқиллиғини йоқатқанлиғини, азатлиқ үчүн нурғунлиған инқилаблар қилип, нәччә миңлиған қурбанларни бәргәнлигини, бүгүнки күндә қериндаш хәлиқләргә охшаш өз дөлитигә егә болалмиғанлиғиниң бәзи сәвәплирини йезип, шеирини мундақ тамамлайду:

Нуқсаниң бар, дәп, әзиз хәлқим,
Үзүм өрүп сәндин кәчмәймән.
Сени сөймәк-шәрипим, әһдим,
Келәчәктин үмүт үзмәймән.

Сән ғурурум, даңқим, һөрмитим,
Виждинимни таза сақлаймән.
Уйғур-дегән намиң улуқтур,
Сөймигәнләр тирик өлүктур.(12)

Дегәнгә охшаш мисралирида өз хәлқигә болған чәксиз меһир муһәббитини йүксәк маһарәт билән мәдһиләйду:

Ғәм қилмиғин, қайғурма ана,
Оғлуң җаһан кезиватиду.
Ели үчүн издәп яр-йөләк,
Явларға гөр қезиватиду.

.......................

Ғәм қилмиғин, қайғурма, ана
Қуяш кәби сәнму йенип қал.
Саадәт еп келәр у саңа
Һөррийәткә қенип, қенип ал!

Ғәм қилмиғин, қайғурма, ана.[13]

Шаир «Қайғурма ана» намлиқ бу шеирида өзи чәт жутларда жүрсиму, вәтән ғеми билән яшаватқанлиғини, келәчәктә чоқум Уйғуристанниң азат болуп, бәхитлик күнләрниң келишигә ишәнч билән оптимистик көз-қарашлирини билдурди.

Муһәммәтжан Ясин талантлиқ шаир болупла қалмай, әдәбият нәзәрийәси темисиға қәләм тәврәткән әдиптур. Униң «Шеирийәт вә әркин шеир» , «Уйғур шеирийтидә вәтән һәм вәтәнпәрвәрлик мавзуси» намлиқ мақалилири «Иттипақ» гезитидә бесилған.

Шаир «Шеирийәт вә әркин шеир»[14] намлиқ мақалисида уйғур әдәбиятиниң муһим бир тәркибий қисми болған шеирийәт тоғрисида язиду. Шеирийәт иҗтимаий һаятниң тәсәввури күчлүк һиссият ярдими арқилиқ әң ихчам, әң җанлиқ, әң мәркәзлик һалда экс әттүрүп беридиған чоңқур пикир, образлик тил, йеқимлиқ аһаң вә урғу-ритмға егә бир әдәбий шәкилдур. Шеир дегән сөзниң луғәт мәнисидин ейтқанда «Гөзәл туйғу», «Гөзәл сезим» дегән мәна чиқиду. Шуниңға асасән, Муһәммәтжан Ясин шаир Әнвәр Насирийниң төвәндики бир куплет шеирини мисал кәлтүрди:

Ақарған йүз, қийилған қаш, қуюлған яш,
Кесилгән баш, чувулған чач, төкүлгән қан.



Титилған тән, түрүлгән муш, киришкән чиш,
Пүтмәс гәзәп изи болуп чиқти бу җан.[15]

Шаирниң йезиши бойичә, шеир шаирдин чоңқур тәпәккур, әтраплиқ билим, бай сөз сәнъитини тәләп қилиду. Бу үчиниң бири кам һалда йезилған шеирниң оқуғучиларға тәсир көрситиши аҗиз болиду.

Әркин шеирниң түзүлиши, ейтмақчи болған ғайиниң үнүлүши вә шаир туйғусиниң долқунлири бойичә орунлаштурилиду. Шеир халиғанчә қалаймиқан қурларға бөлүп қойсила болидиған нәрсә әмәс. Униң өзигә яриша бәлгилик тәртип, қаидә вә қануни бар. Шеирниң асасий шәрти мисралириниң умумий йөнүлүши, шеирниң мундәриҗиси, йәни шеирниң идеясини ечип беридиған болуши керәк. Шеирдики интонатсия, ритм, шаирниң тәпәккүрини, ейтмақчи болған пикирини ечип беришкә хизмәт қилиши лазим. Қайси сөзни аҗиритип, алаһидә пәрқләндүрүп вә тәкитләп ейтиш зөрүр болса, шу сөз шаирниң һаяҗанини вә һессиятини толуқ ипадә қилидиған қурларға җайлаштурилиду, дәйду шаир мақалисида. Униңға Өмәр Муһәммәдийниң «Гүлләр теридуқ» намлиқ шеирини мисал кәлтүрди:

Көңлимиз беғиға сөгәт тикип,
Бараңлиқ ясидуқ,
Чөнәк чепип,
Чөрсигә тикән тосап,
Гүлләр теридуқ.
Гүлләрни, сөгитимизни,
Бараңлиқ, чирайлиқ қилип
Өстәрмәкчимиз.

Заводтин, хаңдин
Һерип янған ишчиларни,
Етиздин, хамандин,
Пишип янған деһқанларни,
Беғимизға экирип,
Мәйдисигә гүлләр қисип,
Шу йәрдә ойнитип,
Шу барапда күлдүрмәкчимиз.[16]

Муһәммәтҗан Ясинниң «Уйғур шеирийитидә вәтән һәм вәтәнпәрвәрлик мавзуси» [17] намлиқ мақалисида вәтинимиз Уйғуристанниң манҗур-хитай басқунчилири тәрипидин бесивелинғандин буян хәлқимиз мустәмликичиләргә қарши нурғун күрәшләрни қилип, талай оғул-қизлиримиз вәтән үчүн өз җанлирини қурбан қилған болса, әдиплиримиз вәтән вә вәтәнпәрвәрлик тоғрисида нурғун әсәрләрни яритип, хәлқимизниң җасаритигә җасарәт, ғәйритигә ғәйрәт қошқанлиғини тәкитләп язиду. У мақалисида Абдухалиқ Уйғур, Мәмтили Тәвпиқ, Ним Шеһит, Ибраһим Турди, Абдуләзиз Мәхсум охшаш шаирлиримиз вәтән вә вәтәнпәрвәрлик роһида көп әсәрләрни иҗат қилип, хәлқимизниң зор дәриҗидә мәнивий вә роһий ойғинишиға турткә болғанлиғини көрситиду. Шундақла, мақалида вәтән вә хәлиқни унутқан бир қисим ялланма, саткун « шаирлар»дәл Уйғуристанни Хитай зимининиң «Айрилмас бир қисми» дегән муқамға уссул ойнаватқанларниңму бар екәнлигини әскәртиду.

Әнди чәт әлләрдики әдиплиримиздин Турсун Ваһиди, Хелил Һәмраев, Абдулһәй Рози, Долқун Ясин, Абдуғопур Қутлуқ, Мөмүн Һәмра, Мәмәтимин Обулқасим вә башқиларниң өзлири яшаватқан әлләрдики сәясий муһитниң бир аз



кәңлигидин пайдилинип, вәтән вә вәтәнпәрвәрлик һәққидә һәғдадиға йәткүзүп, вәтәнгә болған ялқунлуқ муһәббәт, зулум искәнҗисидә азап тартиватқан вәтәндашлириға чәксиз ечиниш, қериндашлирига сәмимий һөрмәт, басқунчиларға ғәзәп, нәпрәтлирини ипадиләп, әсәр йезиватқанлиқлирини изһар қилиду.

Пәршан һалиңға көйүндүм, көйдүм,
Аһ уруп топаңни миң кәррә сөйдүм. [18]

Дегән шаир Мәмәтимин Обулқасимниң «Туманлар тәктидә туғулмиған таң» намлиқ шеирини мисал кәлтүрүп, уйғур шеирийитини өзиниң вәтән вә вәтәнпәрвәрлик мавзусидики надир нәмунилири билән хәлқимизниң азатлиқ вә һөрлүк йолидики күрешигә йеқиндин яр - йөләк болуп, җәсур җәңчи вә тәшвиқатчи сүпитидә авангардлиқ ролини ойнап келиватқанлиғини алаһидә тәкитләйду.

Хуласилап ейтқанда, Муһәммәтҗан Ясин иҗадийитидә вәтәнни, хәлқини, хәлиқләр достлиғини мәдһийләп кәлди. Униң шеирлири пикирниң рошәнлиги, һаяҗанниң җошқунлиғи, тилиниң раванлиғи билән алаһидә пәрқлинип туриду. Шаирниң туғулуп өскән жутини, аччиқ һиҗран азавини, сеғиниш дәрдини чоңқур мәна, җошқун һессият билән йезилған шеирлирини оқуған һәр қандақ кишиниң жүригини тәвритип, адәмни ихтиярсиз униңға рам қилиду. Чүнки, вәтән ишқи-шаирниң қәлбидур.

---

1. Муһәммәтҗан Ясин. Өзәм һәққидә // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. -Бишкәк, 2001, 200- бәт.
2. Муһәммәтҗан Ясин. Вәтән ишқи // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. 197-бәт.
3. Муһәммәтҗан Ясин. Вәтиним // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. 195-196- бәтләр.

4. Муһәммәтжан Ясин. Вәтән ишқи дәрдидин...Вәтән муһәббити. -Бишкәк, 2009, 92- бәт.

5. Муһәммәтжан Ясин. Рубаийлар. Вәтән муһәббити. 319 – бәт.

6. Муһәммәтжан Ясин. Вәтәнгә.Вәтән муһәббити. 26- бәт.

7. Муһәммәтжан Ясин. Қирғиз достумға // «Иттипақ»,- Бишкәк, 2009, №7.

8. Муһәммәтжан Ясин. Сусамирға барғанда // «Иттипақ». - Бишкәк, 2003,№ 9.

9. Муһәммәтжан Ясин. Қериндашлиқ хитаби // «Виждан авази». -Бишкәк, 2001, №10.

10. Муһәммәтжан Ясин. Һөрлүккә // «Иттипақ», -Бишкәк, 2003, № 2.

11. Муһәммәтжан Ясин. Миллитим // Иттипақ, -Бишкәк, 1999, №11.

12. Муһәммәтжан Ясин. Миллитим // «Иттипақ», №11.

13. Муһәммәтжан Ясин. Қайғурма ана // «Иттипақ», - Бишкәк, 2004,№ 2.

14. Муһәммәтжан Ясин. Шеирийәт вә әркин шеир // «Иттипақ», -Бишкәк, 2003, №12.

15. Әнвәр Насири. Өлүм алдида // «Гүдүк» (шеирлар топлими). –Үрүмчи, 1983, 16- бәт.

16. Өмәр Муһәммәди. Гүлләр теридуқ // Өмәр Муһәммәди. Шеирлар. –Алмута. 1951, 8-9- бәтләр.

17. Муһәммәтжан Ясин. Уйғур шеирийитидә вәтән һәм вәтәнпәрвәрлик мавзуси//«Иттипақ», -Бишкәк, 2004,

18. Мәмәтимин Обулқасим. Туманлар тәштидә туғулған таң // Садиғаңкетәй, хәлқим (шеирлар вә балладилар). –Алмута, 1998, 37- бәт.



# Ғәмгүзар хәлқиниң қайғусиға шерик болуп өткән һаят

Абдусалам Ғаппар өзиниң кичик һекайилири(новеллири) билән Қирғизстанда тонулған уйғур язғучилириниң бири.

Абдусалам Ғаппар Исмаил оғли 1947- жили, 14- апрель күни, Ғулжа шәһиридә, һүнәрвән аилисидә дунияға кәлгән. У, 1962- жили, ата-аниси билән Қирғизстанниң Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә көчүп келип, 1970- жили, оттура мәктәпни қирғиз тилида түгәткән. У, бүгүнки күнгичә қурулуш саһасида ишләп кәлмәктә.

Абдусалам кичигидин әдәбиятқа қизиқип, гезит, журнал вә китапларни көпләп оқуған, кейинчә өзиму кичик һекайиләрни йезишқа башлиған.

Абдусалам Ғаппарниң «Мениң қарғожам» намлиқ биринчи һекайиси вә униңдин кейин йезилған һекайилири 1976- жилидин башлап«Коммунизм туғи», «Йеңи һаят», «Виждан авази», «Иттипақ» гезитлириниң сәһипилиридә давамлиқ бесилип кәлмәктә.

Һәммигә мәлүм, 1991- жили, март ейида, Қирғизстан язғучилар Иттипақиниң йенида Уйғур әдәбияти сексияси ечилған болуп, униңға шаир Жамалдин Қасимов рәис болуп сайланған еди. Әнә шу уйғур сексиясигә Абдусалам Ғаппар актив қатнашқан. Униң ижадийитиниң йүксилишигә язғучи Нәсирдин Давут көп тәсирини көрсәткән. Абдусалам дәсләп язған һекайилирини Нәсирдин Давутқа көрситип, униң пикирини аңлап, һекайилириниң камчил жайлирини түзүтүп турған.

4. Муһәммәтжан Ясин. Вәтән ишқи дәрдидин...Вәтән муһәббити. -Бишкәк, 2009, 92- бәт.
5. Муһәммәтжан Ясин. Рубаийлар. Вәтән муһәббити. 319 – бәт.
6. Муһәммәтжан Ясин. Вәтәнгә.Вәтән муһәббити. 26- бәт.
7. Муһәммәтжан Ясин. Қирғиз достумға // «Иттипақ»,- Бишкәк, 2009, №7.
8. Муһәммәтжан Ясин. Сусамирға барғанда // «Иттипақ». - Бишкәк, 2003,№ 9.
9. Муһәммәтжан Ясин. Қериндашлиқ хитаби // «Виждан авази». -Бишкәк, 2001, №10.
10. Муһәммәтжан Ясин. Һөрлүккә // «Иттипақ», -Бишкәк, 2003, № 2.
11. Муһәммәтжан Ясин. Миллитим // Иттипақ, -Бишкәк, 1999, №11.
12. Муһәммәтжан Ясин. Миллитим // «Иттипақ», №11.
13. Муһәммәтжан Ясин. Қайғурма ана // «Иттипақ», - Бишкәк, 2004,№ 2.
14. Муһәммәтжан Ясин. Шеирийәт вә әркин шеир // «Иттипақ», -Бишкәк, 2003, №12.
15. Әнвәр Насири. Өлүм алдида // «Гүдүк» (шеирлар топлими). –Үрүмчи, 1983, 16- бәт.
16. Өмәр Муһәммәди. Гүлләр теридуқ // Өмәр Муһәммәди. Шеирлар. –Алмута. 1951, 8-9- бәтләр.
17. Муһәммәтжан Ясин. Уйғур шеирийитидә вәтән һәм вәтәнпәрвәрлик мавзуси//«Иттипақ», -Бишкәк, 2004,
18. Мәмәтимин Обулқасим. Туманлар тәштидә туғулған таң // Садиғаңкетәй, хәлқим (шеирлар вә балладилар). –Алмута, 1998, 37- бәт.



## Ғәмгүзар хәлқиниң қайғусиға шерик болуп өткән һаят

Абдусалам Ғаппар өзиниң кичик һекайилири(новеллири) билән Қирғизстанда тонулған уйғур язғучилириниң бири.

Абдусалам Ғаппар Исмаил оғли 1947- жили, 14- апрель күни, Ғулжа шәһиридә, һүнәрвән аилисидә дунияға кәлгән. У, 1962- жили, ата-аниси билән Қирғизстанниң Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә көчүп келип, 1970- жили, оттура мәктәпни қирғиз тилида түгәткән. У, бүгүнки күнгичә қурулуш саһасида ишләп кәлмәктә.

Абдусалам кичигидин әдәбиятқа қизиқип, гезит, журнал вә китапларни көпләп оқуған, кейинчә өзиму кичик һекайиләрни йезишқа башлиған.

Абдусалам Ғаппарниң «Мениң қарғожам» намлиқ биринчи һекайиси вә униңдин кейин йезилған һекайилири 1976- жилидин башлап«Коммунизм туғи», «Йеңи һаят», «Виждан авази», «Иттипақ» гезитлириниң сәһипилиридә давамлиқ бесилип кәлмәктә.

Һәммигә мәлум, 1991- жили, март ейида, Қирғизстан язғучилар Иттипақиниң йенида Уйғур әдәбияти сексияси ечилған болуп, униңға шаир Жамалдин Қасимов рәис болуп сайланған еди. Әнә шу уйғур сексиясигә Абдусалам Ғаппар актив қатнашқан. Униң ижадийитиниң йүксилишигә язғучи Нәсирдин Давут көп тәсирини көрсәткән. Абдусалам дәсләп язған һекайилирини Нәсирдин Давутқа көрситип, униң пикирини аңлап, һекайилириниң камчил жайлирини түзүтүп турған.

1994- жили, Қирғизстан язғучилири иттипақиниң бәдиий әдәбият, тәшвиқат бюроси тәрипидин қирғиз тилида нәшир қилинған «Үмүтүм мениң ата журт» намлиқ топламда униң бир түркүм һекайилири берилгән.

А. Ғаппарниң «Көңүл сандуғумдики ойлар» (1996),[1] «Каккук болуп сайридим»(1997)[2] намлиқ һекайилар топламлири қирғиз шаири Мәрхаба Ааматовниң тәрҗимисидә қирғиз тилида нәшир қилинған.

2001- жили, Қирғизстан Миллий университети Хәлиқара билим бериш программилири бойичә Интеграция институтиниң Уйғур филология факультети тәрипидин нәшир қилинған (түзгүчи Әкбәржан Баудунов) «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» дәрислик-хрестоматия китавида А. Ғаппарниң бир топ һекайилири берилгән.

2010- жили, «Под небом Токмока» (« Тоқмақ тәвәсидә»), 2012- жили, «Следы минувших времен»(« Өткән дәвирләрниң излири»), 2017- жили, «Документальная повесть о жителях села Комсомольское»(«Комсомол йезисиниң аһалиси тоғрисида һөҗҗәтлик повесть») намлиқ китаплири рус тилида йоруқ көргән. 2010- жили, һәрхил милләт язғучи вә шаирлириниң «Много языков-один мир»(« Көп тил-бир дуния»)намлиқ топламға вә қирғиз шаири Абдулла Қарасартов ишләп чиққан «Достук ыры»(«Достлуқ нахшиси») умумий топламларға Абдусалам Ғаппарниң бир топ һекайилири киргүзилгән. Униң «Ана йәргә егилди баш» намлиқ һекайилар топлими нәширдин чиқиш алдида туриду.

Абдусалам Ғаппарниң язған һекайилири өзиниң ихчамлиғи, ейтмақчи болған ой пикириниң очуқлиғи, вақиә, һадисиләрниң миллий характерға егә екәнлиги, тилиниң өткүрлиги билән алаһидә пәриқлиниду.



Кичик һекайә (новелла) һәҗим җәһәттин кичик һәм қисқа болғанлиқтин, уни кичик һекайә, микро һекайә, бир минутлуқ һекайә, алқанчилик һекайә дегәнгә охшаш намлар билән атилип кәлмәктә. Әлвәттә, һекайиниң һәҗими қанчилик кичик һәм ихчам болса, униң бәдиий қурулмуси билән йезиқчилиғи маһарәткә қоюлидиған тәләпму жуқури болиду. Кичик һекайидә язғучи аз тәсвири билән чоңқур мәнани ипадиләп, китапханларниң қәлбидә зор тәсир қозғайду. Шуңлашқа, язғучи башқиларға қариғанда техиму тиришчанлиқ вә маһарәт билән өз һекайисини оқуғучиларни зоқландурғидәк дәриҗидә йезип чиқиши керәк. Ундақ болмиған һалда, һекайә өз қиммитини йоқитиду. Шуни ейтип өтүш керәкки, вақит пул билән өлчиниватқан бүгүнки күндики кишиләрниң турмуш ритми интайин тез болуп, бәкму алдирашчанлиқ ичидә өтүватқанда, көп кишиләрниң роман оқуш вақти йоқ. Улар өйгә келип тамақтин кейинки қисқиғинә вақит ичидә, телевизор көрүш алдида, яки кәйнидә, шуниңдәк ухлаштин бурунқи бир нәччә минут ичидә икки вә үч парчә кичик һекайини оқуп чиқалайду. Шуниңдәк, гезитларниң әдәбият бети вә қошумчә бәтләрдә роман бәргили болмисиму, амма қисқа һекайиларгә тегишлик орун берилиду.

Абдусалам Ғаппарниң язған һекайилири асасән достлуқ, муһәббәт, адаләтлик - адаләтсизлк, яхшилиқ - яманлиқ, адәмгәрчилик, инсанпәрвәрлик, вәтәнпәрвәрликкә охшаш темиларға беғишланған. Шундақла, униң әсәрлири яшларға ата-анини, чоңларни һөрмәтләш, туғулуп өскән йәрни сөйүш охшаш этикилиқ вә эстетикилиқ тәрбийә бериш характеригә егә.

А. Ғаппарниң «Ата изи билән»[3] һекайисида хошнисиниң кичик оғли кишиләрни көргәндә оң қолини көксигә қоюп «Әссаламу әләйкум» дәп, салам қилишини йезип «Яхши

тәрбийә көргән бала екән» дегән ой пикрини ейтиду. Шу арқилиқ башқиларниңму өз пәрзәнтлирини әнә шундақ әдәп-әхлақ билән тәрбийәләш керәклигини тәкитләйду.

Язғучиниң «Аял киши»[4] дегән һекайисидә үч, төрт илпәтләр йеңи тонушқан ағинисиниң өйигә кирип келишиду. Ағиниси уларни хошал қарши елип, меһманханисиға тәклип қилиду. Өзи дәстурхан селип, назу-немәтләрни устәлгә қойиду. У ашханиға чиқип кетип бирдинла чинә қачиниң җараңлап сунған авази вә аял кишиниң ерини дүшкәләп вақириған қопал авази аңлиниду. Бирақ, ағиниси чандурмай меһманларни узитиду. Язғучи бу һекайисида, уйғур хәлқиниң меһман кәлгәндә әң болмиғанда «Буғдай нениң болмиса, буғдай сөзиң йоқму?» дегәндәк, болупму аял кишиниң һәр қандақ шараитта кәлгән меһманни чирайлиқ қарши елиши керәклигини тәкитләп язиду.

Абдусалам Ғаппарниң «Қериндашлиқ» [5] намлиқ һекайиси «Йеңи һаят» гезитиниң 1996- жили, 8- март санида йоруқ көргән. Һекайиниң мәзмуни: бир қорада ата-аниси билән сиңлиси яшайду. Автор улардин айрим яшисиму, арилап ата-анисини йоқлап туриду. Бир күни ата-анисини йоқлап бариду. Аниси тәйярлиған қаймақлиқ әткән чайни ичип олтарғанда, сиңлиси пәтмуста тәхсиләргә селинған ләңмәнни әкириду. Ана қизиниң бу ишидин бәк хурсәнт болиду.

Автор бу һекайисидә, чоңларға һөрмәт билдүрүш, қериндашлар оттурисидики мунасивәтләргә охшаш уйғур хәлқиниң урп-адәтлиридә учрайдиған әдәп-әхлақ хисләтләрни көрситиду.

Абдусалам Ғаппарниң «Дуа»[6]намлиқ һекайисида язғучи, оғли билән ата-анисини йоқлап бариду. Һәр қачанқидәк бүгүлүктә олтуруп аниси билән параң селип олтурғанда,



дәрвазидин атиси кирип келиду вә чөгүнни елип қолини жуймақчи болиду. Буни көргән язғучи орнидин туруп дадисиниң қолиға су қойуш үчүн тәмшәлгәндә, оғли чаққанлиқ билән орнидин туруп бовисиниң қолиға су қойиду. Бу ишидин бовай рази болуп, «Ярайсән оғлум, ярайсән қозам, өмриң узун болсун» дәп дуа қилиду. Язғучи бу һекайисида аиләвий тәрбийә, әдәп-әхләқ хисләтлирини көрситип бериду.

Абдусалам Ғаппарниң «Тәшвиш»[7] намлиқ һекайиси атом бомбисиниң зийини тоғрисида йезилған. Һекайиниң мәзмуни: қазанда қайнаватқан майни унтуп қелип, от кәткили тас қалиду. Униңдин чиққан қаңсиқ пурақ өйниң ичини оравалған еди. Өйниң ичидики кишиләр қақилип кетишиду. Һәтта бөшүктә ятқан бовақму бу пурақни сезип жиғлашқа башлайду. Амалсизлиқтин өйниң ишик вә деризилирини ечишқа мәжбүр болиду. Бир аз таза һава кирип өйниң ичи тазиланғандин кейин бовақниң жиғисиму тохтайду.

Язғучи бу һекайә арқилиқ атом бомбиси йерилғанда инсанларниң һаяти үчүн наһайити мушкул болудиғанлиғини көрсәткән. Мәсилән, Японияниң Хиросима, Уйғуристанниң Лобнорда өткүзүлгән атом синақлириниң нәтижисидә нәччә йүз миңлиған инсанларниң өлүп, тәбийәтниң бузулишиға елип келип, та бүгүнки күнгичә униң азавини тартмақта. Автор бу һекайиси арқилиқ йәр шарида атом бомбисини синақтин өткүзүшигә қарши чиқиду.

Абдусалам Ғаппарниң «Ана йәргә егилиди баш» [8] намлиқ һекайиси «Иттипақ» гезитиниң 2014- жилиниң, ноябрь санида йоруқ көргән. Һекайиниң мәзмуни: бир киши йәрдики күнниң иссиғида өрләп кәткән топини үз-көзигә сүркәп, йәргә бағрини йеқип еғинайду. Буни көргән кишиләр һәйран болуп: «Есидин азған адәмғу бу», «Оң болса шундақ қиламду» дейишсә,

бирлири «Бу адәм йәрлик әмәсқу» дегәнгә охшаш гәпләрни қилишиду.

Шу чағда көпчиликниң арисидики бир салапәтлик бовай униң қешиға келип:

- Һәй балам, бу немә қилғиниң? Бир убданла кийимлириңни булғавәттиңғу. Өзәң нәдин болисән, - дәп сорайду. У киши мундақ җавап бериду:

- Бова, мән чәт әлдин кәлдим. Бу йәр мениң ата журтум, әзиз вәтиним! Мошу йәрдә мениң киндик қеним төкүлүп, балилиқ чағлирим өткән, - дәп топидин бир сиқим елип кетип қалиду.

- Бова, у адам сараңмикән? - дәп сорайду бир кичик бала һәйран болуп. Бовай топлишип турғанларниң кешиға келип:

- Яқ, балам у, сараң әмәс, әсли оң адәм. Бу адәм кичик чеғида өз ана журтидин айрилип , амалсиз чәт әлләргә чикип кәткән қериндашлиримизниң бирси екән. Улар башқа жутларда журсиму өз вәтинини сеғинип, ана йәрниң бир сиқим тописини алтундинму артуқ көрүп , көзигә сүрткидәк қилиду. Шуңлашқа, у адәм ана йәрниң бир сиқим тописини елип кәтти. Мана, балам сән болсаң өз журтуңда, өз йериңдә яшайсән, вәтиниңни асира, уни һеч қачан ташлап кәтмигин, - дегән гәпләрни қилиду бовай.

Бовайниң гепини аңлиған көпчилик бир дәқиқә жим болуп қелишти. Уларниң баятин бери «сараң» дәп ойлиған адими сараң әмәс, қан қериндиши екәнлигини билип, униң кәйнидин меһрибанларчә қаришип қелиштидә «қолуңдики алтунниң этивари йоқ» дегән һекимәтлик сөзни әслишип, һәммисиниң беши ана йәргә егилгән еди.

Язғучи бу һекайисида инсанларни өз вәтинини сөйүшкә, һеч қачан өз жутини ташлап чәт мәмликәтләргә чиқип кәтмәсликкә чақириду.



Абдусалам Ғаппарниң «Әзиз макан»(9) намлиқ һекайиси «Иттипақ» гезитиниң 2016- жили, декабрь санида бесилған. Һекайидә язғучи өзлири туруватқан өйигә чоң қурулуш чүшүш сәвәвидин йеңи етажлиқ өйгә көчүп келиду. Бир аз вақит өткәндин кейин униң оғли:

- Дада, қачан өйимизгә кетимиз, - дәп пат-пат жиғлайду.

У бир күни балисини елип кона өйигә келиду. Бу чағда уларниң өйини бузуватқан екән. Буни көрүп оғли өпкисини басалмай жиғлап кетиду. Балисиниң көз яшлириға чидимай өзиму көз яш қилип туруп:

- Раст, балам, сән мошу өйдә туғулдуң, мошу өйдә сениң киндик қениң төкүлгән, сән үчүн бу өй әзиз макан. Еһ... балам мениңму туғулуп, киндик қеним төкүлгән өйүм болған, - дегән гәпни қилип, өзиниң туғулуп өскән өйини ойлап хиял қилиду. У өткән жили Уйғуристанниң Ғулҗа шәһиригә барған чеғини әсләйду. Ғулҗа шәһиридики өз өйигә кәлсә, әшу өйиниң орниға чоң имарәт чушудиған болуп, өйини бузуватқан екән.Бу әһвални көрүп, көңли бузулуп, көзлиридин яшлар тарамлап аққан екән.

Язғучи бу һекайисида, адәм балисиға туғулған йәр, ана журтниң қанчилик әзиз макан екәнлигини чүшәндүрүп өтиду.

Абдусалам Ғаппарниң «Қәһриман ана»(10) намлиқ һекайиси «Иттипақ» гезитиниң 2020- жилиниң март санида бесилған. Һекайиниң мәзмуни:

Өйигә алдирап-һасирап киргән Гүлсүм анисиға:

- Апа, бу немә дегән зорлиқ, әву Ваң дегән қери хитай мениң достум Ғунчәмни хотун қилимән дәп зорлап һоҗурисиға солап қойупту, - дәйду. Буни аңлиған Гүлсүмниң аниси:

- Немә дәйсән қизим, бу зомигәрлиққу. Бечарә достуң Ғунчәмниң дадиси Надиркамни тәрбийәләш лагериға наһәқ солап, аниси Рошәнни ичкиригә сүргүн қилғанни аз дәп, әнди он

гүлиниң бир гүлиму ечилмиған достуңниң бәхтигә олтармақ боптима зомигәр Ван Ли. Ана қаттиқ ғәзәплиниду вә қизиға қарап:

- Яқ, қизим, бешиңни көтәр, биз анилар виждан-номусимизни сатмаймиз, бизниң Ипархан, Назугум, Майимхан, Ризвангүл легән анилиримиз өткән. Улар манжур хандалиғиға, гоминдаң экисийәтчи басқунчилириға бой әгмигән, хәлқи, вәтини үчүн күрәш қилип, пак вижданини пида қилған, қәһриман анилиримиздур, - дәп өтмүшни әслигән ана, Ғунчәмни көз алдиға кәлтүриду.

Ғунчәмни солап, қулуплап қойған һожуриниң ичи заманивий жиһазлар билән толған. Ғунчәм уларни көрүп, сәскинип тамға йөләнгән һалда ойлунуп туриду. Авторниң тәссәвури бойичә Ғунчәмниң қәдди-қамити келишкән, адәмниң қоли йәтмәс уйғурумниң аҗайип бир гөзәл, җанан қизлириға охшитиду. Ғунчәм шу минутта җапакәш атисини, яқа жұртларда мусапир болуп жүргән анисини әсләйду. Һазир униң һалини сориғидәк, мәдәт бәргидәк адәм йоқ. Бирақ, Ғунчәм өзини чиң тутуп: «Яқ, мән саңа һәргиз хотун болмаймән, номусимни булғумаймән, ата-анамни тапимән, уларни қутулдуримән», дегән ойлар көңлидин кечип, йәң ичигә йошуривалған өткүр пичиғини тутқан һалда туриду.

Шу аснада ишикни тарақлитип ечип бовай Ван Ли мәс һалда өйгә кирип келидудә:

- Аһ, ... гөзәл җанан хеним, бүгүн сән маңа хотун болисән, - дәп Ғунчәмгә йеқинлишиду.

- Саңа хотун болуш маңа өлүм, - дегән гәпни қилған Ғунчәм йенидики пичиғини чиқирип Ван Линиң ичиқарнини йерип, жүригини тиливитидудә, чаққанлиқ билән деризидин сәкрәп чүшүп, қараңғу кочида көздин ғайип болиду.



Язғучи Абдусалам Ғаппарниң «Қәһриман ана» һекайисидики Ғунчәм обризи, уйғур хәлқиниң қәһриман қизи Назугумға охшайду. Назугумму манжур-хитай басқунчилириға қарши күрәш қилған уйғур хәлқиниң қәһриман қизи. Улуқ шаир вә мутәпәккур Билал Назим «Назугум қиссиси» намлиқ әсиридә йезиши бойичә Назугум оқуған, билимлик аял, өзи буғдай өңлүк, қара көз, назук бәдән болғанлиғи үчүн Қәшқәр хәлқи униңға Назугум, дәп ат қойған.

Һәммигә мәлум, 1825- жили, Қәшқәрдә Җаһангир ғожа башчилиғида манжур-хитай басқунчилириға қарши чоң қозғулаң болған еди. Лекин, бир аз вақит өтүш билән қозғилаң қаттиқ бастурулуп, қозғилаңға қатнашқан барлиқ әрләрни қирип ташлап, аялларни Қәшқәрдин Или тәвәсигә сүргүн қилип ачиқип, қалмақларға хотунлуққа беришкә башлайду. Әнә шу нәччә йүзлигән уйғур аяллириниң ичидә Назугумму бар еди. Манжур-хитай чериклири Назугумниң ери билән балисини өлтүривәтиду. Шуңлашқа, Назугум қалмаққа хотун болуштин өлүмни артуқ көриду. Дүшмәнниң әсиридә турған Назугум икки қетим қачиду. Биринчи қетим 12 күндин кейин тутулған болса, иккинчи қетим у алтә ай давамида қечип жүриду. Иккинчи қетим тутулғанда манжур-хитай әмәлдари Ши Сән - долуя Назугумни өзиниң әмәлдариниң биригә хотунлуққа бәрмәкчи болиду. Бирақ, той кечиси, һәммә мәс ятқанда Назугум соланни боғузлап өлтүрүп, қечип кетиду. Назугум алтә ай қечип жүрүп, ахири тутулиду вә қәтлә қилиниду.

Шаир Билал Назим Назугум обризи арқилиқ, Назугумниң егилмәс ирадисини, униң әркинликкә интилишини, дүшмәнгә бой сунуштин көрә өлүмни әвзәл көриши охшаш алийҗанаплиқ хусусийәтлири билән униң хәлқигә, вәтинигә болған чәксиз муһәббитини баян қилиду.

Абдусалам Ғаппарниң «Қәһриман ана» һекайисидики Ғунчәм обризиму худди уйғур хәлқиниң қәһриман қизи Назугумға охшайду. Уйғур хәлқиниң қәһриман қизи Назугум XIX- әсирниң 20- 30- жиллирида манжур-хитай басқунчилириға қарши күрешип, қәһриманларчә қурбан болған болса, Абдусалам Ғаппарниң Ғунчәм, XXI- әсирниң башлирида хитай коммунист даирилириниң уйғур хәлқи үстидин жүргүзүватқан иркий қирғинчилиғиға қарши күрәшкән қәһриман обризини яритиду.

Абдусалам Ғаппарниң «Қәһриман ана» һекайиси кишиләрни, болупму яш әвлатларни вәтәнпәрвәрлик роһта тәрбийәләштә чоң әһмийәткә егә.

Абдусалам Ғаппарниң «Үммәт үзмигин»[11] намлиқ һекайиси оптимистик көз қараштa йезилған әсәр. Һекайиниң мәзмуни: деризидин учуп кирип қалған қушқач өйдә олтурған балини көрүп, үркүп, киргән йерини тапалмай, чикилдап деризигә өзини урушқа башлайду. Буни көргән бала хошал болуп:

-Урра, мениң қушум, беқип қоймән, - дәп уни тутивалиду. Шу чағда қушқач тилға кирип сөзләшкә башлайду:

- һәй бала, мени қойивәткин, немини халисаң шуни орунлап беримән, - дәйду.

- Ата журт, вәтинимниң мустәқиллиғини халаймән, шуни орунлап бәргин , - деди бала.

- Болиду, өзәң үммәт үзмигин вәтиниңдин, - дәп деризидин учуп кетиду қушқач.

Язғучи бу кичик һекайиси арқилиқ Уйғуристанниң чоқум азат болушиға оптимистик көз қаришини ипадиләйду.

Абдусалам Ғаппарниң «Заманә йәнә заманә», «Һәр хил кишиләр», «Қәбрә тешидики сүрәт»,«Телевизорда», «Бир парчә



нан», «Адаққий арман», «Қутлуқ жай», «Сеғиниш» вә башқа һекайилиридә пәқәт өз тәбийитигә хас вақиәләр тәсвирлиниду.

Абдусалам Ғаппарниң «Под небом Токмока» («Тоқмақ тәвәсидә»)[12] намлиқ һөжҗәтлик повести Тоқмақ турғунлири һәққидә рус тилида бесилип чиққан әсәр. Китапта, Тоқмақ шәһириниң 1867- жили, шәһәр намини елиши, 1878- жили, шәһәргә су бесип вәйранчиликқа учурғанда Уйғуристанниң җәнубий шәһәрлиридин чиққан уйғурларниң шәһәрниң қурулуш ишлириға паал қатнашқанлиғи, уларниң әвлатлири 1937- жили сталин репрессиялиригә учрап, уйғур мәктивиниң йепилғанлиғи, андин китапниң асасий қәһримани, һазирқи уйғур синипиниң муәллими Адилжан арқилиқ тоқмақлиқ өзбәк тиллиқ болуп кәткән әсли уйғур Абдул акиниң дилини ачқанлиғи вә һазирқи күндә Тоқмақта яшаватқан уйғурларниң актив паалийәтлири һәққидә баян қилиду.

2012- жили, рус тилида нәширдин чиққан «Следы минувших времен» («Өткән дәвирләрниң излири»)[13] намлиқ һөжҗәтлик повести Кәң Булуң йезисиниң турғунлири вә шу йезиға 1932- жили, биринчи болуп көчүп кәлгән ақсулуқ уйғур Бувихан ана Өмәрова билән униң атиси Әлахан Өмәров 1937- жили, сталин репрессиялиригә учриғанлиғи, 1934- жили, Кәң Булуңда дәсләп уйғур мәктивини ачқан Әхмәтжан Рәхимов һәққидә язиду.

2017- жили, рус тилида нәширдин чиққан «Документальная повесть о жителях села Комсомола» («Комсомол йезисиниң аһалиси һәққидә һөжҗәтлик повесть»)[14] әсәридә йеза турғунлириниң турмуш һаяти билән, 1954- жили, шу йезиға дәсләп кәлгән Иминахун Иминовниң паалийити вә униң әвлатлири һәққидә йезилған.

Абдусалам Ғаппар өзигә хас кичик һекайилири билән гәмгүзар хәлқиниң қайғусиға шерик болуп яшап кәлмәктә.

---

1. Абдусалам Ғаппар. Көңүл сандуғумдики ойлар (қирғиз тилида). - Бишкәк, 1996

2. Абдусалам Ғаппар. Каккук болуп сайридим (Қирғиз тилида). - Бишкәк, 1997.

3. Абдусалам Ғаппар. Ата изи билән // «Йеңи һаят». - Алмута, 1994.

4. Абдусалам Ғаппар. Аял киши // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. - Бишкәк, 2001, 300- бәт.

5. Абдусалам Ғаппар. Қериндашлар // «Йеңи һаят». - Алмута, 1996, 8- март.

6. Абдусалам Ғаппар. Дуа // Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти. - Бишкәк, 2001, 302- бәт.

7. Абдусалам Ғаппар. Тәшвиш // «Йеңи һаят». -Алмута, 1994, 10- сентәбрь.

8. Абдусалам Ғаппар. Ана йәргә егилиди баш // «Иттипақ», -Бишкәк, 2014 , ноябрь.

9. Абдусалам Ғаппар. Әзиз макан // «Иттипақ», -Бишкәк, 2016, декабрь.

10. Абдусалам Ғарпар. Қәһриман ана // «Иттипақ», -Бишкәк, 2020, март.



11. Абдусалам Ғаппар. Үммәтни үзивәтмә // «Иттипақ», -Бишкәк, 2015, декабрь

12. Абдусалам Ғаппар. Под небом Токмока («Тоқмақ тәвәсидә»).- Бишкәк, 2010. – 92 б.

13. Абдусалам Ғаппар. Следы минувших времен («Өткән дәвирләрниң излири»). -Бишкәк, 2012. -66 б.

14. Абдусалам Ғаппар. Документальная повесть о жителях села Комсомольское («Комсомол йезисиниң аһалиси тоғрисида һөҗҗәтлик повесть»). - Бишкәк, 2017. -48 б.

# Хатимә

Қирғизстан уйғур әдәбияти ХХ- әсирниң 70- жиллири шәкиллинип, тәрәққий тапти. Қирғизстанда яшап, иҗадийәт билән шуғулланған шаирлар, язғучилар 50- 60- жиллардики Хитай коммунистик һакимийитиниң һәр түрлүк сәясий тәқиплиригә учрап, наһәқ өлүп кетиштин көрә өз җанлирини сақлап қелиш үчүн вәтини- Уйғуристанни тәрк етишкә мәжбур болушти. Улар Совет Қирғизстаниға көчүп кәлгәндин кейин, нурғун қийинчилиқларни бешидин кәчүрди. Улар ихтисадий қийинчилиқтин башқа, роһий қийинчилиққа, йәни вәтини Уйғуристандин айрилип, вәтәнсизлик, мусапирлиқ азавини көп таритти. Улар өз вәтини Уйғуристанни тәрк етип, чәт мәмликәтләргә чиқип кәткинигә өкүнди, һәсрәт чәкти. Шуңлашқа, улар өз әсәрлиридә инсан үчүн өз вәтинидин айрилишниң қанчилик мүшкүл екәнлигини, жиллар өткәнсири вәтәнгә болған муһәббитиниң, сеғиниш һес туйғулириниң күчүйишини изһар қилишти. Шундақла, улар өз әсәрлиридә Уйғуристанниң келәчәктә чоқум мустәқиллиққа еришидиғанлиғиға үмүт вә ишәнч билдүрүшти. Әпсуски, уларниң көпчилиги Уйғуристанниң азатлиғини арзу қилип, панидин бақи дунияға сәпәр қилишти. Бүгүнки күндә Қирғизстан уйғур әдәбияти йоқулуш гирдавида турмақта. Бу мәсилини һәл қилиш үчүн алди билән Қирғизстанда уйғур маарипини тикләш керәк.

Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң басма оргини «Иттипақ» гезитиниң 2020- жилиниң ноябрь санида шаир, журналист Музәппәрхан Қурбанниң «Қирғизстан уйғур маарипиға бир нәзәр» намлиқ мақалиси бесилип чиқти. Әнә шу



мақалисида автор, Совет һөкүмити дәсләп қурулған ХХ- әсирниң 20- 30- жилларда Қирғизстанда башланғуч уйғур мәктәплириниң болғанлиғини, 1937- 1938- жиллири Сталинниң җазалаш сәяситидә (репрессиялиридә) у мәктәпләрниң йепилип кәткәнлигини қәйит қилип язиду. Автор йәнә өз мақалисида Қирғизстанда 80- жилларда вә 1989- жили, Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити қурулғандин кейинму уйғурлар топлишип олтурақлашқан Чүй вилайитиниң Бишкәк шәһири вә униң әтрапидики йезилардики мәктәпләрдә уйғур синиплири ечилип, уйғур тили оқутулғанлиғини, 2010- жилидин кейин бу синипларниң йепилғанлиғини язған.

Аридин бир нәччә жил өтүп, 2018- жили, Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Артиқ Һажиев Қирғизстан маарип министирлигигә Қирғизстанда уйғур тилини оқутуш тоғрисида хәт язған. Аз вақит өткәндин кейин Қирғизстан маарип министирилигидин җавап хәт кәлгән. Қирғизстан маарип министирлигиниң билдүрүлүшичә, уйғурлар топлишип олтурақлашқан җайларда уйғур тилини оқутушқа болудиғанлиғини, уйғур тилини оқутуш китаплирини вә уйғур тили муәллимлириниң хизмәт маашини җамаәт өзлири бир тәрәп қилиши керәклигини язған.

Бүгүнки күндә Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Әскәр Қасимов башлиқ һәйьәтләр Дуния уйғур қурултейиниң Маарип комитети билән һәмкарлиқта уйғур тилини оқутуш бойичә дәрислик китапларни тәйярлаш, уйғур тилини оқутидиған муәллимләрни вә ихтисадий мәсилиләрни һәл қилиш үчүн һәрикәт қилмақта.

# Өз хәлқигә қилған чоң хизмәт

Әкбәрҗан Баудунов - философия пәнлириниң намзити, уйғурларниң философия, этикилиқ көз қарашлири вә уйғур әдәбияти бойичә мутәхәссис.

Әкбәрҗан Баудунов 1942- жили, 5- январь күни Ғулжа шәһиридә зиялий аилисидә дунияға кәлгән. Униң бовиси Иминҗан Баһавудун хәлқимиз арисида «Имин тарих» тәхәллуси билән өз дәвриниң әң атақлиқ тарихчиси сүпитидә тонулған. Әкбәрҗанниң дадиси Абдурешит Имин истидатлиқ шаир, язғуч, журналист вә тәрҗиман болған. Әкбәрҗанниң аниси Ризвангүл һажим бухгалтер болуп ишлигән.

Әкбәрҗан Баудунов 1959- жили, Ғулжидики Или әрләр толуқ оттура мәктивини пүттүрүп, Үрүмчидики Шинҗаң университетиниң машинасазлиқ факультетиға оқушқа чүшиду. Университетта бир жил оқуғандин кейин, 1960- жили, униң аилиси Қирғизстанниң пайтәхти Фрунзе (һазирқи Бишкәк) шәһиригә көчүп келиду. Билимгә тәшна Әкбәрҗан 1963- жили, Қирғизстан Дөләт университетиниң физика-математика факультетиға оқушқа чүшүп, уни 1969- жили мувәппәқийәтлик билән тамамлайду. Оқушини түгәткәндин кейин, Фрунзе шәһиридики мәктәпләрниң бирidә муәллим болуп ишләйду. У 1970- 1974- жиллири Қирғизстан Дөләт политехника институтиниң Энергетика факультетиниң Иссиқлиқларни өлчәш кафедрисида чоң лаборант вә шу саһа бойичә мутәхәссис, 1974-1983- жиллири Фрунзе шәһәрлик монтаж-лайиһәләш башқармисида инженер вә йетәкчи инженер лавазимлирида ишләйду. 1983- 1998- жиллири Қирғизстан Миллий пәнләр академиясиниң Философия вә һоқуқ институти, Ихтисат вә



сәясәтшунаслиқ институтлирида илмий хадим, чоң илмий хадим болуп хизмәт қилиду.

Әкбәрҗан Баудунов 1985-1989- жиллири иштин қол үзмәй Қирғизстан Пәнләр академияси Философия вә һоқуқ институтиниң аспирантурисида оқуйду. 1990- жили «XIX- әсирниң биринчи йеримидики тәрәққийпәрвәр уйғур мутәпәккүрлириниң этикилиқ көз қарашлири» мавзусидики диссертациясини утуқлуқ яқлайду.

Диссертациядә XIX- әсирниң биринчи йеримида яшиған уйғур шаир вә мутәпәккүрлири: Муһәммәт Садиқ Қәшқәрий, Абдурейим Низарий, Турди Ғәрибий, Норузахун Зияий, Имир Һөсәйин Сабурийларниң философиялиқ, әдәп-әхлақ көз қарашлирини тәтқиқ қилиду.

Уйғур мутәпәккүрлириниң философиялиқ, әдәп-әхлақ көз қарашлири биринчи нөвәттә М.С.Қәшқәрийниң «Әдәп ул салихин», «Зубдат ал мәсәил вә әл әқәйид», «Тәзкирә-и әзизән», А. Низарийниң «Зәд ул ниҗат», Т. Ғәрибийниң «Китаби Ғәрибий», И. Х. Сабурийниң «Мақаләт» вә башқа әсәрлиридә өз әксини тапқан.

Кеңәш алимлири тәрипидин Оттура Азия вә Қазақстанниң философиялиқ, әдәп тәпәккүриниң тарихий саһасида тәтқиқатлар жүргүзүлгән болсиму, амма уйғурларға нисбәтән мундақ тәтқиқат болған әмәс. Кеңәш философия әдәбияти ичидә тәрәққийпәрвәр уйғур шаир-мутәпәккүрлириниң әдәп вә эстетикилиқ тәпәккүри тоғрисида бирму әмгәк йоқ. Шуңлашқа, мәзкүр диссертацияниң мәхситиму XIX- әсирниң биринчи йеримида яшиған шаир-мутәпәккүрләрниң әдәп һәққидики мирасини нәзәрийәвий тәпәккүр қилиштин, униң әң муһим тәрәплирини ечиштин ибарәт. Мана мошу мәхсәткә мувапиқ диссертантниң алдида уйғур шаирлириниң әдәп көз

қарашлириниң шәкиллиригә тәсир қилған XIX- әсирниң биринчи йеримида Уйғуристанда келиплашқан ихтисадий, иҗтимаий-сәясий мунасивәтләрни вә мәдәний һаятни ениқлаш; мутәпәккүрләрниң әдәп көз қарашлириниң идеявий мәнбәлирини чүшиниш; уларниң дунияға, адәмгә вә җәмийәткә болған көз қарашлиридин умумдунияға көз караш принциплирини намайән қилиш; дәсләпки мәнбәләрни тәһлил қилиш асасида уларниң әдәпниң әң муһим принциплири билән категориялирини қарап чиқиш; шу мутәпәккүрләр билән уларниң алдида өткән мутәпәккүрләр оттурисидики варислиқ алақилирини йорутуш; һазирқи заман яшлириға әхлақий тәрбийә бериш жәрияни үчүн XIX- әсирниң биринчи йеримидики уйғур мутәпәккүрлириниң әдәп көз қарашлириниң муһимлиғини вә әһмийитини испатлашқа охшиған вәзипиләрни һәл қилиш мәсилиси турди. Муәллип буниң һөддисидин муваппәқийәтлик чиққан.

Диссертация муқәддим, икки бап, хатимә вә пайдиланған әдәбиятлар тизимидин ибарәт.

Биринчи - «Уйғур мутәпәккүрлириниң әдәп көз қарашлириниң шәкиллиниши вә тәрәққий етишиниң дәсләпки шәртлири»,- дегән бапниң «Уйғур җәмийитиниң иҗтимаий-сәясий вә мәдәний һаяти» дегән биринчи параграфида муәллип тарихий тәтқиқатларға тайинип, XIX- әсир давамида йүз бәргән хәлиқниң азатлиқ вә миллий мустәқиллиқ үчүн күришини қозғиған, активлаштурған вә уйғурларниң роһий һаятида, һәммидин аввал иҗтимаий-философиялик вә әдәп тәпәккүридә өз әксини тапқан. Уйғуристандики иҗтимаий-сәясий шараитларни йоритиду. Диссертацийдә шу дәвирдики Уйғуристандики феодаллиқ җәмийәт һаятида һәр хил роль



ойниған феодал-клерикаллиқ диний мистиқилиқ вә тәрәққийпәрвәр идеологиялик еқимларни пәриқләндүриду.

Мәзкүр бапниң «Уйғур шаир, мутәпәккүрлириниң әдәп көз қарашлириниң шәкиллиниш мәнбәлири» - дегән параграфида муәллип өткән әсирләрдики уйғур мутәпәккүрлири: Йүсүп хас Һаҗип, Әхмәт Йүгнәкий, Хирқитий, Зәлилий, Нөвбитий, Әрши вә башқиларниң язма әдәбияти билән бай мирасиниң, шаирларниң әдәп, тәрәққийпәрвәр көз қарашлириниң шәкиллинишигә йәткүзгән үнүмлүк тәсирини тәһлил қилиду. Уйғур шаир-мутәпәккүрлириниң әдәп идеялириниң шәкиллинишигә, уларниң шәрқ хәлиқлириниң тиллирини, бай мәдәнийитини вә философиясини, һәммидин аввал Фарабий, Ибин Сина, Низамий, Саадий, Җами, Наваий вә башқиларни билиши чоң роль ойниған. Уларни уйғур мутәпәккүрлири өз әсәрлиридә бир нәччә қетим әсләп өтиду вә өзлириниң устазлири дәп һесаплайду. Шундақла, уйғур мутәпәккүрлириниң философиялик вә әдәп көз қарашлирида хәлиқ еғиз иҗадийитиниң күчлүк тәсири байқилиду.

Диссертацияниң «Уйғур мутәпәккүрлириниң әдәп көз қарашлири» - дегән бабида әдәп мәсилилири дунияқараш проблемилири билән аҗралмас һалда бағлиқ болуп, пат-патла әхлақ һадисилиригә вә мәнивий нормиларға нисбәтән өзигә хас умумфилософиялик дунияқарашни изһар қилидиғанлиғи көрситилгән. Шаир-мутәпәккүрләр өзлириниң әдәп һәққидики идеялирини тәбиәттики вә җәмийәт һаятидики конкрет вақиәләр, һадисиләр вә жәриянлар арқилиқ ипадилигән.

Уйғур мутәпәккүрлири үчүн әдәп категориялири вә чүшәнчилири арисида әң муһимлири яхшилиқ вә яманлиқ категориялиридур. Улар мәнивий һадисиләрниң, адәмниң хулуқ-мүҗәзидики вә қилмиш-әтмишлиридики икки қариму-қарши

(ижабий вә сәлбий) тәрипини өзидә әкис етиду. Шаирлар саһавәтлик ишларни қилиш, хәлиқни муһтажлиқ, мушкүллүктин қутулдуруш, йәни кишиләргә пайдилиқ ишларни қилишни яхшилиқ дәп атиса, буниңға зит келидиғинининң һәммисини яманлиқ дәп чүшәнгән еди. Мутәпәккүрләр яманлиқни хәлиққә нисбәтән адаләтсизликтә, уни езиштә көргән еди. Хәлиқ үстидин жүргүзүлүватқан зорлуқ-зомбилиқни әң чоң явузлуқ дәп әйиплигән еди.

Әкбәрҗан Баудуновниң философия илимиға қизиқишиға философия пәнлириниң доктори Әзизака Наринбаевниң тәсири чоң болди. Әзиз ака Наринбаевниң уйғур пәлсәпә тарихиға аит илмий мақалилири 1974- жилидин башлап «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят» гезитлириниң сәһипилиридә йоруқ көрүшкә башлиди. Әзиз Наринбаевниң илмий әмгәклири билән йеқиндин тонушуш нәтижисидә Әкбәрҗан Баудуновта философия илимиға қизиқиш пәйда болиду. 1975- жили, Әкбәрҗан профессор Әзиз Наринбаев билән тонушуп, өзиниң философиягә қизиқидиғанлиғини ейтқанда Әзиз Наринбаев: «биринчидин, философия илимиға растинла қизиқсиңиз; иккинчидин, уйғур классик шаирларниң қол язма әсәрлирини раван оқуп, чүшәнсиңизла уйғур философияси тарихини үгинип, униң ахириға йетәләйсиз» - дәп чүшәндүриду. Шуниң билән Әкбәрҗан философия пәнини әстаидил үгинишкә киришиду. Әзиз Наринбаевниң мәслиһити билән XIX- әсирниң биринчи йеримида яшап, ижат қилған уйғур шаир - мутәпәккүрлири: Муһәммәт Садиқ Қәшқәрий, Абдуреһим Низарий, Турди Ғәрибий, Норузахун Зияий, Имир Һүсәйин Сәбурий әсәрлирини, қол язмилирини жиғип, үгинишкә башлайду. Йәнә бир тәрәптин уйғур хәлқиниң вә шәрқниң атақлиқ мутәпәккүрлириниң дунияқарашлири тоғрисида йезилған әсәрләрни оқуп үгиниду.



1983- жили болса, Қирғизстан Миллий пәнләр академияси, Философия вә һоқуқ институтиниң кичик илмий хадими болуп ишқа кириду. Шуниңдин башлап униң илмий ишлири үнүмлүк башлиниду. 1985- жили институтниң сирттин оқуш аспирантурисиға оқушқа чүшиду. Униңға Илмий кеңәштә жуқурида аталған мавзу бәкитилип берилиду.

1990- жили, 22- ноябрь күни СССР Пәнләр академиясиниң мухбир әзаси М. Асимовниң рәислигидә Таҗикстан Пәнләр академиясиниң философия вә һоқуқ институтиниң ихтисаслаштурулған Илмий кеңишидә Әкбәрҗан Баудунов өз диссертацясини муваппәқийәтлик яқлап чиқиду. Илмий кеңәшниң 15 әзаси нәтижидә Әкбәрҗанға философия пәнлириниң намзити илмий дәриҗисини бериш һәққидә йәкдиллиқ билән аваз бериду.

Униң илмий рәһбири, Қирғизстан Пәнләр академиясиниң мухбир әзаси, философия пәнлириниң доктори, профессор Әзиз Наринбаев, рәсмий оппонентлири: Қазақстан Пәнләр академиясиниң мухбир әзаси, философия пәнлириниң доктори, профессор Агын Қасимжанов, философия пәнлириниң намзити М. Мирбабаевлар болған еди.

Философия пәнлириниң намзити Әкбәрҗан Баудунов атмиштин ошуқ илмий вә илмий-методикилик әмгәкләрниң, шу жүмлидин «XIX- әсирниң биринчи йеримидики уйғурларниң этикилик тәпәккури» намлиқ монографияниң муәллипидур. Униң язған әмгәклири Қирғизстанда чиқидиған илмий журналларда, «Коммунизм туғи», «Йеңи һаят»,«Иттипақ» гезитлириниң сәһипилиридә давамлиқ бесилип кәлмәктә. Мәсилән, «Этические воззрения Абдураима Низари»(«Абдуреһим Низарийниң әдәп көз қарашлири»),(1)«Уйғур мутәпәккүрлири муһәббәт, нека вә аилә

тоғрулуқ»)[2], «Тазкира-и азизан" Мухаммада Садыка Кашгари - исторический источник» («Муһәммәт Садиқ Қәшқәрийниң «Тәзкирә-и азизан»-тарихий мәнбә») [3], «Мировоззрение Имира Хусейна Сабури» («Имир Һүсәйин Сабурийниң дуния көзқарашлири»)[4], «Мухаммад Садык Кашгари и его произведения «Адаб-уль-салихын» («Кодекс приличий на Востоке» («Муһәммәт Садиқ Қәшқәрий вә униң «Яхши кишиләрниң әдәб-әхлақи» намлиқ әсәри) [5] вә башқилар.

Әкбәрҗан Баудунов 1998- 2011- жиллири Қирғизстан Дөләт университетиниң Уйғур филология факультетида доцент болуп ишлиди. Университететта философияниң умумий курс, уйғурларниң иҗтимаий-философиялик тәпәккури, уйғур тарихи вә әдәбияти бойичә лекцияләрни оқуйду. Әкбәрҗан бу җәриянда уйғуршунаслиқ бойичә бирнәччә мақалиларни язди вә «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» намлиқ китавини нәшир қилдурди.

Әкбәрҗан Баудунов 1989- жили, шаир вә журналист Музәппәрхан Қурбанов, атақлиқ рәссам Сабит Бабаҗанов вә башқа зиялий яшлар билән Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийитини қурушқа паал иштрак қилди. 1994- жили, «Иттипақ» җәмийитиниң нәшир әпкари болған «Иттипақ» гезитини тәсис қилғучиларниң бири болуп, баш муһәррирниң орунбасари лавазимини атқурди. Әкбәрҗан 2008- жилидин 2021- жилиниң май ейиғичә «Иттипақ» гезитиниң баш муһәррири болуп хизмәт қилди. У 2021- жили, декабрь ейидин башлап Қирғизстан уйғурлири "Иттипақ" җәмийитиниң муавин рәиси лавазимини атқуруп кәлмәктә.

2012- жили, униң Бишкәктә рус тилида «Династия уйгурских интеллектуалов» намлиқ китави нәширдин чиқти. Мәзкүр әсәр Қирғиз Җумһурийити Миллий пәнләр академияси,



Философия вә сәясәт-һоқуқ тәтқиқатлири институтиниң илмий кеңиши тәрипидин тәвсийә қилинған. Бу китапта Әкбәрҗан Баудуновниң бовиси Иминҗан Баһавудунниң «Или тарихи» дегән китавиниң айрим баплири, дадиси Абдурешит Иминниң «Күрәш илһамлири» дегән китавидин елинған шеирлар билән һекайиләр, шундақла философия пәнлириниң намзити, доцент Әкбәрҗан Баудуновниң уйғур шаир вә мутәпәккурләр Муһәммәт Садиқ Қәшқәрий, Абдурейим Низарийларниң этикилик көзқарашлири, мутәпәккур Имир Һүсәйин Сабурийниң дуния қариши, мутәпәккур Муһәммәт Садиқ Қәшқәрийниң «Тәзкирә-и әзизән» рисалиси - тарих мәнбәси», «Муһәммәт Садиқ Қәшқәрий вә униң «Адаб-уль-салихин» («Шәрқниң әдәп-әхлақ кодекси») вә башқа мақалилири орун алған. Рус тиллиқ китапхан мәзкүр китаптин уйғур тарихи, классик әдәбияти, уйғур шаир вә мутәпәккурлириниң язған әмгәклири, һаят-паалийити тоғрилиқ хелә мупәссәл мәлуматқа егә болиду.

2016- жили, Әкбәрҗан Баудунов бовиси, тарихчи Иминҗан Баһавудунниң «Или тарихи» намлиқ китавини Бишкәктә кирилл вә әрәп уйғур йезиғида нәшир қилдурди.

Алим Қирғизстан Дөләт университетидики он үч жиллиқ паалийитидә «Оттура әсирләрдики уйғур әдәбияти», «XVII-XIX әсирләрдики уйғур әдәбияти» вә «Һазирқи заман уйғур әдәбияти» қатарлиқ оқуш-методикилик қураллирини түзүп чиқти. Әдипниң «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» намлиқ китави алаһидә тәкитләшкә әрзийдиған әмгәк. 2001- жили нәшир қилинған бу китап Қирғизстан тарихида уйғур язғучилириниң вә шаирлириниң тунҗа қетим чиққан топлими болуп һесаплиниду.

Әкбәржҗн Баудунов әдип Ясин һаҗи Махмудийниң «Һаят йоли»(2004), «Вәтәнгә муһәббәт» (2011), «Болғин

мәрданә»(2017) вә шаир Әзимжан Низамийниң «Зулумға завал»(2017) намлиқ китаплирини нәширгә тәйярлап чиқарди.

Шундақла, у 2014- жилида өткүзүлгән "Уйғурлар: өтмүштә, бүгүн вә келәчәктә" темида Қирғизстан уйғурлири "Иттипақ" җәмийитиниң қурулғанлиғиниң 25 жиллиғиға беғишланған хәлиқаралиқ илмий конференцияниң докладлар топлиминиң җавапкәр муһәррири болған (бу топлам 2017- жили Бишкәк шәһиридә нәширдин чиққан).

Әкбәрҗан Баудуновниң алим болуп йетилип чиқишида аниси Ризвангүл һаҗимниң әҗри аз болмиди. Дадиси Абдурешит Имин 1949- жили, Шәрқий Түркистан җумһурийитиниң рәһбири Әхмәтҗан Қасимий башчилиғидики делегация тәркивидә «самолет һалакитидә» қурван болғанда, бир оғул, үч қизни житим қилмай, һәм ата, һәм ана болуп тәрбийәләп, қатарға қошти. Оғли Әкбәрҗан Баудуновниң оқуп билим елиши, ата-бовилириниң изини бесип, өз хәлқигә хизмәт қилиши үчүн шәрт-шараитларни яритип бәрди.

Әкбәрҗан акиниң өмүрлүк йолдиши Пәридәм һәдә Баудинова алий мәлуматлиқ, Қирғизстан Бишкәк шәһиридики В. Маяковский намидики қиз-аяллар институтини тамамлиған, толуқ оттура мәктәп-гимназиядә муәллим болуп ишләйду. Әкбәрҗан ака Баудунов билән Пәридә һәдиләр пәрзәнтлирини ата-бовилириға охшаш вәтәнпәрвәр, милләтпәрвәр, пак виждanлиқ инсанлардин қилип йетилдүрүш арзуси билән тәрбийәлимәктә. Оғли Ильяр Баудинов врач – рентгенолог, томограмма бойичә мутәхәссис, 2022- жили, Қирғизстан Дөләт тиббий академиясиниң «Лучевая диагностика, Лучевая терапия» кафедрисиниң «Радиология» давалаш бойичә иштин сирт аспирантуриясидә оқуватиду.



Қизи Наргиз Баудинова 1991- жили туғулған, 2012- жили Қирғиз-Славян университетини әлә баһалар билән тамамлап, шу университетниң аспирантуриясидә оқуп, 2019- жили: «Рус мәдәнийитиниң ХХ-әсир уйғур әдәбиятиниң тәрәққиятиға болған тәсири» темисида диссертацияни яқлап, филология пәнлириниң намзити илмий намға егә болди. Наргиз Баудинова һазир Қирғиз-Славян университетида доцент, гуманитарлиқ факультет мудириниң оқуш ишлири бойичә орунбасари болуп ишләватиду.

Биз Әкбәрҗан акиниң шанлиқ 80 яшлиқ мәрикиси билән сәмимий тәбрикләп, униңға мустәһкәм саламәтлик, аилисигә хатирҗәмлик тиләймиз.

Қолуңиздики «Һәсрәт вә үмүт» намлиқ бу китап Әкбәрҗан Баудуновниң «Қирғизстан уйғурлириниң әдәбияти» хрестоматия-оқуш китавидин кейинки узун жиллиқ әмгигиниң нәтиҗиси. Буниңда автор, Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң шәкиллиниши вә бүгүнки әһвали, шундақла, Қирғизстанда яшиған вә яшаватқан уйғур шаир, язғучиларниң һаяти вә иҗадийити тоғрисида баян қилиду. Авторниң йезиши бойичә, бу язғучи вә шаирларниң көпчилиги Хитайниң сәясий бесимлириға учрап, өз вәтини- Уйғуристанни тәрк етип, Қирғизстанға көчүп чиққан. Бүгүнки күндә уларниң көпчилиги панидин бақиға сәпәр қилған. Улар өмүриниң ахириғичә өз вәтинини тәрк етип, чәт мәмликәтләргә чиққанлиғиға қаттиқ қайғуриду, һәсрәт чекиду, шуниң билән биргә улар Уйғуристанниң келәчәктә чоқум азат болушиға үмүт вә ишәнч билдүрүшиду.

Китапниң көпчилик оқурмәнләрниң қоллап-қувәтлишигә ишинимән.

**Ядикар Сабитов, журналист**

# Мундәрижә

Қирғизстан уйғур әдәбиятиниң шәкиллиниши
вә бүгүнки әһвали....................................................................3
Вәтән ишқида көйгән жүрәк...........................................................9
Уйғур пәлсәпә тарихи бойичә тунжи алим.................................... 18
Уйғуристан - униң сәжидигаһидур.................................................. 28
Вәтән муһәббити - униң дәрди........................................................ 36
Уйғуристан - униң тени вә жени.....................................................44
Пән вә мәдәнийәткә беғишлиған һаят............................................ 52
Әвлатлар қәлбини мәдһийләп........................................................ 64
Өкүнүш вә үмүт билән өткән һаят.................................................. 77
Вәтән ишқи - шаирға илһам............................................................ 86
Шаир хәлиқ қәлбидә......................................................................... 93
Һижран азавида яшиған шаир......................................................... 103
У аддий инсан болуп яшиған.......................................................... 110
Вәтән һәсрити билән өткән һаят.................................................... 117
Анилар қәлбини мәдһийиләп.......................................................... 126
Вәтән ишқи - шаирниң қәлбидур................................................... 134
Ғәмгүзар хәлқиниң қайғусиға шерик болуп................................. 149
Хатимә................................................................................................ 162
Өз хәлқигә қилған чоң хизмәт...................................................... 164
Мундәрижә..........................................................................................174



**Баудунов Әкбәрҗан**

***ҺӘСРӘТ ВӘ ҮМҮТ***

**(мақалилар топлими)**

Муһәррир: Муһәммәтҗан Ясин
Корректор : Абдурәхим Һапизи
Компютерға алған : Шахнозә Һасанова
Дизайнер : Зүмрәт Рузиева

Формат: 84х60/16
һәҗими: 23басма тавақ.
Тираж: 200 нусха,
"Айат" басмиханисида бесилди.
Бишкәк шәһири, Ташкәнт кочиси, 60

Баудунов Акбар

***ПЕЧАЛЬ И НАДЕЖДА***

(сборник статей)

Редактор: Мухаммаджан Ясин
Корректор: Абдурахим Хапизов
Компьютерная верстка: Шахноза Хасанова
Компьютерный дизайнер: Зумрат Рузиева

Формат: 84х60/16
Объем: 23,0 печатных листа.
Тираж: 200 экз.
Отпечатано в типографии «Айат»,
г. Бишкек, улица Ташкентская, 60



## Қирғизстандики шаир, язғучи вә алимлар



Мәһәммәтсидиқ Норузов
(1922-1993)



Әзиз Наринбаев
(1924-2015)



Нурмәһәммәт Һәсән
(1927-2017)



Ясин һаҗим Махмуди
(1931-2018)



**Абдуманнап Қасим**
**(1932-2008)**



**Исраил Ибрагимов**
**(1933-2015)**



**Ибраһимжан Илиев**
**(1933-1997)**



**Аблиз Рози**
**(1936-1995)**





**Әзимжан Низамий**
**(1936-2001)**



**Җамалдин Қасимов**
**(1937-2000)**



**Абдуреһим Рахман**
**(1938-2003)**



**Нәсирдин Давут**
**(1941-1995)**



**Муәппәрхан Қурбан**



**Хәйриниса Турди**
**(1944-2016)**



**Муһәммәтҗан Ясин**



**Абдусалам Ғаппар**

## Әкбәрҗан Баудуновниң уруқ-туққан вә достлири



Солдин оңға: өрә турғанлар: Әкбәрҗан Баудунов,Гүлрәйһан Абдурешит, Абдумәннан Имин, Абдурахман Имин.Олтарғанлар: Абдүшүкүр Имин, Әнвәр Имин, Абдурешит Имин, Иминҗан Баһавудун, Бибинур Имин, Иминҗан Баһавудунниң аяли Зәйнәпхан (Ғулҗа, 1947 ж.).



**Әкбәрҗанниң бовиси**
**Иминҗан Баһавудун**
**(1897-1948)**



**Әкбәрҗанниң бовиси**
**Әхмәтҗан Илиев**
**(1900-1963)**



Әкбәрҗанниң атиси
Абдурешит Имин
(1922-1949)



Әкбәрҗанниң аниси
Ризвангүл Әхмәтҗан қизи
(1925-2020)



Әкбәрҗан, аниси Ризвангүл һаҗим
вә сиңиллири: Гүлриһан, Гүлбостан, Ядикарлар билән (1962 ж.).





Әкбәрҗан, аниси Ризвангүл һаҗим,
аяли Пәридәм, оғуллири Адилҗан, Ильярлар билән (1982 ж.).




Әкбәрҗан тағиси Әбәйдулламниң оғли Дилшат, күйоғуллири:
Һакимҗан, Камалҗан вә Аблитиплар билән (2012 ж)



Әкбәрҗан устази Әзиз  Наринбаев билән (2014 ж.)



Әкбәрҗан язғучи Ясин һаҗим Махмуди билән ( 2012 ж.).




Әкбәрҗан оттуз оғул мәшрәп әһли билән (2014 ж.).



Әкбәрҗан оттуз оғул мәшрәп әһли билән (2016 ж.).



Әкбәрҗан «Иттипақ» гезитиниң тәһрират һәйъәт әзалири:
Музәппәрхан Қурбан, Сабитҗан Бабаджанов, Абдурәхим Һапизи,
Мәһәммәтҗан Ясин вә Усман Турдилар билән(2008 ж.).



Әкбәрҗан оттуз оғул мәшрәп әһли билән (2019ж.).





Әкбәрҗан тағиси Абдухелилниң
оғли Долкунтай Абдулхелил



Әкбәрҗанниң оғли Ильяр



Әкбәрҗан қизи Наргиз билән(2022 ж.).



Әкбәрҗан "Иттипақ" җәмийитиниң рәиси Әсқәр Қасими, "Иттипақ" гезитиниң баш муһәррири Зумрәт Рузиева вә сәясәтчи Абдурәхим Һапизилар билән (2022 ж.).




Әкбәрҗан аяли Пәридәм, оғли Ильяр, қизи Наргиз, келини Зулхумар, нәвирлири: Ильданә, Билал, Абайир вә Абдуқадирлар билән (2022 ж.).



ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ

# هەسرەت ۋە ئۈمۈت

(ماقالىلار توپلىمى)


رېداكتور : مۇھەممەتجان ياسن

كورررېكتور : ئۇسمان تۇردى

كومپيۇتېرغا ئالغان : سەئىدە خانباباېۋا

دىزاينېر : زۇمرەت رۇزىېۋا

فورمات: 84x60/16

ھەجمى : 23 باسما تاۋاق.

تىراژ : 200 نۇسخا،

«ئايات» باسمىخانىسىدا بېسىلدى.

بىشكەك شەھرى، تاشكەنت كوچىسى، 60

يازغۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى توغرىسىدا بايان قىلىندۇ. ئاۋتورنىڭ يېزىشى بويىچە، بۇ يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ كۆپچىلىگى خىتاينىڭ سەياسىي بېسىملىرىغا ئۇچراپ، ئۆز ۋەتىنى-ئۇيغۇرىستاننى تەرك ئېتىپ، قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىققان. بۇگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى پانىدىن باقىغا سەپەر قىلغان. ئۇلار ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ، چەت مەملىكەتلەرگە چىققانلىقىغا قاتتىق قايغۇرىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ئۇيغۇرىستاننىڭ كېلەچەكتە چوقۇم ئازات بولۇشىغا ئۈمۈت ۋە ئىشەنچ بىلدۈرۈشىدۇ.

مەزكۇر كىتاپنى كۆپچىلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئىشىنىمەن.

**يادىكار سابىتوۋ،**
**ژۇرنالىست**



# مۇندەرىجە

قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى
ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالى....................................3
ۋەتەن ئىشقىدا كۆيگەن يۈرەك................................9
ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىي بويىچە تۇنجا ئالىم...........19
ئۇيغۇرىستان-ئۇنىڭ سەجدىگاھىدۇر.................30
ۋەتەن مۇھەببىتى-ئۇنىڭ دەردى.........................40
ئۇيغۇرىستان-ئۇنىڭ تېنى ۋە جېنى...................... 49
پەن ۋە مەدەنىيەتكە بېغىشلىغان ھايات...................58
ئەۋلاتلار قەلبىنى مەدھىيلەپ.............................71
ئۆكۈنۈش ۋە ئۈمۈت بىلەن ئۆتكەن ھايات.................. 85
ۋەتەن ئىشقى - شائىرغا ئىلھام..........................95
شائىر خەلق قەلبىدە......................................102
ھىجران ئازاۋىدا ياشىغان شائىر..........................113
ئۇ ئاددى ئىنسان بولۇپ ياشىغان..........................121
ۋەتەن ھەسرىتى بىلەن ئۆتكەن ھايات....................129
ئانىلار قەلبىنى مەدھىيلەپ...............................140
ۋەتەن ئىشقى-شائىرنىڭ قەلبىدۇر......................149
غەمگۇزار خەلقىنىڭ قايغۇسىغا شېرىك بولۇپ............. 165
خاتىمە.................................................... 178
ئۆز خەلقىگە قىلغان چوڭ خىزمەت........................180
مۇندەرىجە.................................................191

يىلى نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب قىرغىزستان تارىخىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ۋە شائىرلىرىنىڭ تۇنجا قېتىم چىققان توپلىمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ ئەدىپ ياسىن ھاجى ماخمۇدىينىڭ «ھايات يولى»(2004)، «ۋەتەنگە مۇھەببەت»(2011)، «بولغىن مەردانە»(2017) ۋە شائىر ئەزىمجان نىزامىينىڭ «زۇلۇمغا زاۋال»(2017) ناملىق كىتاپلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ چىقاردى.

شۇنداقلا، ئۇ 2014 ـ يىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلار: ئۆتمۈشتە، بۈگۈن ۋە كېلەچەكتە» تېمىدا قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 25 يىللىقىغا بېغىشلانغان خەلقئارالىق ئىلمىي كونفېرېنسىيەنىڭ دوكلاتلار توپلىمىنىڭ جاۋاپكەر مۇھەررىرى بولغان (بۇ توپلام 2017 ـ يىلى بىشكەك شەھرىدە نەشردىن چىققان).

ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋنىڭ ئالىم بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىدا ئانىسى رىزۋانگۈل ھاجىمنىڭ ئەجرى ئاز بولمىدى. دادىسى ئابدۇرېشىت ئىمىن 1949 ـ يىلى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىي باشچىلىقىدىكى دېلېگاتسىيە تەركىۋىدە "ساموليېت ھالاكىتىدە" قۇرۇۋان بولغاندا، بىر ئوغۇل، ئۈچ قىزنى يېتىم قىلماي، ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ تەربىيەلەپ، قاتارغا قوشتى. ئوغلى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىشى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزنى بېسىپ، ئۆز خەلقىگە خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى.

ئەكبەرجان ئاكىنىڭ ئۆمۈرلۈك يولدىشى پەرىدەم ھەدە بائۇدىنوۋا ئالىي مەلۇماتلىق، قىرغىزستان ۋ. ماياكوۋېسكىي نامىدىكى قىز ـ ئاياللار ئىنستىتۇتىنى تامامىلىغان، تولۇق ئوتتۇرا



مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئەكبەرجان ئاكا بائۇدۇنوۋ بىلەن پەرىدە ھەدىلەر پەرزەنتلىرىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، پاك ۋىژدانلىق ئىنسانلاردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئارزۇسى بىلەن تەربىيەلىمەكتە. ئوغلى ئىليار بائۇدىنوۋ ۋراچ - رېنتگېنولوگ، توموگراممىا بويىچە مۇتەخەسسىس، 2022 ـ يىلى، قىرغىزستان دۆلەت تىببىي ئاكادېمىيەسىنىڭ «لۇچېۋايا دىئاگنوستىكا، لۇچېۋايا تېراپىيە» كافېدراسىنىڭ »رادىئولوگىيە» داۋالاش بويىچە ئىشتىن سىرت ئاسپىرانتۇرىيەسىدە ئوقۇۋاتىدۇ.

قىزى نارگىز بائۇدىنوۋا 1991 ـ يىلى تۇغۇلغان، 2012 ـ يىلى قىرغىز ـ سلاۋيان ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا باھالار بىلەن تاماملاپ، شۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتۇرىيەسىدە ئوقۇپ، 2019 ـ يىلى: «رۇس مەدەنىيىتىنىڭ XX ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى» تېمىسىدا دىسسېرتاتسىيەنى ياقلاپ، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى ئىلمىي نامىغا ئېگە بولدى. نارگىز بائۇدىنوۋا ھازىر قىرغىز ـ سلاۋيان ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوتسېنت، گۇمانىتارلىق فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئوقۇش ئىشلىرى بويىچە ئورۇن باسارى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

بىز ئەكبەرجان ئاكىنىڭ شانلىق 80 ياشلىق مەرىكىسى بىلەن سەمىمىي تەبرىكلەپ، ئۇنىڭغا مۇستەھكەم سالامەتلىك، ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك تىلەيمىز.

قولۇڭىزدىكى «ھەسرەت ۋە ئۈمۈت» ناملىق بۇ كىتاپ ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋنىڭ «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» كىتاۋىدىن كېيىنكى، ئۇزۇن يىللىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى. بۇنىڭدا ئاۋتور، قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالى، قىرغىزستاندا ياشىغان ئۇيغۇر شائىر،

قەشقەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئازىزان»- تارىخىي مەنبە»)[3] «Мировоззрение Имира Хусейна Сабури»(«ئىمىر ھۈسەيىن سابۇرىينىڭ دۇنيا كۆز قاراشلىرى»)[4]، («Мухаммад Садык Кашгари и его произведение «Адаб-уль-салихин» («Кодекс приличий на востоке»)) («مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي ۋە ئۇنىڭ «ياخشى كىشىلەر ئەدەبىي» ناملىق ئەسەرى)[5] ۋە باشقىلار.

ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ 1998- 2011- يىللىرى قىرغىزستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا دوتسېنت بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىۋېرسىتېتتا فىلوسوفىيەنىڭ ئۇمۇمىي كۇرس، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي-فىلوسوفىيەلىك تەپەككۇرى، ئۇيغۇر تارىخىي ۋە ئەدەبىياتى بويىچە لېكسىيەلەرنى ئوقۇيدۇ. ئەكبەرجان بۇ جەرياندا ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە بىرنەچچە ماقالىلارنى يازدى ۋە «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» ناملىق كىتاۋىنى نەشر قىلدۇردى.

ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ 1989- يىلى، شائىر ۋە ژۇرنالىست مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ، ئاتاقلىق رەسسام سابىت باباجانوۋ ۋە باشقا زىيالىي ياشلار بىلەن قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا پائال ئىشتىراك قىلدى. 1994- يىلى، «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئىتتىپاق» گېزىتىنى تەسىس قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، باش مۇھەررىرنىڭ ئورۇنباسارى لاۋازىمىنى ئاتقۇردى. ئەكبەرجان 2008- يىلدىن 2021- يىلىنىڭ ماي ئېيىغىچە «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئۇ 2021- يىلى ، دېكابىر ئېيىدىن باشلاپ قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لاۋازىمىنى ئاتقۇرۇپ كەلمەكتە.

2012- يىلى، ئۇنىڭ بىشكەكتە رۇس تىلىدا «Династия уйгурских интеллектуалов» («ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سۇلالىسى») ناملىق كىتاۋى نەشردىن چىقتى. مەزكۇر ئەسەر قىرغىز جۇمھۇرىيىتى مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى فىلوسوفىيە ۋە سەياسەت-ھوقۇق



تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي كېڭىشى تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنغان. بۇ كىتاپتا ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋنىڭ بوۋىسى ئىمىنجان باھاۋۇدۇنىنىڭ «ئىلى تارىخى» دېگەن كىتاۋىنىڭ ئايرىم باپلىرى، دادىسى ئابدۇرېشىت ئىمىنىنىڭ «كۆرەش ئىلھاملىرى» دېگەن كىتاۋىدىن ئېلىنغان شېئىرلار بىلەن ھېكايىلەر، شۇنداقلا فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى، دوتسېنت ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋنىڭ ئۇيغۇر شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلىرى: مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي، ئابدۇرېھىم نىزارىيلارنىڭ ئېتىكىلىك كۆزقاراشلىرى، مۇتەپەككۇر ئىمىر ھۈسەيىن سابۇرىنىڭ دۇنيا قارىشى، مۇتەپەككۇر مۇھەممەت سادىق قەشقەرىينىڭ «تەزكىرە-ئى ئەزىزەن» رىسالىسى - تارىخ مەنبەسى»، «مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي ۋە ئۇنىڭ «ئاداب-ئۇل-سالىخىن» («شەرق نىڭ ئەدەپ-ئەخلاق كودېكسى») ۋە باشقا ماقالىلىرى ئورۇن ئالغان. رۇس تىللىق كىتاپخان مەزكۇر كىتاپتىن ئۇيغۇر تارىخى، كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ يازغان ئەمگەكلىرى، ھايات-پائالىيىتى توغرىلىق خېلە مۇپەسسەل مەلۇماتقا ئېگە بولىدۇ.

2016- يىلى، ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ بوۋىسى، تارىخچى ئىمىنجان باھاۋۇدۇنىنىڭ «ئىلى تارىخى» ناملىق كىتاۋىنى بىشكەكتە كىرىللى ۋە ئەرەپ ئۇيغۇر يېزىغىدا نەشر قىلدۇردى.

ئالىم قىرغىزستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئون ئۈچ يىللىق پائالىيىتىدە «ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «XIX- XVII-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئوقۇش-مېتودىكىلىق قۇراللىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەدىبنىڭ «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» ناملىق كىتاۋى ئالاھىدە تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغان ئەمگەك. 2001-

ئۆزىدە ئەكس ئېتىدۇ. شائىرلار ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىش، خەلقنى مۇھتاجلىق، مۇشكۈللۈكتىن قۇتۇلدۇرۇش، يەنى كىشىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنى ياخشىلىق دەپ ئاتىسا، بۇنىڭغا زىت كېلىدىغىنىنىڭ ھەممىسىنى يامانلىق دەپ چۈشەنگەن ئىدى. مۇتەپەككۇرلار يامانلىقنى خەلققە نىسبەتەن ئادالەتسىزلىكتە، ئۇنى ئېزىشتە كۆرگەن ئىدى. خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان زورلۇق-زومبىلىقنى ئەڭ چوڭ ياۋۇزلۇق دەپ ئەيىبلىگەن ئىدى.

ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋنىڭ فىلوسوفىيە ئىلمىغا قىزىقىشىغا فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئەزىز ئاكا نارىنبايېۋنىڭ تەسىرى چوڭ بولدى. ئەزىز ئاكا نارىنبايېۋنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرى 1974 - يىلىدىن باشلاپ «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدە يورۇق كۆرۈشكە باشلىدى. ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇش نەتىجىسىدە ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋتا فىلوسوفىيە ئىلمىغا قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. 1975 - يىلى، ئەكبەرجان پروفېسسور ئەزىز نارىنبايېۋ بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ فىلوسوفىيەگە قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ئەزىز نارىنبايېۋ: «بىرىنچىدىن، فىلوسوفىيە ئىلمىغا راستىنلا قىزىقسىڭىز؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلارنىڭ قول يازما ئەسەرلىرىنى راۋان ئوقۇپ، چۈشەنسىڭىزلا ئۇيغۇر فىلوسوفىيەسى تارىخىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا يېتەلەيسىز» - دەپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەكبەرجان فىلوسوفىيە پەنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ مەسلىھىتى بىلەن XIX - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشاپ، ئىجات قىلغان ئۇيغۇر شائىر - مۇتەپەككۇرلىرى: مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي، ئابدۇرېھىم نىزارىي، تۇردى غەرىبىي، نورۇزاخۇن زىيائىي، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىي ئەسەرلىرىنى، قول يازمىلىرىنى يىغىپ، ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە شەرقنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنياقاراشلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئۆگىنىدۇ. 1983 - يىلى بولسا، قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى فىلوسوفىيە ۋە ھوقۇق



ئىنستىتۇتىنىڭ كىچىك ئىلمىي خادىمى بولۇپ ئىشقا كىرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىلمىي ئىشلىرى ئۈنۈملۈك باشلىنىدۇ. 1985 - يىلى ئىنستىتۇتنىڭ سىرتتىن ئوقۇش ئاسپىرانتۇرىسىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. ئۇنىڭغا ئىلمىي كېڭەشتە يۇقۇرىدا ئاتالغان ماۋزۇ بەكىتىلىپ بېرىلىدۇ.

1990 - يىلى، 22 - نويابىر كۈنى س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى م. ئاسىموۋنىڭ رەئىسلىكىدە تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ فىلوسوفىيە ۋە ھوقۇق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىختىساسلاشتۇرۇلغان ئىلمىي كېڭىشىدە ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ ئۆز دىسسېرتاتسىيەسىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ياقلاپ چىقىدۇ. ئىلمىي كېڭەشنىڭ 15 ئەزاسى نەتىجىدە ئەكبەرجانغا فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى ئىلمىي دەرىجىسىنى بېرىش ھەققىدە يەكدىللىق بىلەن ئاۋاز بېرىدۇ.

ئۇنىڭ ئىلمىي رەھبىرى قىرغىزستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور ئەزىز نارىنبايېۋ؛ رەسمىي ئوپپونېنتلىرى: قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور ئاگىن قاسىمژانوۋ، فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى م. مىربابايېۋلار بولغان ئىدى.

فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ ئاتمىشتىن ئوشۇق ئىلمىي ۋە ئىلمىي-مېتودىكىلىق ئەمگەكنىڭ، شۇ جۈملىدىن «XIX - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىكىلىق تەپەككۇرى» ناملىق مونوگرافىيەنىڭ مۇئەللىپىدۇر. ئۇنىڭ يازغان ئەمگەكلىرى قىرغىزستاندا چىقىدىغان ئىلمىي ژۇرناللاردا، «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، «ئىتتىپاق» گېزىتلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدە داۋاملىق بېسىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، «Этические воззрения Абдураима Низари» («ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ ئەدەپ كۆز قاراشلىرى»)[1]، «ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى مۇھەببەت، نىكا ۋە ئائىلە توغرىلىق»[2]، «Тазкираи азизан» Мухаммада Садика Кашгари - исторический источник» (مۇھەممەت سادىق

مەخسەتكە مۇۋاپىق دىسسېرتانتنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئەدەپ كۆز قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشگە تەسىر قىلغان XIX ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرىستاندا قېلىپلاشقان ئىختىسادىي، ئىجتىمائىي ـ سەياسىي مۇناسىۋەتلەرنى ۋە مەدەنىي ھاياتنى ئېنىقلاش؛ مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ئەدەپ كۆز قاراشلىرىنىڭ ئىدېيەۋىي مەنبەلىرىنى چۈشىنىش؛ ئۇلارنىڭ دۇنياغا، ئادەمگە ۋە جەمئىيەتكە بولغان كۆز قاراشلىرىدىن ئۇمۇمدۇنياغا كۆز قاراش پرىنسىپلىرىنى نامايەن قىلىش؛ دەسلەپكى مەنبەلەرنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئۇلارنىڭ ئەدەپنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرى بىلەن كاتېگورىيەلىرىنى قاراپ چىقىش؛ شۇ مۇتەپەككۇرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسلىق ئالاقىلارنى يورۇتۇش؛ ھازىرقى زامان ياشلىرىغا ئەخلاقىي تەربىيە بېرىش جەريانى ئۈچۈن XIX ـ ئەسىرنىڭ بىرىچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەدەپ كۆز قاراشلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئەھمىيىتىنى ئىسپاتلاشقا ئوخشىغان ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلىش مەسىلىسى تۇردى. مۇئەللىپ بۇنىڭ ھۆددىسىدىن مۇۋاپپەقىيەتلىك چىققان.

دىسسېرتاتسىيە مۇقەددىمە، ئىككى باپ، خاتىمە ۋە پايدىلانغان ئەدەبىياتلار تىزىمىدىن ئىبارەت.

بىرىنچى ـ «ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەدەپ كۆز قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي ئېتىشىنىڭ دەسلەپكى شەرتلىرى»، ـ دېگەن باپنىڭ «ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سەياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتى» دېگەن بىرىنچى پاراگرىفىدا مۇئەللىپ تارىخىي تەتقىقاتلارغا تايىنىپ، XIX ـ ئەسىر داۋامىدا يۈز بەرگەن خەلقنىڭ ئازاتلىق ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرىشىنى قوزغىغان، ئاكتىۋلاشتۇرغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھاياتىدا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىجتىمائىي ـ فىلوسوفىيەلىك ۋە ئەدەپ تەپەككۇرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان ئۇيغۇرىستاندىكى ئىجتىمائىي ـ سەياسىي شارائىتلارنى يورىتىدۇ.

دىسسېرتاتسىيەدە شۇ دەۋىردىكى ئۇيغۇرىستاندىكى فېئوداللىق جەمئىيەت



ھاياتىدا ھەر خىل رول ئوينىغان فېئودال ـ كلېرىكاللىق دىنىي مىستىقىلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئىدېئولوگىيالىك ئېقىملارنى پەرىقلەندۇرىدۇ.

مەزكۇر باپنىڭ «ئۇيغۇر شائىر، مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەدەپ كۆز قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىش مەنبەلىرى» ـ دېگەن پاراگرىفىدا مۇئەللىپ ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى: يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈگنەكىي، خىرقىتىي، زەلىلىي، نۆۋبىتىي، ئەرشى ۋە باشقىلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى بىلەن باي مىراسىنىڭ، شائىرلارنىڭ ئەدەپ، تەرەققىيپەرۋەر كۆز قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشگە يەتكۈزگەن ئۈنۈملۈك تەسىرىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر شائىر ـ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەدەپ ئىدېيالىرىنىڭ شەكىللىنىشگە، ئۇلارنىڭ شەرق خەلقلىرىنىڭ تىللىرىنى، باي مەدەنىيىتىنى ۋە فىلوسوفىيەسىنى، ھەممىدىن ئاۋۋال فارابىي، ئىبىن سىنا، نىزامىي، سائادىي، جامى، ناۋائىي ۋە باشقىلارنى بىلىشى چوڭ رول ئوينىغان. ئۇلارنى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە بىر نەچچە قېتىم ئەسلەپ ئۆتىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازلىرى دەپ ھېساپلايدۇ. شۇنداقلا، ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ فىلوسوفىيەلىك ۋە ئەدەپ كۆز قاراشلىرىدا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بايقىلىدۇ.

دىسسېرتاتسىيەنىڭ «ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەدەپ كۆز قاراشلىرى» ـ دېگەن بابىدا ئەدەپ مەسىلىلىرى دۇنياقاراش پروبلېمىلىرى بىلەن ئاجرالماس ھالدا باغلىق بولۇپ، پات ـ پاتلا ئەخلاق ھادىسىلىرىگە ۋە مەنىۋىي نورمىلارغا نىسبەتەن ئۆزىگە خاس ئۇمۇمىي فىلوسوفىيەلىك دۇنياقاراشنى ئىزھار قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. شائىر ـ مۇتەپەككۇرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەدەپ ھەققىدىكى ئىدېيالىرىنى تەبىئەتتىكى ۋە جەمئىيەت ھاياتىدىكى كونكرېت ۋەقەلەر، ھادىسىلەر ۋە جەريانلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى ئۈچۈن ئەدەپ كاتېگورىيالىرى ۋە چۈشەنچىلىرى ئارىسىدا ئەڭ مۇھىملىرى ياخشىلىق ۋە يامانلىق كاتېگورىيالىرىدۇر. ئۇلار مەنىۋىي ھادىسىلەرنىڭ، ئادەمنىڭ خۇلۇق ـ مۇجەزىدىكى ۋە قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىكى ئىككى قارىمۇ ـ قارشى (ئىجابىي ۋە سەلبىي) تەرىپىنى

# ئۆز خەلقىگە قىلغان چوڭ خىزمەت

ئەكبەرجان باۋۇدۇنوۋ - فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ فىلوسوفىيە- ئېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە مۇتەخەسسىس.

ئەكبەرجان باۋۇدۇنوۋ 1942- يىلى، 5- يانۋار كۈنى غۇلجا شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن خەلقىمىز ئارىسىدا «ئىمىن تارىخ» تەخەللۇسى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئەكبەرجاننىڭ دادىسى ئابدۇرېشىت ئىمىن ئىستىداتلىق شائىر، يازغۇچ، ژۇرنالىست ۋە تەرجىمان بولغان. ئەكبەرجاننىڭ ئانىسى رىزۋانگۈل ھاجىم بۇخگالتېر بولۇپ ئىشلىگەن.

ئەكبەرجان باۋۇدۇنوۋ 1959- يىلى، غۇلجىدىكى ئىلى ئەرلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماشىناسازلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتتا بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1960- يىلى، ئۇنىڭ ئائىلىسى قىرغىزستاننىڭ پايتەختى فرۇنزې (ھازىرقى بىشكەك) شەھىرىگە كۆچۈپ چىقىدۇ. بىلىمگە تەشنا ئەكبەرجان 1963- يىلى، قىرغىزستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا- ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشۈپ، ئۇنى 1969- يىلى مۇۋاپپەقىيەتلىك بىلەن تاماملايدۇ. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، فرۇنزې شەھىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ 1970- 1974- يىللىرى قىرغىزستان دۆلەت پولىتېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئېنېرگېتىكا فاكۇلتېتى ئىسسىقلىقلارنى ئۆلچەش كافېدرىسىدا چوڭ لابورانت ۋە شۇ ساھا بويىچە مۇتەخەسسىس، 1974- 1983- يىللىرى فرۇنزې شەھەرلىك مونتاژ- لايىھەلەش باشقارمىسىدا ئىنژېنېر ۋە يېتەكچى ئىنژېنېر لاۋازىمىدا ئىشلەيدۇ. 1983- 1998- يىللىرى قىرغىزستان مىللىي پەنلەر



ئاكادېمىيەسىنىڭ فىلوسوفىيە ۋە ھوقۇق ئىنستىتۇتى، ئىختىسات ۋە سەياسەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتلىرىدا ئىلمىي خادىم، چوڭ ئىلمىي خادىم بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئەكبەرجان باۋۇدۇنوۋ 1985- 1989- يىللىرى ئىشتىن قول ئۈزمەي قىرغىزستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى فىلوسوفىيە ۋە ھوقۇق ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتۇرىسىدا ئوقۇيدۇ. 1990- يىلى «XIX- ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى تەرەققىپەرۋەر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى" ماۋزۇسىدىكى دىسسېرتاتسىيەسىنى ئۇتۇقلۇق ياقلايدۇ.

دىسسېرتاتسىيەدە XIX- ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلىرى: مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي، ئابدۇرېھىم نىزارىي، تۇردى غەرىبىي، نورۇزاخۇن زىيائىي، ئىمىر ھۈسەيىن سابۇرىيلارنىڭ فىلوسوفىيەلىك، ئەدەپ- ئەخلاق كۆز قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ فىلوسوفىيەلىك، ئەدەپ- ئەخلاق كۆز قاراشلىرى بىرىنچى نۆۋەتتە م. س. قەشقەرىينىڭ «ئەدەپ ئۇل سالىھىن»، «زۇبدات ئال مەسائىل ۋە ئەل ئەقەيىد»، «تەزكىرە- ئى ئەزىزەن»، ئا. نىزارىينىڭ «زەد ئۇل نىجات»، ت. غەرىبىينىڭ «كىتابى غەرىبىي»، ئى. خ. سابۇرىينىڭ «ماقالەت» ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

كېڭەش ئالىملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيە ۋە قازاقىستاننىڭ فىلوسوفىيەلىك، ئەدەپ تەپەككۇرىنىڭ تارىخىي ساھاسىدا تەتقىقاتلار يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن مۇنداق تەتقىقات بولغان ئەمەس. كېڭەش فىلوسوفىيە ئەدەبىياتى ئىچىدە تەرەققىپەرۋەر ئۇيغۇر شائىر- مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەدەپ ۋە ئېستېتىكىلىق تەپەككۇرى توغرىسىدا بىرمۇ ئەمگەك يوق. شۇڭلاشقا مەزكۇر دىسسېرتاتسىيەنىڭ مەخسىتىمۇ XIX- ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان شائىر- مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ئەدەپ ھەققىدىكى مىراسىنى نەزەرىيەۋىي تەپەككۇر قىلىشتىن، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى ئېچىشتىن ئىبارەت. مانا موشۇ

# خاتىمە

قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى XX ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى شەكىللىنىپ، تەرەققىي تاپتى. قىرغىزىستاندا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلار، يازغۇچىلار XX ـ ئەسىرنىڭ، 50 ـ 60 ـ يىللاردىكى خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتىنىڭ ھەر تۈرلۈك سەياسىي تەقىپلىرىگە ئۇچراپ، ناھەق ئۆلۈپ كېتىشتىن كۆرە ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋەتىنى ـ ئۇيغۇرىستاننى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى. ئۇلار سوۋېت قىرغىزىستانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇلار ئىختىسادىي قىيىنچىلىقتىن باشقا، روھىي قىيىنچىلىققا، يەنى ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاندىن ئايرىلىپ، ۋەتەنسىزلىك، مۇساپىرلىق ئازاۋىنى كۆپ تارتتى. ئۇلار ئۆز ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاننى تەرك ئېتىپ، چەت مەملىكەتلەرگە چىقىپ كەتكىنىگە ئۆكۈندى، ھەسرەت چەكتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنسان ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىشنىڭ قانچىلىك مۇشكۈل ئېكەنلىكىنى، يىللار ئۆتكەنسىرى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ، سېغىنىش ھىس تۇيغۇلىرىنىڭ كۈچىيىشىنى ئىزھار قىلىشتى. شۇنداقلا، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرىستاننىڭ كېلەچەكتە چوقۇم مۇستەقىللىققە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئۈمۈت ۋە ئىشەنچ بىلدۈرۈشتى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازاتلىقىنى ئارزۇ قىلىپ، پانىدىن باقىغا سەپەر قىلىشتى. بۈگۈنكى كۈندە قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يوقۇلۇش گىرداۋىدا تۇرماقتا. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قىرغىزىستاندا ئۇيغۇر مائارىپىنى تىكلەش كېرەك.

قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ باسما ئورگانى «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ 2020 ـ يىلىنىڭ نويابىر سانىدا شائىر، ژۇرنالىست مۇزەپپەرخان قۇربانىنىڭ «قىرغىزىستان ئۇيغۇر مائارىپىغا بىر نەزەر» ناملىق ماقالىسى بېسىلىپ چىقتى. ئەنە شۇ ماقالىسىدا ئاۋتور، سوۋېت ھۆكۈمىتى دەسلەپ قۇرۇلغان XX ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ 30 ـ يىللىرىدا قىرغىزىستاندا



باشلانغۇچ ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، 1937 ـ 1938 ـ يىللىرى, ستالىننىڭ جازالاش سەياسىتىدە (رېپرېسسيەلىردە) ئۇ مەكتەپلەرنىڭ يېپىلىپ كەتكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ئاۋتور يەنە ئۆز ماقالىسىدا ئۇيغۇرلار توپلۇشۇپ ياشايدىغان بىشكەك شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا مەكتەپلىرىدە 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر سىنىپلىرى قايتا ئېچىلىپ، تا 2010 ـ يىللارغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، كېيىن تامامەن يېپىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۆكۈنۈش بىلەن تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

2018 ـ يىلى، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئارتىق ھاجىيې قىرغىزىستان مائارىپ مىنىستىرلىكىگە قىرغىزىستاندا ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇش توغرىسىدا خەت يازغان. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىرغىزىستان مائارىپ مىنىستىرلىكىدىن جاۋاپ خەت كەلگەن. قىرغىزىستان مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ بىلدۈرۈلىشىچە، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇشقا بولىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇش كىتاپلىرىنى ۋە ئۇيغۇر تىلى مۇئەللىملەرنىڭ خىزمەت مۇئاشىنى جامائەت ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەكلىكىنى يازغان.

بۈگۈنكى كۈندە قىرغىزىستان ئۇيغۇلىرى «ئىتتىپاق» .جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەسقەر قاسىموۋ باشلىق ھەيئەتلەر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مائارىپ كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىقتا ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇش دەرىسلىك كىتاپلارنى تەييارلاش، ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتىدىغان مۇئەللىملەرنى ۋە ئىختىسادىي مەسىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا.

ئۇيغۇر سىنىپىنىڭ مۇئەللىمى ئادىلجان ئارقىلىق توقماقلىق ئۆزبەك تىللىق بولۇپ كەتكەن ئەسلى ئۇيغۇر ئابدۇل ئاكىنىڭ دىلىنى ئاچقانلىغى ۋە ھازىرقى كۈندە توقماقتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاكتىۋ پائالىيەتلىرى ھەققىدە بايان قىلىدۇ.

2012 ـ يىلى، رۇس تىلىدا نەشىردىن چىققان «Следы минувших времен» («ئۆتكەن دەۋىرلەرنىڭ ئىزلىرى»)[13] ناملىق ھۆججەتلىك پوۋېستى كەك بۇلۇڭ يېزىسى تۇرغۇنلىرى ۋە شۇ يېزىغا 1932 ـ يىلى، بىرىنچى بولۇپ كۆچۈپ كەلگەن ئاقسۇلۇق ئۇيغۇر بۇۋىخان ئانا ئۆمارووۋا بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى ئەلاخان ئۆماروۋ ۋە ئۇنىڭ 1937 ـ يىلى، ستالىننىڭ تەقىپلەش سەياسىتىگە ئۇچرىغانلىغى، 1934 ـ يىلى، كەك بۇلۇڭدا دەسلەپ ئۇيغۇر سىنىپىنى ئاچقان ئەخمەتجان رەخىموۋ ھەققىدە يازىدۇ.

2017 ـ يىلى، رۇس تىلىدا نەشىردىن چىققان «Документальная повесть о жителях села Комсомольское» («كومسومول يېزىسىنىڭ ئاھالىسى ھەققىدە ھۆججەتلىك پوۋېست»)[14] ئەسىرىدە يېزا تۇرغۇنلىرىنىڭ تۇرمۇش ھاياتى بىلەن، 1954 ـ يىلى شۇ يېزىغا دەسلەپ كۆچۈپ كەلگەن ئىمىناخون ئىمىنوۋنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدە يېزىلغان.

ئابدۇسالام غاپپار ئۆزىگە خاس كىچىك ھېكايىلىرى بىلەن غەمگۈزار خەلقىنىڭ قايغۇسىغا شېرىك بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە.

---

1. ئابدۇسالام غاپپار. كۆكۈل ساندۇغۇمدىكى ئويلار(قىرغىز تىلىدا). ـ بىشكەك، 1996.

2. ئابدۇسالام غاپپار. كاككۇك بولۇپ سايرىدىم(قىرغىز تىلىدا). ـ بىشكەك، 1997.



3. ئابدۇسالام غاپپار. ئاتا ئىزى بىلەن // «يېڭى ھايات». ـ ئالمۇتا، 1994، 10 ـ سېنتەبىر.

4. ئابدۇسالام غاپپار. ئايال كىشى // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 300 ـ بەت.

5. ئابدۇسالام غاپپار. قېرىنداشلىق // «يېڭى ھايات». ـ ئالمۇتا، 1996، 8 ـ مارت.

6. ئابدۇسالام غاپپار. دۇئا // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 302 ـ بەت.

7. ئابدۇسالام غاپپار. تەشۋىش // «يېڭى ھايات». ـ ئالمۇتا، 1994، 10 ـ سېنتەبىر.

8. ئابدۇسالام غاپپار. ئانا يەرگە ئېگىلدى باش // «ئىتتىپاق»، ـ بىشكەك، 2014، نويابىر.

9. ئابدۇسالام غاپپار. ئەزىز ماكان // «ئىتتىپاق». ـ بىشكەك، 2016، دېكابىر.

10. ئابدۇسالام غاپپار. قەھرىمان ئانا // «ئىتتىپاق»، ـ بىشكەك، 2020، مارت.

11. ئابدۇسالام غاپپار. ئۇمۇتنى ئۆزمىگىن // «ئىتتىپاق». ـ بىشكەك، 2015، دېكابىر.

12. Абдусалам Гаппаров. Под небом Токмока. - Бишкек. 2010. - 92 с.

13. Абдусалам Гаппаров. Следы минувших времен.- Бишкек, 2012. - 66 с.

14. Абдусалам Гаппаров. Документальная повесть о жителях села Комсомольское. - Бишкек, 2017. - 48 с.

نازۇگۇمۇ بار ئىدى. مانجۇر-خىتاي چېرىكلىرى نازۇگۇمنىڭ ئېرى بىلەن ئوغلىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا نازۇگۇم قالماققا خوتۇن بولۇشتىن ئۆلۈمنى ئارتۇق كۆرىدۇ. دۈشمەننىڭ ئەسىرىدە تۇرغان نازۇگۇم ئىككى قېتىم قاچىدۇ. بىرىنچى قېتىم 12 كۈندىن كېيىن تۇتۇلغان بولسا، ئىككىنچى قېتىم ئۇ ئالتە ئاي داۋامىدا قېچىپ يۈرىدۇ. ئىككىنچى قېتىم تۇتۇلغاندا، مانجۇر-خىتاي ئەمەلدارى شى سەن-دولۇيا نازۇگۇمنى ئۆزىنىڭ ئەمەلدارىنىڭ بىرىگە خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولىدۇ. بىراق، توي كېچىسى، ھەممە مەس ياتقاندا نازۇگۇم سولاننى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ، قېچىپ كېتىدۇ. نازۇگۇم ئالتە ئاي قېچىپيۈرۈپ، ئاخىرى تۇتۇلىدۇ ۋە قەتلە قىلىنىدۇ.

شائىر بىلال نازىم نازۇگۇم ئوبرىزى ئارقىلىق، نازۇگۇمنىڭ ئېگىلمەس ئىرادىسىنى، ئۇنىڭ ئەركىنلىككە ئىنتىلىشىنى، دۈشمەنگە بوي سۇنۇشتىن كۆرە ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىشى ئوخشاش ئالىيجاناپلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ خەلقىگە، ۋەتىنىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى بايان قىلىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «قەھرىمان ئانا» ھېكايىسىدىكى غۇنچەم ئوبرىزىمۇ خۇددى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى نازۇگۇمغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى نازۇگۇم XIX- ئەسىرنىڭ 20- 30- يىللىرىدا مانجۇر-خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرىشىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان بولسا، ئابدۇسالام غاپپارنىڭ غۇنچەم، XXI- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خىتاي كوممۇنىست دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىقىغا قارشى كۈرەشكەن قەھرىمان ئوبرىزىنى يارىتىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «قەھرىمان ئانا» ھېكايىسى كىشىلەرنى بولۇپمۇ ياش ئەۋلاتلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيەلەشتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.



ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «ئۈمۈت ئۈزمىگىن»[11] ناملىق ھېكايىسى ئۈپتىمىستىك كۆز قاراشتا يېزىلغان ئەسەر. ھېكايىنىڭ مەزمۇنى: دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرىپ قالغان قۇشقاچ ئۆيدە ئولتۇرغان بالىنى كۆرۈپ ئۈركۈپ، كىرگەن يېرىنى تاپالماي، چېكىلداپ دېرىزىگە ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلايدۇ.

بۇنى كۆرگەن بالا خوشال بولۇپ:

- ئۇررا، مېنىڭ قۇشۇم، بېقىپ قويىمەن، - دەپ ئۇنى تۇتىۋالدۇ.

شۇ چاغدا قۇشقاچ تىلغا كىرىپ سۆزلەشكە باشلايدۇ:

- ھەي بالا، مېنى قويىۋەتكىن، نېمىنى خالىساڭ شۇنى ئورۇنلاپ بېرىمەن، - دەيدۇ.

- ئاتا يۇرت، ۋەتىنىمنىڭ مۇستەقىللىقىنى خالايمەن، شۇنى ئورۇنلاپ بەرگىن، - دېدى بالا.

- بولىدۇ، ئۆزەڭ ئۈممەت ئۈزمىگىن ۋەتىنىڭدىن ، - دەپ دېرىزىدىن ئۇچۇپ كېتىدۇ قۇشقاچ.

يازغۇچى بۇ كىچىك ھېكايىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرىستاننىڭ چوقۇم ئازات بولۇشىغا ئۈپتىمىستىك كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «زامانە يەنە زامانە»، «ھەر خىل كىشىلەر»، «قەبرە تېشىدىكى سۈرەت»، «تېلېۋىزوردا»، «بىر پارچە نان»، «ئاداققىي ئارمان»، «قۇتلۇق جاي»، «سېغىنىش» ۋە باشقا ھېكايىلىرىدە پەقەت ئۆز تەبىئىتىگە خاس ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «Под небом Токмока» («توقماق تەۋەسىدە»)[12] ناملىق ھۆججەتلىك پوۋېستى توقماق تۇرغۇنلىرى ھەققىدە رۇس تىلىدا يېزىلغان ئەسەر. كىتاپتا، توقماق شەھىرىنىڭ 1867- يىلى، شەھەر نامىنى ئېلىشى، 1878-يىلى، شەھەرگە سۇ بېسىپ، ۋەيرانچىلىققا ئۇچۇرغاندا، ئۇيغۇرىستاننىڭ جەنۇبىي شەھەرلىرىدىن چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال قاتناشقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى1937- يىلى، ستالىننىڭ تەقىپلەش سەياستىگە ئۇچراپ ئۇيغۇر مەكتىۋىنىڭ يېپىلغانلىقى، ئاندىن كىتاپنىڭ ئاساسى قەھرىمانى، ھازىرقى

ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ ئاققان ئېكەن.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە، ئادەم بالىسىغا تۇغۇلغان يەر، ئانا يۇرتنىڭ قانچىلىك ئەزىز ماكان ئېكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «قەھرىمان ئانا»[10] ناملىق ھېكايىسى «ئىنتىپاق» گېزىتىنىڭ 2020- يىلىنىڭ، مارت سانىدا بېسىلغان.

ھېكايىنىڭ مەزمۇنى: ئۆيىگە ئالدىراپ-ھاسىراپ كىرگەن گۈلسۈم ئانىسىغا:

- ئاپا، بۇ نېمە دېگەن زورلۇق، ئەۋۇ ۋاڭ دېگەن قېرى خىتاي مېنىڭ دوستۇم غۇنچەمنى خوتۇن قىلىمەن، دەپ زورلاپ ھوجىرىسىغا سولاپ قويۇپتۇ، - دەيدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان گۈلسۈمنىڭ ئانىسى:

- نېمە دەيسەن قىزىم، بۇ زومىگەرلىكقۇ. بىچارە دوستۇڭ غۇنچەمنىڭ دادىسى نادىركامنى تەربىيەلەش لاگىرىغا ناھەق سولاپ، ئانىسى روشەننى ئىچكىرىگە سۈرگۈن قىلغاننى ئاز دەپ، ئەندى ئون گۈلنىڭ بىر گۈلىمۇ ئېچىلمىغان دوستۇڭنىڭ بەختىگە ئولتارماق بوپتىما زومىگەر ۋان لى. ئانا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە قىزىغا قاراپ:

- ياق، قىزىم، بېشىڭنى كۆتەر، بىز ئانىلار ۋىژدان-نومۇسىمىزنى ساتمايمىز، بىزنىڭ ئىپارىخان، نازۇگۇم، مايىمخان، رىزىۋانگۈل دېگەن ئانىلىرىمىز ئۆتكەن. ئۇلار مانجۇر خاندانلىقىغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى باسقۇنچىلىرىغا بوي ئەگمىگەن. خەلقى، ۋەتىنى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، پاك ۋىژدانىنى پىدا قىلغان، قەھرىمان ئانىلىرىمىزدۇر، - دەپ ئۆتمۈشنى ئەسلىگەن ئانا، غۇنچەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

غۇنچەمنى سولاپ، قۇلۇپلاپ قويغان ھوجىرىنىڭ ئىچى زامانىۋى جاھازلار بىلەن تولغان. غۇنچەم ئۇلارنى كۆرۈپ، سەسكىنىپ، تامغا يۆلەنگەن ھالدا ئويلىنىپ تۇرىدۇ. ئاۋتورنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە غۇنچەمنىڭ قەددى-قامىتى كېلىشكەن، ئادەمنىڭ قولى يەتمەس



ئۇيغۇرۇمنىڭ ئاجايىپ بىر گۈزەل، جانان قىزلىرىغا ئوخشىتىدۇ. غۇنچەم شۇ مىنۇتتا چاپاكەش ئانىسىنى، ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن ئانىسىنى ئەسلەيدۇ. ھازىر ئۇنىڭ ھالىنى سورىغىدەك، مەدەت بەرگىدەك ئادەم يوق. بىراق، غۇنچەم ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ: «ياق، مەن ساڭا ھەرگىز خوتۇن بولمايمەن، نومۇسىمنى بۇلغۇمايمەن، ئاتا-ئانامنى تاپىمەن، ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرىمەن» ، دېگەن ئويلار كۆڭلىدىن كېچىپ، يەڭ ئىچىگە يوشۇرىۋالغان ئۆتكۈر پىچىغىنى تۇتقان ھالدا تۇرىدۇ.

شۇ ئاسنادا ئىشىكنى تاراقلىتىپ، ئېچىپ، بوۋاي ۋان لى مەس ھالدا ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇدە:

- ئاھ، ... گۈزەل جانان خېنىم، بۈگۈن سەن ماڭا خوتۇن بولىسەن، - دەپ غۇنچەمگە يېقىنلىشىدۇ.

- ساڭا خوتۇن بولۇش ماڭا ئۆلۈم، - دېگەن گەپنى قىلغان غۇنچەم يېنىدىكى پىچىغىنى چىقىرىپ، ۋان لىنىڭ ئىچىقارنىنى يېرىپ، يۈرىكىنى تىلىۋېتىدۇ-دە، چاققانلىق بىلەن دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قاراڭغۇ كوچىدا كۆزدىن غايىپ بولىدۇ.

يازغۇچى ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «قەھرىمان ئانا» ھېكايىسىدىكى غۇنچەم ئوبرىزى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى نازۇگۇمغا ئوخشايدۇ. نازۇگۇممۇ مانجۇر-خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەش قىلغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى. ئۇلۇق شائىر ۋە مۇتەپەككۇر بىلال نازىم «نازۇگۇم قىسسىسى» ناملىق ئەسەرىدە يېزىشى بويىچە نازۇگۇم ئوقۇغان، بىلىملىك ئايال. ئۆزى بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا كۆز، نازۇك بەدەن بولغانلىقى ئۈچۈن قەشقەر خەلقى ئۇنىڭغا نازۇگۇم ، دەپ ئات قويغان.

ھەممىگە مەلۇم، 1825- يىلى، قەشقەردە جاھانگىر غوجا باشچىلىقىدا مانجۇر-خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى چوڭ قوزغىلاڭ بولغان ئېدى. لېكىن، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈش بىلەن قوزغىلاڭ قاتتىق باستۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقان بارلىق ئەرلەرنى قىرىپ تاشلاپ، ئاياللارنى قەشقەردىن ئىلى تەۋەسىگە سۈرگۈن قىلىپ ئاچقىپ، قالماقلارغا خوتۇنلۇققا بېرىشكە باشلايدۇ. ئەنە شۇ نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىچىدە

كۆڭگچە ئۇنىڭ ئازاۋىنى تارتماقتا. ئاۋتور بۇ ھېكايىسى ئارقىلىق يەر شارىدا ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىنىشقا قارشى چىقىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «ئانا يەرگە ئېگىلدى باش»[8] ناملىق ھېكايىسى 2014 - يىلى، «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ نويابىر سانىدا يورۇق كۆرگەن. ھېكايىنىڭ مەزمۇنى: بىر كىشى يەردىكى كۈننىڭ ئىسسىغىدا ئۆرلەپ كەتكەن توپىنى ئۆز - كۆزىگە سۈركەپ، يەرگە باغرىنى يېقىپ ئىغىنايدۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران بولۇپ: «ئېسىدىن ئازغان ئادەمغۇ بۇ»، «ئۇلۇغ بولسا شۇنداق قىلامدۇ» دېيىشسە، بىرلىرى «بۇ ئادەم يەرلىك ئەمەسقۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىشىدۇ.

شۇ چاغدا كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىكى بىر سالاپەتلىك بوۋاي ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- ھەي بالام، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بىر ئۇبدانلا كىيىملىرىڭنى بۇلغاۋەتتىڭغۇ. ئۆزەڭ نەدىن بولىسەن، - دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ.

- بوۋا، مەن چەت ئەلدىن كەلدىم. بۇ يەر مېنىڭ ئاتا يۇرتۇم، ئەزىز ۋەتىنىم! موشۇ يەردە مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلۈپ، باللىق چاغلىرىم ئۆتكەن، - دەپ توپىدىن بىر سىقىم ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ.

- بوۋا، ئۇ ئادەم ساراڭمىكەن؟ دەپ سورايدۇ، بىر كىچىك بالا ھەيران بولۇپ. بوۋاي توپلىشىپ تۇرغانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- ياق، بالام ئۇ، ساراڭ ئەمەس، ئەسلى ئۇلۇغ ئادەم. بۇ ئادەم كىچىك چېغىدا ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ ، ئامالسىز چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىرسى ئىكەن. ئۇلار باشقا يۇرتلاردا يۈرسىمۇ ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنىپ، ئانا يەرنىڭ بىر سىقىم توپىسىنى ئالتۇندىنمۇ ئارتۇق كۆرۈپ، كۆزىگە سۈرتكىدەك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئادەم ئانا يەرنىڭ بىر سىقىم توپىسىنى ئېلىپ كەتتى. مانا، بالام سەن بولساڭ ئۆز يۇرتۇڭدا، ئۆز يېرىڭدە ياشايسەن، ۋەتىنىڭنى ئاسرا، ئۇنى ھېچ قاچان تاشلاپ كەتمىگىن، - دېگەن گەپلەرنى قىلىدۇ، بوۋاي.



بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك بىر دەقىقە جىم بولۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ باياتىن بېرى «ساراڭ» دەپ ئويلىغان ئادىمى ساراڭ ئەمەس، قان قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مېھرىبانلارچە قارىشىپ قېلىشتىدە «قولۇڭدىكى ئالتۇننىڭ ئەتىۋارى يوق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئەسلىشىپ، ھەممىسىنىڭ بېشى ئانا يەرگە ئېگىلگەن ئېدى.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە، ئىنسانلارنى ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشكە، ھېچ قاچان ئۆز ژۇتىنى تاشلاپ چەت مەملىكەتلەرگە چىقىپ كەتمەسلىككە چاقىرىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «ئەزىز ماكان»[9] ناملىق ھېكايىسى «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ 2016 - يىلى، دېكابىر سانىدا بېسىلغان. ھېكايىدە، يازغۇچى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە چوڭ قۇرۇلۇش چۇشۇش سەۋەبىدىن يېڭى، كۆپ قەۋەتلىك ئۆيگە كۆچۈپ كېلىدۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى:

- دادا، قاچان ئۆيىمىزگە كېتىمىز، - دەپ پات - پات ژىغلايدۇ.

ئۇ بىر كۈنى بالىسىنى ئېلىپ كونا ئۆيگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆيىنى بۇزۇۋاتقان ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئوغلى ئۆپكىسىنى باسالماي ژىغلاپ كېتىدۇ. بالىسىنىڭ كۆز ياشلىرىغا چىدىماي ئۆزىمۇ كۆز ياش قېلىپ تۇرۇپ:

- راست، بالام، سەن موشۇ ئۆيدە تۇغۇلدۇڭ، موشۇ ئۆيدە سېنىڭ كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن، سەن ئۈچۈن بۇ ئۆي ئەزىز ماكان. ئېھ،... بالام مېنىڭمۇ تۇغۇلۇپ، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئۆيۈم بولغان، - دېگەن گەپنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىنى ئويلاپ خىيال قىلىدۇ. ئۇ ئۆتكەن يىلى، ئۇيغۇرىستاننىڭ غۇلجا شەھرىگە بارغان چېغىنى ئەسلەيدۇ. غۇلجا شەھرىدىكى ئۆز ئۆيىگە كەلسە، ئەشۇ ئۆيىنىڭ ئورنىغا چوڭ ئىمارەت چۈشۈدىغان بولۇپ، ئۆيىنى بۇزۇۋاتقان ئىكەن. بۇ

ئا. غاپپارنىڭ «ئاتا ئىزى بىلەن»[3] ھېكايىسىدە خوشنىسىنىڭ كىچىك ئوغلى كىشىلەرنى كۆرگەندە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ، سالام قىلىشنى يېزىپ «ياخشى تەربىيە كۆرگەن بالا ئىكەن» دېگەن ئوي پىكرىنى ئېيتىدۇ. شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئەنە شۇنداق ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

يازغۇچىنىڭ «ئايال كىشى»[4] دېگەن ھېكايىسىدە ئۈچ، تۆرت ئىنلپەتلەر يېڭى تونۇشقان ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلىشىدۇ. ئاغىنىسى ئۇلارنى خوشال قارشى ئېلىپ، مېھمانخانىسىغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۆزى دەستۇرخان سېلىپ، نازۇ-نېمەتلەرنى ئۇستەلگە قويىدۇ. ئۇ ئاشخانىغا چىقىپ كېتىپ بىردىنلا چىنە قاچىنىڭ جاراڭلاپ سۇنغان ۋە ئايال كىشىنىڭ ئېرىنى دۇشكەلەپ ۋاقىرىغان قوپال ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بىراق، ئاغىنىسى چاندۇرماي مېھمانلارنى ئۇزىتىدۇ. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھمان كەلگەندە ئەڭ بولمىغاندا «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزىڭ يوقمۇ» دېگەندەك، بولۇپمۇ ئايال كىشىنىڭ ھەر قانداق شارائىتتا كەلگەن مېھماننى چىرايلىق قارشى ئېلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ يازىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «قېرىنداشلىق»[5] ناملىق ھېكايىسى «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1996-يىلى، 8-مارت سانىدا يورۇق كۆرگەن. ھېكايىنىڭ مەزمۇنى: بىر قورادا ئاتا-ئانىسى بىلەن سىڭلىسى ياشايدۇ. ئاۋتور ئۇلاردىن ئايرىم ياشىسىمۇ، ئارىلاپ ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ بارىدۇ. ئانىسى تەييارلىغان قايماقلىق ئەتكەن چاينى ئىچىپ ئولتارغاندا، سىڭلىسى پەتمۇستە تەخسىلەرگە سېلىنغان لەگمەننى ئەكىرىدۇ. ئانا قىزىنىڭ بۇ ئىشىدىن بەك خۇرسەنت بولىدۇ.



ئاۋتور، بۇ ھېكايىسىدە، چوڭلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ئۇچرايدىغان ئەدەپ-ئەخلاق خىسلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «دۇئا»[6] ناملىق ھېكايىسىدە يازغۇچى، ئوغلى بىلەن ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ بارىدۇ. ھەر قاچانقىدەك بۇگۈلۈكتە ئولتۇرۇپ، ئانىسى بىلەن پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغاندا دەرۋازىدىن ئاتىسى كىرىپ كېلىدۇ ۋە چۆگۈننى ئېلىپ قولىنى يۇيماقچى بولىدۇ. بۇنى كۆرگەن يازغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ قولىغا سۇ قويۇش ئۈچۈن تەمشەلگەندە، ئوغلى چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋىسىنىڭ قولىغا سۇ قويىدۇ. بۇ ئىشىدىن بوۋاي رازى بولۇپ، «يارايسەن ئوغلۇم، يارايسەن قوزام، ئۆمرىڭ ئۇزۇن بولسۇن»، دەپ دۇئا قىلىدۇ. يازغۇچى، بۇ ھېكايىسىدە ئائىلەۋىي تەربىيە، ئەدەپ-ئەخلەق خىسلەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «تەشۋىش»[7] ناملىق ھېكايىسى ئاتوم بومبىسىنىڭ ئىنسانلارغا بولغان زىيىنى توغرىسىدا يېزىلغان. ھېكايىنىڭ مەزمۇنى: قازاندا قايناۋاتقان ماينى ئۇنتۇپ قېلىپ ئوت كەتكىلى تاس قالىدۇ. ئۇنىڭدىن چىققان قاڭسىق پۇراق ئۆينىڭ ئىچىنى ئوراۋالغان ئىدى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى كىشىلەر قاقىلىپ كېتىشىدۇ. ھەتتا بۆشۈكتە ياتقان بوۋاقمۇ بۇ پۇراقنى سېزىپ ژىغلاشقا باشلايدۇ. ئامالسىزلىقتىن ئۆينىڭ ئىشىك ۋە دېرىزىلىرىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىر ئاز تازا ھاۋا كىرىپ ئۆينىڭ ئىچى تازىلانغاندىن كېيىن بوۋاقنىڭ يىغىسىمۇ توختايدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسى ئارقىلىق ئاتوم بومبىسى يېرىلغاندا ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇشكۈل بولۇدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ياپونىيەنىڭ خىروسىما، ئۇيغۇرىستاننىڭ لوبنۇردا ئۆتكۈزۈلگەن ئاتوم سىناقلىرىنىڭ نەتىجىسىدە نەچچە يۈز مىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈپ، تەبىئەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ كېلىپ، تا بۈگۈنكى

1994 ـ يىلى، قىرغىزستان يازغۇچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات، تەشۋىقات بيۇروسى تەرىپىدىن قىرغىز تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتا يۇرت» ناملىق توپلامدا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ھېكايىلىرى بېرىلگەن.

ئا. غاپپارنىڭ «كۆكۆل ساندۇغۇمدىكى ئويلار» (1996)[1]، «كاككۇك بولۇپ سايرىدىم» (1997)[2] ناملىق ھېكايىلار توپلاملىرى قىرغىز شائىرى مەرخاباي ئائامەتوۋنىڭ تەرجىمىسىدە قىرغىز تىلىدا نەشر قىلىنغان.

2001 ـ يىلى، قىرغىزستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرىنىڭ ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان (تۈزگۈچى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ) «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» دەرسلىك ـ خرېستوماتىيە كىتاۋىدا ئابدۇسالام غاپپارنىڭ بىر توپ ھېكايىلىرى بېرىلگەن.

2010 ـ يىلى «Под небом Токмока» (« توقماق تەۋەسىدە»)، 2012 ـ يىلى «Следы минувших времен» (« ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ ئىزلىرى » )، 2017 ـ يىلى «Документальная повесть о жителях села Комсомольское» (« كومسومول يېزىسىنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدا ھۆججەتلىك پوۋېست »)ناملىق كىتاپلىرى رۇس تىلىدا يورۇق كۆرگەن.

2010 ـ يىلى، ھەرخىل مىللەت يازغۇچى ۋە شائىرلىرىنىڭ «Много языков - один мир» («كۆپ تىل ـ بىر دۇنيا») ناملىق توپلامغا ۋە قىرغىز شائىرى ئابدۇللا قاراسارتوۋ ئىشلەپ چىققان «دوستۇك ئېرى»(«دوستلۇق ناخشىسى»قىرغىز تىلىدا) ئۇمۇمىي توپلاملارغا ئابدۇسالام غاپپارنىڭ بىر توپ ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «ئانا يەرگە ئېگىلدى باش» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى نەشرىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ھېكايىلىرى ئۆزىنىڭ ئىخچاملىقى، ئېيتماقچى بولغان ئوي پىكرىنىڭ ئوچۇقلىقى، ۋەقە



ھادىسىلىرىنىڭ مىللىي خاراكتېرغا ئىگە ئېكەنلىگى، تىلىنىڭ ئۆتكۈرلىگى بىلەن ئالاھىدە پەرىقلىنىدۇ.

كىچىك ھېكايە (نوۋېللا) ھەجىم جەھەتتىن كىچىك ھەم قىسقا بولغانلىقتىن ئۇنى كىچىك ھېكايە، مىكرو ھېكايە، بىر مىنۇتلۇق ھېكايە، ئالقانچىلىك ھېكايە دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئەلۋەتتە، ھېكايىنىڭ ھەجمى قانچىلىك كىچىك ھەم ئىخچام بولسا، ئۇنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى بىلەن يېزىقچىلىقى، ماھارەتكە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقۇرى بولىدۇ. كىچىك ھېكايىدە يازغۇچى ئاز تەسۋىرى بىلەن چوڭقۇر مەنانى ئىپادىلەپ، كىتاپخانلارنىڭ قەلبىدە زور تەسىر قوزغايدۇ. شۇڭلاشقا، يازغۇچى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ تىرىشچانلىق ۋە ماھارەت بىلەن ئۆز ھېكايىسىنى ئوقۇغۇچىلارنى زوقلاندۇرغىدەك دەرىجىدە يېزىپ چىقىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغان ھالدا، ھېكايە ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ۋاقىت پۇل بىلەن ئۆلچىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتمى ئىنتايىن تېز بولۇپ، بەكمۇ ئالدىراشچانلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقاندا، كۆپ كىشىلەرنىڭ رومان ئوقۇش ۋاقتى يوق. ئۇلار ئۆيگە كېلىپ تاماقتىن كېيىنكى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، تېلېۋىزور كۆرۈش ئالدىدا، ياكى كەينىدە، شۇنىڭدەك ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئىككى ۋە ئۈچ پارچە كىچىك ھېكايىنى ئوقۇپ چىقالايدۇ. شۇنىڭدەك، گېزىتلارنىڭ ئەدەبىيات بېتى ۋە قوشۇمچە بەتلەردە رومان بەرگىلى بولمىسىمۇ، ئامما قىسقا ھېكايىلارگە تېگىشلىك ئورۇن بېرىلىدۇ.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ يازغان ھېكايىلىرى ئاساسەن دوستلۇق، مۇھەببەت، ئادالەتلىك ـ ئادالەتسىزلىك، ياخشىلىق ـ يامانلىق، ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئوخشاش تېمىلارغا بېغىشلانغان. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ياشلارغا ئاتا ـ ئانىنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرنى سۆيۈش ئوخشاش ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق تەربىيە بېرىش خاراكتېرگە ئىگە.

12. مۇھەممەتجان ياسىن. مىللىتىم // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 193 ـ بەت.

13. مۇھەممەتجان ياسىن. قايتۇرما ئانا // «ئىتتىپاق». بىشكەك، 2004، №2.

14. مۇھەممەتجان ياسىن. شېئرىيەت ۋە ئەركىن شېئىر // «ئىتتىپاق»، بىشكەك، 2003,№12.

15. ئەنۋەر ناسىرى. ئۆلۈم ئالدىدا // «گۇدۇك» (شېئىرلار توپلىمى). ـ ئۈرۈمچى، 1983، 16 ـ بەت.

16. ئۆمەر مۇھەممەدى. گۈللەر تېرىدۇق // ئۆمەر مۇھەممەدى. شېئىرلار. ـ ئالمۇتا. 1951، 8 ـ 9 ـ بەتلەر.

17. مۇھەممەتجان ياسىن. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ۋەتەن ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك ماۋزۇسى // «ئىتتىپاق». ـ بىشكەك، 2004،

18. مەتىمىن ئوبۇلقاسىموۋ (ئالماسبەگ). تۇمانلار تەكتىدە تۇغۇلمىغان تاڭ // سادىغاڭگېتەي، خەلقىم (شېئىرلار ۋە باللادىلار). ـ ئالمۇتا، 1998، 37 ـ بەت.



# غەمگۇزار خەلقىنىڭ قايغۇسىغا شېرىك بولۇپ ئۆتكەن ھايات

ئابدۇسالام غاپپار ئۆزىنىڭ كىچىك ھېكايىلىرى(نوۋېللىرى) بىلەن قىرغىزستاندا تونۇلغان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى.

ئابدۇسالام ئىسمائىل ئوغلى غاپپار 1947 ـ يىلى، 14 ـ ئاپرېل، كۇنى غۇلجا شەھرىدە، ھۇنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1962 ـ يىلى، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قىرغىزستانىنىڭ فرۇنزې(ھازىرقى بىشكەك)شەھرىگە كۆچۈپ كېلىپ، 1970 ـ يىلى، ئوتتۇرا مەكتەپنى قىرغىز تىلىدا تۈگەتكەن. ئۇ، بۈگۈنكى كۈنگىچە قۇرۇلۇش ساھاسىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئابدۇسالام كىچىكىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قىزىقىپ، گېزىت، ژۇرنال ۋە كىتاپلارنى كۆپلەپ ئوقۇغان، كېيىنچە ئۆزىمۇ كىچىك ھېكايىلەرنى يېزىشقا باشلىغان. ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «مېنىڭ قارغوجام» ناملىق بىرىنچى ھېكايىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان ھېكايىلىرى 1976 ـ يىلىدىن باشلاپ «كوممۇنىزم تۇغى»،«يېڭى ھايات»، «ۋىژدان ئاۋازى»، «ئىتتىپاق» گېزىتلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدە داۋاملىق بېسىلىپ كەلمەكتە.

ھەممىگە مەلۇم، 1991 ـ يىلى، مارت ئېيىدا قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ يېنىدا ئۇيغۇر ئەدەبىيات بۆلۈمى ئېچىلغان، ئۇنىڭغا شائىر جامالدىن قاسىموۋ رەئىس بولۇپ سايلانغان ئىدى. ئەنە شۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات بۆلۈمىگە ئابدۇسالام غاپپار ئاكتىپ قاتناشقان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە يازغۇچى نەسىردىن داۋۇت كۆپ تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ئابدۇسالام دەسلەپ يازغان ھېكايىلىرىنى نەسىردىن داۋۇتقا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ھېكايىلىرىنىڭ كامچىل جايلىرىنى تۈزۈتۈپ تۇرغان.

«ئايرىلماس بىر قىسمى» دېگەن مۇقامغا ئوسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

ئەندى چەتئەللەردىكى ئەدىپلىرىمىزدىن تۇرسۇن ۋاھىدى، خېلىل ھەمراھ، ئابدۇلھەي روزى، دولقۇن ياسىن، ئابدۇغۇپۇر قۇتلۇق، مۇمىن ھەمرا، مەتىمىن ئوبۇلقاسى (ئاماسبەگ) ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئەللەردىكى سەياسىي مۇھىتنىڭ بىر ئاز كەڭلىگىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدە ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ ۋەتەنگە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت، زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە ئازاپ تارتىۋاتقان ۋەتەنداشلىرىغا چەكسىز ئېچىنىش، قېرىنداشلىرىغا سەممىي ھۆرمەت، باسقۇنچىلارغا غەزەپ نەپرەتلىرىنى ئىپادىلەپ، ئەسىر يېزىۋاتقانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ.

پەرشان ھالىڭغا كۆيۈندۈم، كۆيدۈم،
ئاھ ئۇرۇپ تۇپاڭنى مىڭ كەررە سۆيدۈم.[18]

دېگەن شائىر مەمەتئىمىن ئوبۇلقاسىمنىڭ «تۇمانلار تەكتىدە تۇغۇلمىغان تاڭ» ناملىق شېئىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئۆزىنىڭ ۋەتەن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ماۋزۇسىدىكى نادىر نەمۇنىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىق ۋە ھۆرلۈك يولىدىكى كۆرۈشكە يېقىندىن يار - يۆلەك بولۇپ، جەسۇر جەڭچى ۋە تەشۋىقاتچى سۈپىتىدە ئاۋانگاردلىق رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، مۇھەممەتجان ياسىن ئىجادىيىتىدە ۋەتەننى، خەلقنى، خەلقلەر دوستلىقىنى مەدھىيىلەپ كەلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى پىكىرنىڭ روشەنلىكى، ھاياجاننىڭ جۇشقۇنلىقى، تىلنىڭ راۋانلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، ئاچچىق ھېجران ئازابىنى، سېغىنىش دەردىنى چوڭقۇر مەنا، جۇشقۇن ھىسسىيات بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ھەر قانداق كىشىنىڭ



يۈرىكىنى تەۋرىتىپ، ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا رام قىلىدۇ. چۈنكى ۋەتەن ئىشقى - شائىرنىڭ قەلبىدۇر.

---

1. مۇھەممەتجان ياسىن. ئۆزەم ھەققىدە // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 200 ـ بەت.
2. مۇھەممەتجان ياسىن. ۋەتەن ئىشقى // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 197 ـ بەت.
3. مۇھەممەتجان ياسىن. ۋەتىنىم // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 195 ـ 196 ـ بەتلەر.
4. مۇھەممەتجان ياسىن. ۋەتەن ئىشقى دەرسىدىن... //ۋەتەن مۇھەببىتى. ـ بىشكەك، 2009، 92 ـ بەت.
5. مۇھەممەتجان ياسىن. رۇبائىي // ۋەتەن مۇھەببىتى. 319 ـ بەت.
6. مۇھەممەتجان ياسىن. ۋەتەنگە // ۋەتەن مۇھەببىتى. 26 ـ بەت.
7. مۇھەممەتجان ياسىن. قىرغىز دوستۇمغا // «ئىتتىپاق». ـ بىشكەك، 2009، №7 .
8. مۇھەممەتجان ياسىن. سۇسامىرغا بارغاندا // «ئىتتىپاق». 2003، № 9
9. مۇھەممەتجان ياسىن. قېرىنداشلىق خىتابى // «ۋىژدان ئاۋازى». ـ بىشكەك، 2001 ، №10.
10. مۇھەممەتجان ياسىن. ھۆرلۈككە // «ئىتتىپاق». ـ بىشكەك. 2003، №2.
11. مۇھەممەتجان ياسىن. مىللىتىم // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. بىشكەك، 2001، 190 ـ بەت.

مەنا چىقىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن مۇھەممەتجان ياسىن شائىر ئەنۋەر ناسىرنىڭ تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىرىنى مىسال كەلتۈردى:

ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان.
تىتىلغان تەن، تۇرۇلگەن مۇش، كىرىشكەن چىش،
پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان.[15]

شائىرنىڭ يېزىشى بويىچە شېئىر شائىردىن چوڭقۇر تەپەككۇر، ئەتراپلىق بىلىم، باي سۆز سەنئىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۈچىنىڭ بىرى كام هالدا يېزىلغان شېئىرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىشى ئاجىز بولىدۇ.

ئەركىن شېئىرنىڭ تۈزۈلىشى ئېھتىياجچى بولغان غايىنىڭ يۈنىلىشى ۋە شائىر تۇيغۇسىنىڭ دولقۇنلىرى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شېئىر خالىغانچە قالايمىقان قۇرلارغا بۆلۈپ قويىسلا بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا بەلگىلىك تەرتىپ، قائىدە ۋە قانۇنى بار. شېئىرنىڭ ئاساسى شەرتى مىسرالىرىنىڭ ئۇمۇمىي يۆنىلىشى، شېئىرنىڭ مۇندەرىجىسى يەنى شېئىرنىڭ ئىدىيەسىنى ئېچىپ بېرىدىغان بولىشى كېرەك. شېئىردىكى ئىنتوناتسىيا، رىتىم، شائىرنىڭ تەپەككۇرىنى، ئېھتىياجچى بولغان پىكرىنى ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت قىلىشى لازىم. قايسى سۆزنى ئاجرىتىپ ئالاهىدە پەرقلەندۈرۈپ ۋە تەكىتلەپ ئېيتىش زۆرۈر بولسا، شۇ سۆز شائىرنىڭ هاياجىنىنى ۋە ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادە قىلىدىغان قۇرلاغا جايلاشتۇرۇلىدۇ، دەيدۇ شائىر ماقالىسىدا. ئۇنىڭغا ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ «گۈللەر تېرىدۇق» ناملىق شېئىرىنى مىسال كەلتۈردى:

كۆڭلىمىز بېغىغا سۆگەت تىكىپ،
باراڭلىق ياسىدۇق،
چۆنەك چېپىپ،
چۆرىسىگە تىكەن توساپ،
گۈللەر تېرىدۇق.
گۈللەرنى، سۆگىتىمىزنى،
باراڭلىق، چىرايلىق قىلىپ
ئۆستەرمەكچىمىز.
زاۋۇدتىن، خاكىدىن
هېرىپ يانغان ئىشچىلارنى،
ئېتىزدىن، خاماندىن،
پىشىپ يانغان دېھقانلارنى،
بېغىمىزغا ئەكىرىپ،
مەيدىسىگە گۈللەر قىسىپ،
شۇ يەردە ئوينىتىپ،
شۇ باراڭدا كۈلدۈرمەكچىمىز.[16]

مۇھەممەتجان ياسىننىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ۋەتەن ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك ماۋزۇسى»[17] ناملىق ماقالىسىدا ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرستاننىڭ مانجۇر خىتاي باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن بۇيان خەلقىمىز مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى نۇرغۇن كۆرەشلەرنى قىلىپ، تالاي ئوغۇل-قىزلىرىمىز ۋەتەن ئۈچۈن ئۆز جانلىرىنى قۇربان قىلغان بولسا، ئەدىپلىرىمىز ۋەتەن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يارىتىپ خەلقىمىزنىڭ جاسارىتىگە جاسارەت، غەيرىتىگە غەيرەت قوشقانلىقىنى تەكىتلەپ يازىدۇ. ئۇ ماقالىسىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى تەۋپىق، نىم شېھىت، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇلئەزىز مەقسۇم ئوخشاش شائىرلىرىمىز ۋەتەن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدا كۆپ ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ زور دەرىجىدە مەنىۋىي ۋە روھى ئويغىنىشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ماقالىدا ۋەتەن ۋە خەلقنى ئۇنۇتقان بىر قىسىم يالالىنما، ساتقۇن «شائىرلار» دەل ئۇيغۇرستاننى خىتاي زېمىنىنىڭ

قۇتلۇق ئېدى مىللەت نامىمىز.
جاھان ئەھلىن رام قىلىپ قاراتقان،
مۆجىزىكار شۆھرەت. شانىمىز.
ۋەتەن غېمى بىلەن ئۆتمەكتە،
ھەر دەقىقە، پۇرسەت، ئانىمىز.[11]

شائىرنىڭ بۇ مىسرالىرىدىن بىز يەنە خەلقپەرۋەرلىكىنىڭ يارقىن سىماسىنىمۇ كۆرىمىز. ئۇ بۇ شېئىرىدا ئۆز خەلقىنىڭ قېدىمدىن تارتىپ دۇنياغا تونۇلغان، جاھان مەدەنىيىتىگە مۇناسىپ تۆھپىلەر قوشقان. ئەندى ئامىتى كېتىپ مۇستەقىللىقىنى يوقاتقانلىقىنى، ئازاتلىق ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابلار قىلىپ نەچچە مىڭلىغان قۇربانلارنى بەرگەنلىكىنى، بۈگۈنكى كۈندە قېرىنداش خەلقلەر ئوخشاش ئۆز دۆلىتىگە ئېگە بولالمىغانلىقىنىڭ بەزى سەۋەپلىرىنى يېزىپ شېئىرىنى مۇنداق تاماملايدۇ:

نۇقسانىڭ بار، دەپ، ئەزىز خەلقىم،
ئۆزۈم ئۆرۈپ سەندىن كەچمەيمەن.
سېنى سۆيمەك-شەرىپىم، ئەھدىم،
كېلەچەكتىن ئۈمۈت ئۈزمەيمەن.

سەن غۇرۇرۇم، داڭقىم، ھۆرمىتىم،
ۋىجدانىمنى تازا ساقلايمەن.
ئۇيغۇر-دېگەن نامىڭ ئۇلۇقتۇر،
سۆيمىگەنلەر تىرىك ئۆلۈكتۇر.[12]

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالىرىدا ئۆز خەلقىگە بولغان چەكسىز مېھىر مۇھەببىتىنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن مەدھىلەيدۇ:



غەم قىلمىغىن، قايغۇرما ئانا،
ئوغلۇڭ جاھان كېزىۋاتىدۇ.
ئېلى ئۈچۈن ئىزدەپ يار-يۆلەك،
ياۋلارغا گۆر قېزىۋاتىدۇ.
........................
غەم قىلمىغان، قايغۇرما، ئانا
قۇياش كەبى سەنمۇ يېنىپ قال.
سائادەت ئېپ كېلەر ئۇ ساڭا
ھۆررىيەتكە قېنىپ، قېنىپ ئال!

غەم قىلمىغىن، قايغۇرما، ئانا.[13]

شائىر «قايغۇرما ئانا»ناملىق بۇ شېئىرىدا ئۆزى چەت يۇرتلاردا يۈرسىمۇ ۋەتەن غېمى بىلەن ياشاۋاتقانلىقىنى، كېلەچەكتە چوقۇم ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئازات بولۇپ بەختلىك كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە ئىشەنچ بىلەن ئۈمىتسىزلىك كۆز-قاراشلىرىنى بىلدۈردى.

مۇھەممەتجان ياسىن تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماي، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى تېمىسىغا قەلەم تەۋرەتكەن ئەدىپتۇر. ئۇنىڭ «شېئىرىيەت ۋە ئەركىن شېئىر»، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ۋەتەن ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك ماۋزۇسى» ناملىق ماقالىلىرى «ئىتتىپاق» گېزىتىدە بېسىلغان.

شائىر «شېئىرىيەت ۋە ئەركىن شېئىر»[14] ناملىق ماقالىسىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى بولغان شېئىرىيەت توغرىسىدا يازىدۇ. شېئىرىيەت ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك ھېسسىيات ياردىمى ئارقىلىق ئەڭ ئېخچام، ئەڭ جانلىق، ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان چوڭقۇر پىكىر، ئوبرازلىق تىل، يېقىملىق ئاھاڭ ۋە ئۇرغۇ-رىتىمغا ئېگە بىر ئەدەبىي شەكىلدۇر. شېئىر دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن ئېيتقاندا «گۈزەل تۇيغۇ»، «گۈزەل سېزىم» دېگەن

ئەپسۇس! بۇگۈن ئالداندى ئۇلار،
قانچە ئىپتساق قۇلاق سالمىدى.
بار بىساتىن ئاتاپ مەلئۇنغا،
تارىخلاردىن ساۋاق ئالمىدى.
ئىچكىرلىدى، ئارتقا يانمىدى!

بەس-بەس بىلەن چۈشتى بەزمىگە.
بىيجىڭ چالغان دۇمباق ئۇسسۇلغا،
لاۋجاڭ بىلەن مىنگەشتى، ئەنە.
ئەجدىھارغا-سىرىق دۇلدۇلغا.
(تۇزىقىغا چۈشتى-شۇم يولغا)

باغرىمىز، دەپ، دىلدىن سۆيگەندۇق،
بىز سۆيگەندەك، ئۇلار سۆيمىدى.
زۇلۇم تارتسا بىللە كۆيگەندۇق،
بىز كۆيگەندەك، يىنىپ-كۆيمىدى.
مېھرىمىز ئوت، بىراق ئۆچمىدى.[9]

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى يوقاتقاندىن كېيىنكى 200 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە يۈز قېتىم مۇستەملىكچىلەرگە قارشى مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى. ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇلار ۋەتەنىنىڭ ئىچى-سىرتىدا ئازاتلىق ئۈچۈن ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى يۈرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا.

مۇھەممەتجان ياسىن «مىللىتىم»، «قېرىنداشلىق خىتابى»، «ئىككى تامچە ياش»، «قاچان»، «مەڭگۈلۈك ئۇدۇم»، «ئىستىقلال يولى-گويا بىر كاراۋان»، «نازۇگۇم»، «قايغۇرما ئانا» قاتارلىق



شېئىرلىرىدا ئۇيغۇرىستانىنىڭ چوقۇم مۇستەقىللىققە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچە بىلدۈردى. ئۇنىڭ بۇ پىكرى «ھۆرلۈككە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

ساڭا تەشنا بىزنىڭ يۈرەكلەر،
دىلدا يانار ئارمان-تىلەكلەر.
پىكرىمىز ھەم زىكرىمىز دەيدۇ:
ئىقبال قاچان ئاچار ئىپتەكلەر.

كەلدۇق دەرتنى يۇدۇپ ھاپاشلاپ،
ئەھدىمىزنى قويمىدۇق تاشلاپ.
ئۈمىدىمىز مەنزىلگە باشلاپ،
كۆرەشكە دەپ تۇردۇق بىلەكلەر.

تالاي مەرتلەر تىككەنتى جاننى،
زېمىن ئۈچۈن ئاققۇزدى قاننى،
قوغلاپ نومۇس ئارىنى، شاننى،
ۋەتەن ئۈچۈن بولدى تىرەكلەر.

قاراڭغۇ تۈن بولسىمۇ ئۇزۇن،
بوشتىدۇ سۈبھىگە ئورۇن.
سائادەت ھەم ئاچىدۇ قويۇن،
ئېچىلغۇسى گۈللەر-چېچەكلەر.
كېلەر يىقىن، كېلەر بەختىمىز،
بەختىمىزگە يۆلەك تەختىمىز.[10]

شائىر «مىللىتىم» ناملىق شېئىرىدا:
ئۇيغۇر-دېگەن، تارىخ ياراتقان،

يات دېيەلمەس ھېچكىم بىزنى ئەزەلدىن،
سۆيگۈمىزمۇ تۇرسا شېرىن ھەسەلدىن.
قومۇزىڭنى چېرتسەڭ ساڭا جور بولۇپ،
بەزمۇ قۇردۇق بىزمۇ ئىردىن، غەزەلدىن.

يەرلىرىمىز، تاغلىرىمىز تۇتاشتۇر،
سۇلىرىمىز، باغلىرىمىز تۇتاشتۇر.
غەم - قايغۇنى بىرگە چېكىپ ئۆزاتقان،
تۇنلىرىمىز، چاغلىرىمىز تۇتاشتۇر.

يېڭى زامان كۈتكەن ئارمان-تىلەك بىز.
بىرىمىزگە، ھە بىرىمىز يۆلەك بىز.
بىلىسەڭ، دوستۇم، ئۇيغۇر بىلەن قىرغىزلار
ئاسىيانىڭ كۆكسىدىكى يۈرەك بىز.[7]

ئۇيغۇر بىلەن قىرغىز خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بىر تۇققان خەلقلەر ئىكەنلىكىنى يازىدۇ.

ھەيران قالدىم، تاڭ قالدىم سۇسامىرغا بارغاندا،
ئۇنىڭ ئوتلۇق ئىشقىنى يۈرۈگۈمگە تاڭغاندا.

قۇۋۋەت بەردى، زوق بەردى، كۆز يەتمەس كەڭ يايلىغى،
دېسەم ھەقتۇر: دەريادەك ئاقار سۈتى، قايمىغى.[8]

شائىر «سۇسامىرغا بارغاندا» ناملىق بۇ شېئىرىدا سۇسامىرنىڭ كەڭ يايلىغىدا ئوتلاپ يۈرگەن قوي، ئارقار، بۇغا ۋە قولۇنلارنى كۆرۈپ، بۇ



يەردىكى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە، قىرغىز خەلقىنىڭ مېھمان دوستلىقىغا چوڭ رازىمەنلىك بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار قېدىمدىن تارتىپ ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا خەلقلەر بىلەن خوشاللىق ۋە قايغۇلۇق كۈنلىرىدە بىللە ياشاپ كېلىشكەن. بۇ قېرىنداش خەلقلەر ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلىرىنى قۇرغاندىن كېيىن، شۇ مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈمۈت باغلاشقان ئىدى. ئەپسۇسكى ئىشەنگەن تاغلاردا كېيىك ياتماي قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك دۆلەت رەھبەرلىرى خوشنا خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن توغرا كۆز قاراشتا بولماي قالدى. شائىر «قېرىنداشلىق خىتابى» شېئىرىدا قېرىنداش ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز خەلقلىرىنىڭ جاپاسىغىمۇ، خوشاللىقىغىمۇ ئۇيغۇرلار ئورتاق بولۇپ كەلگەن. ئەندىلىكتە ئۇلار مۇستەقىللىققە ئېرىشكەندىن كېيىن خىتاي بىلەن دوستلىشىپ ئۇنىڭ دۇمبىغا ئۇسسۇل ئويناشقانلىقىنى، ئۇيغۇرلار ئۇلارغا كۆيگەندەك كۆيمىگەنلىكىنى ئېچىنىشلىق بىلەن مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

ئۆزبەكلەرنى - ئۆزىمىز، دېدۇق.
قازاق باغرىم، قىرغىزنى - جېگەر.
ئۇلار جاپا چەككەن مەزگىلىدە،
يېگىنىمىز بىلىندى زەھەر.
قېرىنداشلىق شېرىن شۇ قەدەر!...
........................
يېتىشكەندەك بولدۇق شۇ چاغلار،
سائادەتكە، ئىقبال، تەختكە.
مەمنۇن بولدۇق ئۇلار بىلەن تەڭ،
كۈلۈپ باققان گۈزەل بەختكە،
تولۇپ تاشتۇق غەيرەت، ئۈمۈتكە.

مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ، بۇلبۇلۇڭ،
كۈيلەيمەن، ۋەتىنىم، نامىڭنى[3]

شائىرنىڭ بۇ مىسرالىرىدىن بىز ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يارقىن سىماسىنى كۆرىمىز. شائىر بۇ يەردە ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ياشاشنىڭ قانچىلىق مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى، ۋەتەن ئۇنىڭ جېنى ۋە تېنى. شۇڭا ئۇ قەيەردە يۈرمىسۇن، بەرى بىر ۋەتەننى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ئۆمۈر بويى كۈيلەيدىغانلىقىنى يازسا، «ۋەتەن ئىشقى دەردىدىن...» ناملىق شېئىردا:

چوڭايغاندا خەلقىمنىڭ
قەدرى ھەجەپ بىلىندى.
ھەر كۈن يېگەن ئېشىمغا،
گويا زەھەر سېلىندى.
ۋەتەن ئىشقى دەردىدىن،
يۈرەك - باغرىم تىلىنىدى.[4]

دېگەن مىسرالىرىدا شائىر ئۆز بەختىنى ۋەتەن، خەلقىنى تاپالمايدىغانلىقىنى، بارلىق شان - شەرەپلەرنىڭ ۋەتەن ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ۋەتەن توغرىسىدا قانچە ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ يۈرەك باغرى تېخىمۇ ئۆرتىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ۋەتىنىڭ تۇققان ئاناڭ، جانىڭ سېنىڭ،
بۆشۈگۈڭ - شۆھرەت، شەرەپ - شانىڭ سېنىڭ.
گەر چېلىش مەيدانىدا بولسا كېرەك،
كۈچ - قۇۋۋەت، يۈكسەك ئەقىل كانىڭ سېنىڭ.[5]



شائىر بۇ رۇبائىيدا ۋەتەننى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇق بولغان ئانىغا ئوخشاتقان. ئەگەر سەن جەڭ مەيدانىدا بولساڭ ۋەتىنىڭ ساڭا كۈچ - قۇۋۋەت، مەدەت ۋە ئەقىل بەرگۈچى پۈتمەس بايلىق ئىكەنلىكىنى يازسا، «ۋەتەنگە» ناملىق شېئىرىدا:

مىسالى ئوت ئىشقىدا كۆيدۈم، يەنە كۈيەي مەن،
ئاچ قوينۇڭنى، ۋەتىنىم، تۇپرىقىڭنى سۈيەي مەن.
سەبى، گۈدەك بالىدىم، مېھىر بىلەن ئۆستەردىڭ،
خەلقىڭ ئۈچۈن تەر تۆك دەپ بىلىگىمگە كۈچ بەردىڭ.
ئاڭلا، ئەزىز گۈل دىيار، سەندىن ئارتۇق ئانام يوق،
سەن سۈيەنگەن تايانچىم، سەندىن ئۆزگە پانام يوق.[6]

دېگەن مىسرالىرىدا ئانا ۋەتىنى، ئەزىز تۇپراقتىن بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

مۇھەممەتجان ياسىن 80 - يىلدىن بۇيان قىرغىزستاندا ياشاۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش ئۆزبەك، قازاق، قىرغىزلار ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئالغاندىن كېيىنكى ھاياتى، بولۇپمۇ قىرغىز خەلقىنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشى شائىرنىڭ قەلبىنى تەۋرەتمەي قويمىدى. ئۇ «قىرغىز دوستۇمغا»، «قېرىنداشلىق خىتابى»، «قېرىنداشقا»، «سۇسامىرغا بارغاندا»، «يايلاقتا»، «بەيگىدە»، «ئالاتاغ» قاتارلىق شېئىرلىرىدا قېرىنداش قىرغىز خەلقىگە بولغان سەممىي دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

«قىرغىز دوستۇمغا» شېئىرىدا:

قېرىنداش بىز، ئېملداش بىز، تۇققان بىز،
بىرىمىزنى ئۆزىمىزدەك ئۇققان بىز.
بىرىمىزنىڭ ھاياتىچۈن بىرىمىز،
گوياكى بىر يۈرەك بولۇپ سوققان بىز.

مۇھەممەتجان ياسىن 2000 - يىلدىن تارتىپ قىرغىزستاندا چىقىدىغان «ئىتتىپاق» گېزىتىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

مۇھەممەتجان ياسىننىڭ ئىجادىيىتى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدا باشلانغان. ئۇ دەرستىن تاشقىرى ۋاقىتلىرىدا ئۆمەر مۇھەممەدى، ھېزىم ئىسكەندەروۋ، ئەنۋەر ناسىرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت، ئىبراھىم تۇردى، تېيىپجان ئېلىيېۋلارنىڭ، قېرىنداش خەلقلەر ئەدەبىياتىدىن ئابدۇللا توقاي، مۇسا جەلىل، غاپۇر غۇلام، خەمىت ئالىمجانلارنىڭ ئەسەرلىرىنى زوق بىلەن ئوقۇپ ئۆگەنگەن. شائىرنىڭ تۇنجى ئىجادىيىتى 1964 - يىلى، «تارىم» ژۇرنالىدا يورۇق كۆرگەن «ئۈمىدا» ناملىق شېئىرىدىن باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى «ئىلى گېزىتى»، «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا يورۇق كۆردى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى «يېڭى ھايات»، «ۋىژدان ئاۋازى»، «يېڭى زامان»، «ئىتتىپاق» گېزىت سەھىپىلىرىدە داۋاملىق بېسىلىپ كەلمەكتە. 2001 - يىلى، يۈسۈپ بالاساغۇنى نامىدىكى قىرغىزستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرى ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ نەشىردىن چىققان (تۇزگۇچى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ) «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» دەرىسلىك - خرىستوماتىيە كىتاۋىدا مۇھەممەتجان ياسىننىڭ بىر توپ شېئىرلىرى بېرىلگەن. 2009 - يىلى، بىشكەك شەھىرىدە شائىرنىڭ «ۋەتەن مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشىردىن چىقتى. بۇ كىتاپتا مۇھەممەتجان ياسىننىڭ 200 دىن ئوشۇق شېئىر، مۇخەممەس، غەزەللىرى، 400 گە يېقىن رۇبائىيلىرى ۋە شېئىرىيەتكە دائىر ماقاللىرى بېرىلگەن.

بىز مۇھەممەتجان ياسىننىڭ شېئىرلىرىغا نەزەر سالساق ئىپادىلەنگەن تېمىلىرىنىڭ كەڭلىكىنى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىقىنى ھىس قىلماي تۇرالمايمىز. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئانا - ۋەتەن، ئەزىز - تۇپراق، دوستلۇق ۋە مۇھەببەت تېمىلىرىغا بېغىشلانغان.



ۋەتەن مەڭگۈلۈك تېما. ۋەتەن ھەققىدە ئەسەرلەرنى يازغان شائىرلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. لېكىن مۇھەممەتجان ياسىن بۇ تېمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يورۇتۇپ بەرگەن شائىردۇر. شائىرنىڭ ۋەتەن تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدىن «ۋەتەنگە»، «سايرام بويىدىن ئۆتكەندە»، «ئىلى ئىلھامى»، «غۇلجا»، «ئانا يۇرت مېھرى»، «مېنىڭ سۆيگۈنۈم»، «ۋەتەن ئىشقى»، «ۋەتىنىم»، «تەغدىر»، «ۋەتەن قىياسى»، «ۋەتەن ئىشقى دەردىدىن» قاتارلىقلار بار.

دوستلىرىم، قايسى ۋاقىت بۇلبۇل قانار شەيداسىغا،
تاڭ كۈلۈپ باقار كۈرەش سۆيگەن چىۋەر بەرناسىغا.
يار بولۇپ ئۆتكەي ھامان كۈلكە كۈچار رەناسىغا،
بۇغدا ھەم قوشقاي قاچان دىل سۆيگۈسىن زوھراسىغا.
ئېي، ۋەتەن ئىشقىڭ بىلەن ياندى كۆڭۈل، يانماقتا تەن.[2]

شائىر «ۋەتەن ئىشقى» ناملىق بۇ مۇخەممەسىدە ماخمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوخشاش ئالىملىرىمىزنىڭ پەن دۇنياسىدا ۋەتەننى تاغ كەبى كۆتەرگەنلىكىنى، ئىپارخان، نازۇگۇم، سادىر، لوتۇن ئوخشاش قىز - ئوغۇللىرىنىڭ ۋەتەن يولىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىنى يېزىپ ئۆزىنىڭمۇ شۇلار قاتارىدا ۋەتەن ئىشقىدا پۈتۈن تېنىنىڭ ئوت بولۇپ يېنىۋاتقىنىنى تەسۋىرلەيدۇ. «ۋەتىنىم» دېگەن شېئىرىدا:

ئېخ، ۋەتەن، ئۇلۇقسەن، بۈيۈكسەن،
مەڭگۈگە ئىشقىڭمۇ مەن بىلەن.
بەختىم يوق مېنىڭمۇ سېنىڭسىز،
ھاياتىم، جېنىممۇ سەن بىلەن!

چۈشەرمەي تىلىمدىن تائەبەت،
كۈيلەيمەن ئۆمۈر بوي شانىڭنى،

3. خەيرىنىسا تۇردى. مەن ئانا // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 272 ـ بەت.

4. خەيرىنىسا تۇردى. تۇرارمۇ چاقناپ // ئانىنىڭ قەلبىدە ئاللەمچە سۆيگۈ. ـ بىشكەك، 2001، 9 ـ بەت.

5. خەيرىنىسا تۇردى. جۇدالىق // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 274 ـ بەت.

6. خەيرىنىسا تۇردى. سالام غۇلجا. ئانىنىڭ قەلبىدە ئاللەمچە سۆيگۈ. 34 ـ بەت.

7. خەيرىنىسا تۇردى. سالام غۇلجا. ئانىنىڭ قەلبىدە ئاللەمچە سۆيگۈ. 34 ـ بەت.

8. خەيرىنىسا تۇردى. قەشقەر // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 273 ـ بەت.

9. خەيرىنىسا تۇردى. ئوغلۇمغا // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 271 ـ بەت.

10. خەيرىنىسا تۇردى. قىرغىزستان. ئانىنىڭ قەلبىدە ئاللەمچە سۆيگۈ. 23 ـ بەت.

11. خەيرىنىسا تۇردى. قىز قەلبى. ئانىنىڭ قەلبىدە ئاللەمچە سۆيگۈ. 74 ـ بەت.

12. خەيرىنىسا تۇردى. ئۇرمان. ئانىنىڭ قەلبىدە ئاللەمچە سۆيگۈ. 61 ـ بەت.

13. خەيرىنىسا تۇردى. ئايگۈلنىڭ سۆيگۈسى. ئانىنىڭ قەلبىدە ئاللەمچە سۆيگۈ. 98 ـ بەت.

14. خەيرىنىسا تۇردى. پوچتا ساندۇغى // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 276 ـ بەت.

15. خەيرىنىسا تۇردى. تەگرى تاغدىن سۆزلەيمەن. ئانىنىڭ قەلبىدە ئاللەمچە سۆيگۈ. 58 ـ بەت.



## ۋەتەن ئىشقى ـ شائىرنىڭ قەلبىدۇر

مۇھەممەتجان ياسىن (بۇغدا) قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سالماقلىق ھەسسىنى قوشۇپ كېلىۋاتقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى.

بولغۇسى شائىر 1945 ـ يىلى، 5 ـ ماي كۈنى ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى مۇھەببىتىدىن ئۆزىگە «بۇغدا» تەخەللۇسىنى ئالغان. ئۇ، بۇ توغرىسىدا «ئۆزەم ھەققىدە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

ـ نېمە ئېدى «بۇغدا» دېگىنىڭ
ئېيتىڭ ئۇنداق ئەمەستى سىنىڭ.
ـ ۋەتىنىمنىڭ سىمۋولىدۇر،
ۋە يۇرەكتە ئۇرغىغان قېنىم.
تەختىمدۇر ئۇ، بەختىم ئىشەنگىن،
ياكى ئۇنى مۇنداق چۈشەنگىن،
شان ـ شۆھرىتىم، ھاياتىم، جېنىم![1]

مۇھەممەتجان ياسىن ئۈرۈمچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ئىككىنچى دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ 1962 ـ يىلى، ئوقۇشنى تاماملاپ ئىلى ۋىلايىتىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ مۇئەللىملىك قىلىۋاتقاندا خىتايدا بەتنام «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ كېتىپ، بۇ مۇدھىش ھەرىكەتنىڭ تەقىبىگە ئۇچرىغان شائىر 1969 ـ يىلى، بىر توپ سەپداشلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىقىپ، پانا تاپىدۇ. ئۇ دەسلەپ قازاقىستانىنىڭ كۆكچېتاۋ ۋىلايىتىدە، كېيىن ئالمۇتا ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىدە، 1985 ـ يىلى، قىرغىزستانغا كۆچۈپ كېلىپ قارا ـ بالتا شەھىرىدە ياشماقتا. شائىر

كۆنلەش ئۇخشاش خاراكتېرى بار. يولدىشى مۇرات ئىشتىن كېچىكىپ كەلگەن ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭغا گۆھەر ئىسىملىق ئايال بىلەن يۈردى, دەپ يالا چاپلايدۇ. ھېكايىدە مۇرات بىلەن سارەمنىڭ تۇرمۇش قۇرغان كۈنىگە ئۆيگە مېھمانلارنى چاقىرغاندا يولدىشى مۇرات ئىشتىن قايتىپ ئايالىغا سوغات ئالىمەن دەپ دۇكان ئارىلاپ كېچىكىپ كېلىدۇ. قېرىشقاندەك مېھمانغا چاقىرغان گۆھەرمۇ كېچىكىپ مۇرات بىلەن تەڭ دېگۈندەك ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ. شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ سارەم مېھمانلارنىڭ ئالدىدا مۇراتنى گۆھەردىن گۇمانلاپ، جېدەل چىقىرىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىشتىن بىزار بولغان مۇرات ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە ئائىلە - تۇرمۇش قۇرغان ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ چېك بولىشىنى، شۇ چاغدىلا تۇرمۇشلىرىنىڭ خوشال - خورام، بەختلىك ئۆتۈشىنى تەكىتلەپ يازىدۇ.

يازغۇچىنىڭ «ئايگۈلنىڭ سۆيگۈسى»[13] ، «پوچتا ساندۇغى»[14] ۋە باشقا ھېكايىلىرى مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلاپ يېزىلغان. ئۇ ھېكايىلىرىدە مۇھەببەتكە ۋاپاسىزلىق قىلىشى نەتىجىسىدە ئائىلە - تۇرمۇشلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقلىرىنى تەسۋىرلەپ يازىدۇ.

- خەيرىنىسا تۇردى قىرغىزستان دۆلەت تېلېۋىدېنىيە - رادىئو كورپوراتسىيەسىدە ئون يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىشلەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تالانتلىق ژۇرنالىست ئىكەنلىگىنى نامايان قىلدى. ئۇ «تەڭرىتاغ ساداسى» ئاڭلىتىشىدا خەلقىمىزنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە، شۇنداقلا، ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن يېڭىلىقلار، «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە باشقا تېمىلاردا دائىملىق ماتېرىياللارنى بېرىپ كەلدى.

سۆزلەيمەن تەڭرىتاغ سادالىرىدىن،
چاچىمەن خەلقىم قەلبىگە گۈلدەستە.

...

تارىخنىڭ سىرىنى ئېچىپ بىرمۇ بىر،
چېكەرمەن خەلقىمنىڭ قەلبىگە كەشتە.[15]



دەپ، «تەڭرى تاغدىن سۆزلەيمەن» ناملىق شېئىرىدا يازغىنىدەك «تەڭرىتاغ ساداسى» ئاڭلىتىش پروگراممىسى ئارقىلىق نەچچە مىڭلىغان رادىئو ئاڭلىغۇچىلىرىغا خەلقئارالىق ۋەزىيەت، مىللىتىمىزنىڭ تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن خەۋەر بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا رادىئودا بېرىلىدىغان ناخشا - مۇزىكىلار رادىئو تىڭشىغۇچىلارنىڭ دىللىرىغا ئارام بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىڭلىغان كىشىلەر ھەر دۈشەنبە كۈنى ئۆيلىرىدە تاقەتسىزلىق بىلەن «تەڭرىتاغ ساداسى»نىڭ ئاڭلىتىشىنى كۈتىشىدۇ.

خەيرىنىسا تۇردى ئۆزىنىڭ تىنىمسىز ئەمگىگى، تىرىشچانلىغى بىلەن خىزمىتىدە كۆرسەتكەن پائالىيەتلىرىنى ژۇقىرى باھالىغان قىرغىزستان دۆلەت تېلېۋىدېنىيە - رادىئو كورپوراتسىياسى مەمۇرىيىتى ئۇنى بىر نەچچە قېتىم «مېقتا ژۇرنالىست» ناملىق مېدال ۋە ھۆرمەت گراموتلىرى بىلەن مۇكاپاتلىدى. شۇنداقلا قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ۋە قىرغىزستان خەلقلىرى ئاسسامبلېيەسىنىڭ ھۆرمەت گراموتلىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان. خەيرىنىسا تۇردى 1980 - يىلى، بىشكەكتە قۇرۇلغان «سادا» ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سېكسىيەسىگە ئاكتىۋ قاتنىشىپ، ئاياللار بۆلۈمىنى باشقۇرغان. 1990 - يىلى، ئوكتەبر رايونلۇق كېڭەشنىڭ دېپۇتاتى بولغان. دېپۇتاتلىق خىزمىتى بىلەن خەيرىنىسا تۆكۈلتاش مەھەللىسىنىڭ ئارمېيسكايا ۋە لىتوۋسكايا كوچىلىرىنى ئاسفالت قىلدۇرغان. تۆكۈلتاش ئاق مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، مەھەللىدە سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن رۇخسەت ئېلىشىغا ياردەم قىلغان. ئۇ، 1995 - يىلى قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى، قىرغىزستان ئاياللىرى بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى. 2004 - يىلدىن 2008 - يىللىغىچە قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ئاياللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

---

1. خەيرىنىسا تۇردى. جان سىرىم(قىرغىز تىلىدا). - بىشكەك، 1997.
2. خەيرىنىسا تۇردى. ئانىنىڭ قەلبىدە ئالەمچە سۆيگۈ. - بىشكەك، 2001.

خەيرىنىسا تۇردى «قەشقەر» ناملىق شېئىرىدا ئۇيغۇرنىڭ قەدىمىي ماكانى قەشقەرگە بارغاندىكى خۇشاللىق ھىس-تۇيغۇلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىزھار قىلىدۇ:

ھېسلىرىم ئۇچاردى باغرىڭغا كەلدىم،
شاتلىقىم جىلۋىسى ئوينايدۇ كۆكتە.
قەشقەرىم ساڭىدۇر ئىخلاسىم ئىشقىم،
خۇشاللىق ياشلىرىم پارلار كىرپىكتە.[8]

شائىرە «ئوغلۇمغا» ناملىق شېئىرىدا:

سېنىڭدىن كۈتەر ئارمىنىم بىرلا،
ئانىلىق سۈتۈمنى ئاقلىساڭ، بەختىم.
ۋەتەن خەلقىڭگە كېرەك ئادەم بوپ،
خىزمىتىن قىلساڭ شۇندۇر تاج-تەختىم.[9]

دەپ، كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا ئۆز ۋەتىنىنى ئەزىزلەپ-سۆيۈشنى، ۋەتەن خەلقى ئۈچۈن چىن دىلىدىن خىزمەت قىلغاندىلا ئانا سۈتىنى ئاقلايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ يازىدۇ. خەيرىنىسا تۇردىنىڭ «سەن بولمىساڭ»، «يەرگە قارىماي»، «مەخسەت»، «ئانا تۇپراق»، «جۇدالىق»، «ئاق چېچەك»، «قەشقەرىم»، «سالام غۇلجا»، «ئۇيغۇر قىزىمەن» ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرى چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، دوستلۇق، مېھرى-مۇھەببەت توغرىسىدا يېزىلغان.
بۈگۈنكى كۈندە چەت مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىككى ۋەتىنى مەۋجۇت. بىرىنچىسى، قەدىمدىن تارتىپ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرىستان بولسا، ئىككىنچىسى، ھازىر ياشاۋاتقان ماكان. خەيرىنىسا تۇردى ئىككىنچى ۋەتىنى قىرغىزستانغا بېغىشلاپ



«قىرغىزستان»، «ئىسسىق-كۆل» ناملىق شېئىرلىرىنى يازغان. ئۇ «قىرغىزستان» شېئىرىدا:

سۆيۈپ قالدىم قىرغىزستان مەن سېنى،
سۆيۈپ قالدىم مېھرى دەريا خەلقىڭنى.
تازىم قىلىپ تاغلىرىڭغا قار ياققان،
مەنمۇ تۆكتۈم ساڭا ماڭلاي تەرىمنى.[10]

دەپ، قىرغىزستاننىڭ گۈزەل مەنزىلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاتا ماكانى قەشقەرنى ئەسلەيدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ دوستلۇقتا بىللە ياشاۋاتقان قىرغىز خەلقىگە ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
خەيرىنىسا تۇردى ئاساسەن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، نەسرى ژانىرلاردىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ كەلدى. ئۇ «گۇمان»، «بىر چىمدىم تۇپا»، «كۆڭۈل دېگەن...»، «دوستۇمنىڭ مېھرى»، «قىز قەلبى»، «ھەيران بولدۇم، ياقامنى تۇتتۇم»، «مېنىڭ ئاكام»، «بىر توپ سىرېن گۈل»، «دىلنۇرنىڭ ئانىسى»، «بىر پارچە خەت»، «پوچتا ساندۇغى»، «ئايگۈلنىڭ سۆيگۈسى»، قاتارلىق ھېكايىلارنى يازغان.
ئەدىب «قىز قەلبى»[11] ناملىق ھېكايىسىدا ئانارگۈل بىلەن ئالىمجان ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئالىمجان ئارمىيەگە ماڭغاندا خوشنىسىنىڭ قىزى ئانارگۈل ئۇنىڭغا ھەمرا بولسۇن دەپ، تۆرت تال توغاچنى ياغلىققا ئوراپ بېرىدۇ. ئالىمجان ئارمىيەدىن قايتىدىغان مەزگىللىرىدە ئانارگۈل ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ. ئۇ خىتىدە ئالىمجاننى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.
خەيرىنىسا تۇردىنىڭ «گۇمان»[12] ناملىق ھېكايىسىدا سارەم بىلەن مۇراتلار تۇرمۇش قۇرۇپ بىر نەچچە يىل ياشايدۇ. ھېكايىدىكى مۇرات ئوبرىزى ئاق كۆڭۈل، ئۆز ئايالىنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىت سۈپىتىدە بېرىلگەن. ئەندى سارەم بولسا، مۇراتنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئېرىنى

خەيرىنىسانىڭ شېئىرلىرىدا ئانىلىق مېھرى-مۇھەببەت، ۋەتەن سۆيگۈسى، ھايات كۆرۈنۈشلىرى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرى يارقىن ئىپادىلەنگەن.

ئانا، دېگەن بۇ قىسقا ئۈچ ھەرپلىك سۆز ناھايىتى چوڭقۇر مەناغا ئىگە. ئانا بۇ ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئەزىز، ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ ھۆرمەتلىك، دۇنياغا تەڭدىشى يوق ئىنساندۇر. مانا شۇ ئانىنى خەيرىنىسا تۇردى ئۆزىنىڭ كۆپ شېئىرلىرىدا ئالاھىدە مەدھىيىلەپ يازىدۇ. مەسىلەن، «مەن ئانا» شېئىرىدا:

مەن ئانا، گوياكى چېقىلغان چاقماق،
يۈركەنگەن يۈرىكىم قۇياش نۇرىغا.
مەن ئانا، مەن شائىر تىنچلىق ئىستەيمەن،
ئۈنچىدەك تىزىلغان شېئىر مەن قورغا.[3]

دەپ، تولۇپ تاشقان ئانا مېھرىنى ئىزھار قىلىدۇ. «تۇزارمۇ چاقناپ» شېئىرىدا:

جۇدالىق يىپى باغلىنىپ يەنە.
ئانامنى ئەسلەيمەن مەندە نە چارە.
كۆرگەندە چۈشۈمدە ئانامنى يەنە.
ھەسرەتتە بولىدۇ يۈرىكىم پارە.[4]

دەپ، ئايرىلىش سەۋەبىدىن ئانىنى دائىم ئەسلەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئانىنى چۈشىدە كۆرسە يۈرىكىنىڭ پارە-پارە بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سەۋەبى ئانا ھايات چېغىدا ئۇنىڭ ئۇسسۇلىغا بىر يۇتۇم سۇ بېرەلمىگەنلىكىگە ئۆكۈنۈپ يازىدۇ.



خەيرىنىسا تۇردى ئانا ھەققىدە «سۆرەت»، «ئانا»، «ئانامنى ئەسلەپ»، «تۇزارمۇ چاقناپ»، «مەڭگۈ ئەسلەيمەن»، «ئانىمەن، ئانا»، «مەن ئانا» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغان.

شائىرە ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ۋەتىنىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. جۇدالىق، سېغىنىش ئوتىدا كۆيۈپ، ئاخىرى ۋەتەن تۇپرىقىدا باش ئېگىپ تۆككەن ياشلىرىنى «جۇدالىق» ناملىق شېئىرىدا تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلەيدۇ.

ئانام قالغان ئانا ۋەتەنگە بېرىپ،
قەبرىگە تاۋاپ قىپ ئېگىلدى بېشىم.
تۇيۇقسىز گاڭگىراپ، بولغاندەك مېيىپ،
تۇپراققا يامغۇردەك تۆكۈلدى يېشىم.[5]

ئۇ «سالام غۇلجا» ناملىق شېئىرىدا:

«سالام!» دەپ كىرىپ كەلسەم كەڭ قوينۇڭغا،
«كەلگىن» دەپ تەڭرى تېغىم قوبۇل قىلدى.
تارىلىپ بۇلۇتلىرى، قۇياش پارلاپ،
خۇشچىراي كەڭ باغرىغا بېسىپ ئالدى.[6]

دەپ، ئانا ۋەتىنىگە قەدەم قويۇش بىلەن قۇياشنىڭ پارلاپ خۇش چىراي قارشى ئالغانلىقىنى تەسۋىرلەپ شېئىرنى مۇنداق تاماملايدۇ:

سۆيىمەن سېنى غۇلجا قۇچاق ئېچىپ،
سۆيىمەن ئوت باغرىمنى يەرگە يېقىپ.
كۈيلەيمەن ئەزىز ۋەتەن ھەر تېشىنى،
ئۈمۈتتە ئىستىقلالنىڭ يولىنى ئېچىپ.[7]

# ئانىلار قەلبىنى مەدھىيلەپ

خەيرىنىسا تۇردى 1944 - يىلى، 15 - ئاۋغۇست كۈنى، ئۇيغۇرىستانىنىڭ چۆچەك شەھرىدە، ئۆلۈما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى ئىسمائىل داموللام ئۇيغۇر، ئەرەپ تىللىرىنى ياخشى بىلگەنلىگى سەۋەبلىك، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ماخمۇت قەشقەرىينىڭ "تۈركى تىللار دىۋانى" ناملىق ئەسەرىنى 1946 - يىلى، ئەرەپچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئىسمائىل داموللام ئۇيغۇر ۋە شەرق ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئەلىشىر ناۋائىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان ۋە ئۆزىمۇ غەزەللەرنى يازغان. ئاتىسىنىڭ تەسىرى ئۆز قىزىغا ياشلىقىدىن ئۆتكەن.

خەيرىنىسا 12 ياشقا كىرگەندە ئىسمائىل داموللام قازا بولۇپ، 9 پەرزەنتنى ئۆستۈرۈش مېھرىبان ئانىغا قالدۇ. ئانا 6 پەرزەندىنى ئالىي، 3 پەرزەندىنى ئورتا مەلۇماتلىق قىلىپ يېتىشتۈردى.

بالىلىق دەۋرىدىنلا ئىدرەكلىك، پاراسەتلىك بولۇپ ئۆسكەن خەيرىنىسا ئائىلىسىنىڭ ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ كېلىشى، ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ چوڭقۇرلىششقا ئېلىپ كېلىدۇ. خەيرىنىسا ئۇرۇمچىدە ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىگە ئوقۇشقا چۈشۈپ، ئۇنى 1961 - يىلى تۈگىتىپ، مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەيدۇ.

خەيرىنىسا ئائىلىسى 1962 - يىلى ماي ئېيىدا سابىق كېڭەش ئېلىگە كۆچۈپ چىقىپ، قازاقىستانىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا، كېيىن قىرغىزىستانىنىڭ فرۇنزې (هازىرقى بىشكەك) شەھرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ.

تۇغۇلغان ئانا ۋەتىنىدىن تۇيۇقسىز قاڭقىپ كەتكەن ئىنسانىنىڭ ئۆزگە يۇرتقا سىڭىپ كەتمەكلىگى بەك مۈشكۈلدۇر. ياش ئانا 20 يىلدىن ئوشۇق پايپاق فابرىكىسىدا ئەمگەك قىلدى. 1993 - يىلدىن 2010 - يىلىغىچە قىرغىزىستان دۆلەت تېلېۋىدېنىي - رادىئو كورپوراتسىيە ئۇيغۇرچە



ئاڭلىتىش رېداكسىيەسىدە دەسلەپ مۇھەررىر، كېيىن كومپېنتاتورلۇق خىزمىتىنى ئاتقۇردى.

خەيرىنىسا تۇردى 2016 - يىلى، 27 - نويابىر كۈنى بىشكەك شەھرىدە ۋاپات بولدى.

خەيرىنىسانىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 70 - يىللىردىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ «شاپتۇل چېچىگى»ناملىق تۇنجا شېئىرى 1971 - يىلى «يېڭى هايات» گېزىتىدە يورۇق كۆرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى هايات»، «ئىتتىپاق»، «ۋىجدان ئاۋازى»، «ئارزۇ»، «پەرۋاز»قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە بېسىلىپ تۇرغان.

كېيىنكى يىللاردا خەيرىنىسانىڭ شېئىرلىرىنى قىرغىزستاندىكى گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىق قىرغىز ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇپ بىلىشكە سازاۋەر بولدى. 1994 - يىلى، قىرغىز تىلىدا چىققان «ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتايۇرت» ناملىق توپلامدا خەيرىنىسانىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بېرىلگەن. 1997 - يىلى قىرغىز شائىرى مارخاباي ئائاماتوۋنىڭ تەرجىمىسى بىلەن «جان سىرىم»[1] ناملىق شېئىرلار توپلىمى قىرغىز تىلىدا نەشىردىن چىقتى.

2001 - يىلى، يۇسۇپ بالاساغۇني نامىدىكى قىرغىزستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرىنىڭ ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ نەشىردىن چىققان (تۈزگۈچى ئەكبەرجان باۋدۇنوۋ) «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» دەرىسلىك - خرىستوماتىيە كىتاۋىدا خەيرىنىسا تۇردىنىڭ بىر توپ شېئىرلىرى بىلەن «قىز قەلبى»، «پوچتا ساندۇغى» ناملىق هېكايىلىرى بېرىلگەن.

2001 - يىلى، خەيرىنىسا تۇردىنىڭ «ئانىنىڭ قەلبىدە ئالەمچە سۆيگۈ»[2] ناملىق توپلىمى ئۇيغۇر تىلىدا يورۇق كۆردى. بۇ توپلامدا شائىرەنىڭ شېئىر، هېكايە ۋە ئەسلىمىلىرى بېرىلگەن.

پاجىئەسى»، «غەرەزلىك ئەيىپلەش»، «سۇ كەلتۈرگەن خارۇ-زار، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز»، «سەۋەپ قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ»، «ئېتىقاد»، «قازاقستان ئۇيغۇر مائارىپى - تىرىلىش ئوچىغى»، «دەسمايەڭ بولمىسا، قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئىچىدىمۇ ئېتىبارسىزسەن»، «زامان ۋە ۋەزىيەت بىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ»، «قىرغىزستان ئۇيغۇر مائارىپىغا بىر نەزەر»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى قانداق بولۇشى كېرەك؟» ۋە باشقا ئۇيغۇرستان ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي - سەياسىي ماقالىلارنى يازغان.

مۇزەپپەرخان قۇربان ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدۇ، «ئىشتىياق» ۋە «ۋىژدان ئاۋازى» گېزىت سەھىپىلىرىدىكى ماقالىلارنى رۇس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇيغۇر تىلىدىن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ھاياتىنى ۋەتەن ھەسرىتى بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان، ئاق كۆڭۈل ئىنساندۇر.

---

1. مۇزەپپەرخان قۇربان. ئادەم// قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. - بىشكەك، 2001، 219 - بەت.

2. Музапархан Курбанов. Впереди только радость(Стихи). –Бишкек, Айат, 2010. -96 с.

3. مۇزەپپەرخان قۇربان. ئانامغا // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. - بىشكەك، 2001، 203 - بەت.

4. مۇزەپپەرخان قۇربان. سىرلىق ھايات // دەقىقىلەر(شېئىرلار توپلىمى). - ئالمۇتا، 1984، 46 - بەت.

5. مۇزەپپەرخان قۇربان. ھۆرمەت // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. - بىشكەك، 2001، 207 - بەت.



6. مۇزەپپەرخان قۇربان. مەجنۇن تال // دەقىقىلەر(شېئىرلار توپلىمى)، - ئالمۇتا، 1984، 136 - بەت.

7. مۇزەپپەرخان قۇربان. ۋەتەن // باھار ناخشىلىرى(شېئىرلار توپلىمى). - ئالمۇتا، 1984، 45 - بەت.

8. مۇزەپپەرخان قۇربان. ئەركە بالا // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. - بىشكەك، 2001، 221 - 242 - بەتلەر.

9. مۇزەپپەرخان قۇربان. ئۆتنە ئالەم (قول يازما). - بىشكەك، 2021

ئەدىبنىڭ «ھەقىقەت»، «ياشايمەن»، «سوغا»، «رەنجىتمە»، «ئايالىلارغا»، «مەجنۇن تال»، «ئىلھام كەلگەندە»، «سايرا ئىچىلىپ»، «ئاي»، «ئادەم» ۋە باشقا شېئىرلىرى چوڭقۇر پەلسەپىلىك ئوي-پىكىرلەر بىلەن سۇغۇرۇلغان.

مۇزەپپەرخان قۇربان شېئىر يېزىشتىن باشقا ئەدەبىياتنىڭ پىيەسە ژانىرىدىمۇ قەلەم تەۋرەتكەن. ئۇ «بۆلۈنگەن يۈرەك»، «ئەركە بالا» قاتارلىق پىيېسالارنى يازغان.

مۇزەپپەرخان قۇربانىنىڭ «ئەركە بالا»[8] ناملىق پىيېسىسىدا قاسىم بىلەن پاتەمنىڭ يالغۇز بىر بالىسى بولىدۇ. ئۇنى ھەددىدىن تاشقىرى ئەتىۋارلاپ، ئەركىلىتىپ ئۆستۈرىدۇ. ئاخىرىدا بالا تەربىيەسىز بولۇپ ئۆسىدۇ ۋە ئۆزىگە ئوخشاش باللارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يامان يولغا ماڭىدۇ. ئەھۋالنى ئاتا - ئانىسى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئەقىللىق ھېساپلاپ، ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى كىچىكلىك دەپ بىلىدۇ. نەتىجىدە، بالىسى ئاتا - ئانىسىغا ناھايىتى قوپال مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ھەتتا ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى تارتىۋېلىپ سېتىۋېتىدۇ. ئاخىرى كەيپچىلىكتە ئۇقۇشماي كېچىسى ئىشتىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئانىسىغا بىر توپ يولداشلىرى بىلەن زورلۇق قىلىدۇ ۋە ئانىسىنىڭ شۇ جىنايەتتىن كېيىن ئۆلۈشىگە سەۋەپ بولىدۇ. ئەدىب بۇ پىيېسىسىدا بۈگۈنكى كۈندە ياشلارنى ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

مۇزەپپەرخان قۇربانىنىڭ «ئۆتىنە ئالەم»[9] ناملىق ئىككى پەردە، ئون كۆرۈنۈشلۈك دىرامىسى، بۈگۈنكى دەۋر تېمىسىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغان سەھنە ئەسەردۇر.

مەزكۇر دراما، تۇرمىدىن بوشۇنۇپ چىقىپ، شەھەرنىڭ ستراھەت باغلىرىنىڭ بىرىدە، بەلدىڭسىمان ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ، خۇرسىنىش بىلەن تاماكا چېكىپ ئولتارغان، تىببىي پەنلىرىنىڭ نامزىتى، خىرۇرگ ئانايەتنىڭ مويسۇپەت بىر بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۇزەشتلىرىنى سۆزلەپ بېرىش بىلەن باشلىنىدۇ.



درامىدا ئاۋتور بىر يېزىداش ئىككى ئاغىنىنىڭ بىرى ئانايەتنىڭ كۆرۈنەرلىك دوختۇرلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى، يەنە بىرىسى چەت ئەلدىن تووار يۆتكەپ تىجارەت قىلىش بىلەن ئۇنۇم تاپقان، ھېلىگەر باقامنىڭ نەتىجىدە ئۆزىنىڭ ئايالى ھېنىپەمنى ئۈچ بالىسى بىلەن تاشلاپ، باللىق دەۋرىدىن بىللە ئۆسكەن يېزىداش ئاغىنىسى، ئاق كۆڭۈل ئانايەتنىڭ ئائىلىسىگە قول سېلىپ، ئۇنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پاجىئەلىك ۋەيران بولۇشىغا سەۋەپ بولغانلىقىنى، ئاخىرى باقامنىڭ خائىنلىقتا ئۆتۈپ، چەت ئەل رازۋېتكىسىغا باغلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئايالىرى : سادىدە مىجەز مېھرىگۈل، يېنىك تەبىئەتلىك ھېنىپەم، مويسۇپەت بوۋاي،ئۇنىڭ نەۋرىسى ئالىم، دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ خادىمى سەيدۇللايۋلارنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، چىن دوستىنى ساتقان، نىيىتى بۇزۇق، ناچار ئادەملەرنىڭ توغرا كەلسە ۋەتىنىنىمۇ ساتىدىغانلىقىنى ۋە خائىنىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نەقەدەر دەھشەتلىك تۈگەيدىغانلىقىنى تەسىرلىك نامايەن قىلىدۇ. يەنە ئاۋتور يامانلىق قىلغان ئادەمگە، يامانلىقنىڭ ئاخىرى ئۆزىگە قايتىدىغانلىقىنى، يۇقۇرىقى پېرسوناژلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى، مويسۇپەت بوۋاينىڭ ئەقىلانە گەپلىرى ۋە مونولوگى ئارقىلىق مۇجەسسەملەپ كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر درامىنىڭ شېئىرىيەت، سەنئەت ۋە كومېدىيەگە مايىل قىسىملىرىمۇ ناھايىتى ئىخچاملىق بىلەن، قىزىقارلىق بېرىلگەن بولۇپ، ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلىپ قىلىدۇ.

مۇزەپپەرخان قۇربان ئۆز كەسپى بويىچە ژۇرنالىست، ئۇ «ئىتتىپاق»، «ۋىژدان ئاۋازى» گېزىتلىرىدە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تالانتلىق ژۇرنالىست ئېكەنلىگىنى نامايان قىلدى. ئۇ ياش ئەۋلاتلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيەلەش مەخسىتىدە نۇرغۇن پۇبلىتسىستىك ماقالىلارنى گېزىت سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلدى. ئەدىب: «بىز يالغۇز ئەمەس»، «ۋەزىيەت تەلىۋىگە جاۋاپ»، «سىرلىق سۆھبەت»، «ۋەتەن تەغدىرى زامان سەھنىسىدە»، «تۈركىستان

دەپ، ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ھەر تۈرلۈك بولۇشىنى، بىرلىرىگە شاتلىق بەخت ئاتا قىلسا، بەزىلىرىنى ھىجران ئوتىدا كۆيدۈرۈشىنى تەسۋىرلەيدۇ.

مۇزەپپەرخان قۇربان شېئىرلىرىنى كۆپىنچە ئۇيغۇرىستاننىڭ تەغدىرىگە، ئۇنىڭ ئازاتلىقىغا بېغىشلايدۇ. بولۇپمۇ، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەت مەملىكەتلەردە يۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى تەغدىرى، ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەر ئالدىدىكى ئىززەت-ئابرويى ھەققىدە ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى دادىل قويىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ «ھۆرمەت» ناملىق شېئىرىدا ئىنساننىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى نېمىگە باغلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بەزى كىشىلەر «ھۆرمەتنى» پۇل بىلەن ياكى ئابروي بىلەن ئېلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىسا، شائىر:

ۋەتەن !
ئۇنىڭسىز ھېچ كىم، ھېچ قاچان،
ھۆرمەتنى بىل، ئەمەس ساقلىغان.
ۋەتەن-ھەقىقىي ھۆرمەتنىڭ، جېنىڭ،
ۋەتەن ئۈچۈن باش قويۇپ، پۈككىن تىز،
ۋەتىنىڭ بولسا، ھۆرمىتىڭمۇ بار،
ئەتىكى كۈنگە قالدۇرسەن ئىز.[5]

شائىر بۇ شېئىرىدا : ۋەتەن ھەممىدىن ئۇلۇقتۇر، ئۇنىڭسىز ھېچ كىم ئەمەس سەن. ھۆرمەتنى پەقەت ئۆز ۋەتىنىڭدە تاپىسەن ۋە ئەتىكى كۈنگە قالدۇرالايسەن ئىز، - دەپ ۋەتەننىڭ نە قەدەر ئۇلۇقلىغىنى مەدھىلەيدۇ.

مۇزەپپەرخان قۇرباننىڭ «مەجنۇن تال» ناملىق شېئىرى ۋەتەن ماۋزۇسىغا يېزىلغان. ئۇ مەجنۇن تال ئارقىلىق، ئۇنىڭ سۆيگۈسى لەيلىنى ۋەتەنگە ئوخشىتىپ كۆرسەتكەن.



ئاشىغىم لەيلى - تۇغۇلغان يەر دەپ،
تىل قاتتى مەجنۇن تال ماڭا شۇ ئان.
ئەزەلدىن ئىسسىق - سوغنى بۆلۈشۈپ،
ئۇنى سۆيۈشكە، بىل، مەن يارالغان.

موشۇ يەردىلا تاپتىم بەختىمنى،
يىلتىزىم ئاڭا چىرمىشىپ كەتكەن.
بەختىڭگە ئاخىر ئادەملەرمۇ شۇ،
يەتسە، تۇغۇلغان يۇرتىدا يەتكەن.[6]

بۇ شېئىرىدا شائىر ئىنسانلارنى ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشكە، قەدىرلەشكە ۋە ھۆرمەتلەشكە چاقىرىدۇ. شۇنداقلا، ئىنسانلارنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەپ، پەقەت ۋەتىنىدىلا ئادەملەر ئۆز بەختىنى تېپىپ، پاراۋەن ھايات كەچۈرىدىغانلىغىنى يازىدۇ.

مۇزەپپەرخان قۇربان ئۇيغۇرىستاندىن كىچىك ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئامما ئۆز ۋەتىنىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى «ۋەتەن» ناملىق شېئىرىدا روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

گۆزەلسەن ھەجەپ، مېنىڭ ۋەتىنىم،
بۈيۈك تاغلىرىڭ، بوستان- باغلىرىڭ.
باھاردىن، گۈلدىن ئەسلا ئايرىلماس،
قەلبىمدە مېھرىڭ، ئۇلۇغۋارلىغىڭ.

قوينۇڭدا ئالغان ھەر بىر نەپەستە،
گويا ئۆمۈرلۈك بەختىم سېزىمەن.
تويماستىن ئەسلا نۇرلۇق ھۆسنۈڭگە،
ۋادىلىرىڭنى سۆيۈپ كېزىمەن.[7]

1988 ـ 1992 ـ يىللىرى ئالمۇتىدا چىققان رېسپۇبلىكىلار ئارا «كوممۇنىزىم تۇغى» (هازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى هايات» گېزىتلىرىنىڭ قىرغىزستاندىكى مەخسۇس مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

يەنە شۇ يىللىرى سىياسىتىنىڭ ئۆزگۈرۈپ، دېموكراتىيە شامالىلىرىنىڭ سوقۇشى بىلەن پەيتنى ئەۋزەل كۆرگەن مۇزەپپەرخان قۇربان ئۆز ئەتراپىغا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ۋە بىلىملىك ياشلارنى توپلاپ، كۆپچىلىكنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن 1989 ـ يىلى، 17 ـ دېكابىر كۈنى قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلدى. 1994 ـ يىلى، 25 ـ مارتتا ئۇنىڭ باسما ئورگىنى بولغان «ئىتتىپاق» گېزىتىنى (رۇس، ئۇيغۇر تىللىرىدا) چىقاردى ھەم ئۆزى باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى.

1997 ـ يىلى يەنە ئۇنىڭ رەھبەرلىگىدە مۇستەقىل گېزىت «ۋىژدان ئاۋازى» شۇنداقلا رۇس ، ئۇيغۇر تىللىرىدا يورۇق كۆردى. مۇزەپپەرخان قۇربان 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مەزكۇر گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىك لاۋازىملىغىنى ئاتقۇرۇپ كەلدى.

مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئەدەبىياتقا قىزىققان مۇزەپپەرخان قۇربان 1970 ـ يىللاردىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ «ئانامغا» ناملىق تۇنجا شېئىرى 1971 ـ يىلى «يېڭى هايات» گېزىتىدە يورۇق كۆرگەن. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر، رۇس، قىرغىز تىللىرىدا گېزىت، ژۇرناللاردا داۋاملىق ئېلان بېسىلىپ تۇرماقتا.

مۇزەپپەرخان قۇزبانىنىڭ بشېئىرلىرى «باهار ناخشىلىرى» (1984)، «دەقىقىلەر» (1987) ئۇيغۇر تىلىدا؛ «تۆمۈر قانات» (1986) قىرغىز تىلىدا؛ «Шедрая душа» («مەرت كۆڭۈل») (1987) رۇس تىلىدا چىققان توپلاملاردا بېسىلدى.

2001 ـ يىلى قىرغىزستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرىنىڭ ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ نەشىردىن چىققان (تۈزگۈچى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ) «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» ناملىق دەرسلىك ـ خرېستوماتىيە كىتاۋىدا مۇزەپپەرخان قۇربانىنىڭ بىر توپ شېئىرلىرى بىلەن «ئەركە بالا» ناملىق پېيسسىمۇ بېرىلگەن. 2010 ـ يىلى، مۇزەپپەرخان قۇربانىنىڭ «Впереди только радость» («ئالدىمىزدا پەقەت خوشاللىق») [2] ناملىق شېئىرلار توپلىمى رۇس تىلىدا نەشىردىن چىقتى.

مۇزەپپەرخان قۇربانىنىڭ شېئىرلىرى ھەرخىل ماۋزۇلاردا يېزىلغان. شائىرنىڭ «ئانامغا» ناملىق شېئىرى 1971 ـ يىلى «يېڭى هايات» گېزىتىدە بېسىلىپ چىققان. شائىر شېئىرىدا ئانا دېگەن سۆزنىڭ قانچىلىك ئۇلۇق ئېكەنلىگىنى ۋە ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مۇھەببىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئانامنىڭ بىر چاغلار دېگىنى،
بىردىنلا كەلدى ئەس ـ يادىمغا:
«كۆيدۈرسەم ساڭا قەلب ـ باغرىمنى.
كۆيەرسەن، بالام، سەن بالاڭغا» [3]

يەنە بۇ شېئىرىدا شائىر «ئانىلار دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىنسان» دەپ، ئانىلارنى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ ھۆرمەت ـ ئىززەتكە مۇناسىپ كىشىلەر ئېكەنلىگىنى تەكىتلەپ يازىدۇ.

مۇزەپپەرخان قۇربان «سىرلىق هايات» ناملىق شېئىرىدا:

هايات شاتلىق، تاتلىق ھەم سىرلىق،
ھەر كىمگە ئۇ ھەر خىل باقىدۇ.
بىرىنى شات، بەختىيار قىلسا،
بىرىگە ھىجران ئوتىنى ياقىدۇ [4]

مۇزەپپەرخان ئەسپەر ئوغلى قۇربان 1944- يىلى، 17- ئاپرېل كۈنى ئۇيغۇرستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق قورغاس ناھىيە مەركىزى چىلپەنزىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1955- يىلى، ئاتا-ئانىسى بىلەن قىرغىزستاننىڭ فرۇنزې (ھازىرقى بىشكەك) شەھرىگە كۆچۈپ چىقىپ، 1965- يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى رۇس تىلىدا تۈگەتكەن.

مۇزەپپەرخان قۇربان 1965- يىلى «ئۇچقۇن» ناملىق شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىش، مەخپىي تەشكىلاتىنى فرۇنزې شەھرىدە قۇرغان. 1969- 1970- يىلى مەزكۇر تەشكىلاتنى « شەرقىي تۈركىستان كوممۇنىستلار پارتىيەسىگە» ئايلاندۇرغان. 1971- يىلى، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ نەشر ئەپكارى قاتارى « ۋىژدان ئاۋازى» ۋاراقچە گېزىتىنى مەخپىي چىقارغان ۋە تارقاتقان. شۇ يىلى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن مەزكۇر پارتىيەنىڭ پائالىيىتى چەكلەنگەن. مۇزەپپەرخان قۇربان ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تۇرغان ئۆيى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئاختۇرۇش قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئەشۇ پارتىيەگە تېگىشلىك بارلىق ماتېرىياللار مۇسادىرە قىلىنىپ، ئېلىپ كېتىلگەن. مۇزەپپەرخان قۇربان ئۆزى داۋاملىق نازارەت ئاستىدا تۇرغان. مەزكۇر پارتىيەنىڭ بيۇرو تەركىبىدە: مۇزەپپەرخان قۇربان(رەئىس)، مۆيدۇنخان ئاكا تاشاخۇنوۋ (سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئاكىسى)، قېيىم سابىرھاجىيېۋ (شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ كاپىتانى)، مامۇتخان ئەخمەتوۋ، ئەزىمجان نىزامىي، ئەمەت ئەيسا (شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ كاپىتانى)، ئابدۇخېلىل ئابىتوۋ، نۇرتاي خانباباېۋ، سەيدۇللا خۇدايبەردىيېۋ قاتارلىق كىشىلەر بولغان.

مۇزەپپەرخان قۇربان 1982- يىلى، قىرغىزستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رۇس تىلىدىكى ژۇرنالىستىكا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشۈپ، ئۇنى 1988- يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان. 1988- يىلىدىن 1992- يىلىغىچە قازاقستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە رېسپۇبلىكىلار ئارا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ قىرغىزستان بويىچە ئۆز مۇخبىرى، 1992- يىلدىن 1994- يىلغىچە



قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە «دىيار» ناملىق سودا فىرمىسىنىڭ دىرېكتورى ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان.

مۇزەپپەرخان قۇربان قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - سەياسىي، مەدەنىي ھاياتىنىڭ تەرەققىي ئېتىپ، گۈللىنىشىگە چوڭ ھەسسە قوشتى. ئۇنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە 1981- يىلى، 27- ئىيۇندا فرۇنزې شەھرى، سۋېردلوۋ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قانۇنلۇق ھالدا مەدەنىي ئاقارتىش «سادا» سېكسىيەسىنى قۇرغان.

1987-1988- يىللىرى «كۆكگۈلنىڭ ئالتۇن چەشمىلىرى»، «ئۇيغۇر ئاھاڭلىرى» ۋە يەنە باشقا بىر قانچە ئۇيغۇرلار ھاياتىغا بېغىشلانغان تېلېكۆرستىشلەرنىڭ سىنارىيەسىنى رۇس ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا يېزىپ، ۋە ئۇ ئەمگەكلەرنى تېلېئېكراندا قويۇپ كۆرستىش ئارقىلىق، قىرغىزستان دۆلەت تېلېرادىئو كومىتېتىنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇرچە تېلېكۆرستىش بۆلۈمىنى ئېچىشنىڭ بولۇدىغانلىغىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ۋە 1988- يىلى، 13- ئاپرېلدا قىرغىزستاندا تۇنجا قېتىم مەزكۇر تېلېرادىئو كومىتېتىنىڭ تەركىبىدە شۇ مەزگىلدىكى موشۇ مەھكىمىنىڭ باش رېجىسسېرى بالتاش قايىپوۋنىڭ ياردىمى ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئۇيغۇرچە تېلېكۆرستىش بۆلۈمىنى ئاچقان. مەزكۇر بۆلۈمگە يارمۇھەممەت ناسىروۋنى رەسمىي شتاتلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان.

1988- يىلى، فرۇنزې شەھرىنىڭ ئۇيغۇرلار كۆپ جايلاشقان رايونلىرى تۆكۈلتاشتىكى 53- ئوتتۇرا مەكتەپتە، لېبېدىنوۋكا يېزىسىنىڭ 2- ئوتتۇرا مەكتىۋىدە، نوۋو-پوكروۋكا يېزىسىنىڭ 3- ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەدەبىياتىنى ئوقۇتۇش مەكتەپ پروگراممىسىغا رەسمىي كىرگۈزگەن. تۆكۈلتاش مەھەللىسى 53- مەكتىۋىنىڭ ئۇيغۇرچە سىنىپىغا ماھىرەم غېنىباېۋا (ھازىر ئالمۇتىدا)، لېبېدىنوۋكا 2- مەكتىۋىگە مەرھۇمە مېھرىبان ئەخمەتوۋا بىلەن زۇلپىيەم مەدىياروۋانى، نوۋو-پوكروۋكا يېزىسىنىڭ 3- مەكتىۋىگە رەشىدەم خوجاخمەتوۋالارنى مۇئەللىملىككە تەيىنلىگەن ۋە تېلېۋىزوردا كۆرسەتكەن.

6. نەسىردىن داۋۇت. ئالتۇن تاۋاقلىق گادايلار // «يېڭى ھايات». ـ ئالمۇتا، 1996، 17 ـ ، 24 ـ فېۋرال.

7. نەسىردىن داۋۇت. ئاچچىق ھەقىقەت // «پەرۋاز». ـ ئالمۇتا، 1995، №2 .




# ۋەتەن ھەسرىتى بىلەن ئۆتكەن ھايات

نەزەر سېلىپ باقىن، ئەي، ئادەم،
قىسقا سېنىڭ قانچىلىك ئۆمرۈڭ.
ئويلا، ئۆتكەن ھاياتىڭنى سەن،
ئاڭا رازى بولامدۇ كۆڭلۈڭ.[1]

بۇ ئاددىي مىسرالار شائىر مۇزەپپەرخان قۇربانىنىڭ «ئادەم» ناملىق شېئىرىغا مەنسۇپ . مەزكۇر شېئىرىدا ئەدىپ ئادەم ھاياتىنىڭ قانچىلىك قىسقا ئېكەنلىگىنى رۇشەنلەشتۇرۇپ، ئىنساننى ئۆتكەن ئۆمۈرىگە بىر نەزەر تاشلاپ، ھاياتىنى قانداق ئۆتكەزگەنلىگى توغرىسىدا ئويلاندۇرىدۇ. ئىنسان ئۆتكەن ئۆمۈرىگە ئۆز كۆڭلىدە رازى بولامدۇ، ياكى بىر كۈنلىرى كېلىپ بىكار ئۆتكەن ئۆمۈرىگە ئېچىنىپ، ئۇنىڭ ئوي خىياللىرى تىنىچ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزامدۇ، دېگەن پىكرىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆمۈرىدە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەن بولسا، ئۇ ھايات ۋاقتىدىلا ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ھاياتىنى يەپ ـ ئىچىپ، قوساق تويغۇزۇش بىلەنلا ئۆتكەزگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنداق ئادەمنىڭ ھايۋاندىن ھېچ پەرقى بولمايدۇ. ئەدىپ يەنە ئادەمگە مۇراجىئەت قىلىپ «نېمە ئۈچۈن بۇ ھاياتقا كەلدىڭ؟» دەپ سوراپ، توغرا ياشاشنى ۋە ھاياتنىڭ گۈزەللىگىنى بىلمىگەن ئىنساننى ئادەم دېيىش تەس، دەپ باھالايدۇ.

شائىرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئىنساننىڭ ھاياتى ـ بۇ كۈرەشتۇر. ئادەم بۇ كۈرەشتە تاۋلىنىپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتماي، ئۆز ھاياتىدا ياخشى نامى قالغىدەك ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر تامچىدەك ياخشى نامىنى قالدۇرالمىغان كىشىنى، بۇ جاھاندا ژۇتۇپ كەتكەن شولىغا ئوخشىتىدۇ.

ئەندى نادىرنىڭ ئۆي پىكرى ھازىرلا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتكە كۆچتى. «ئەسقەرنىڭ سۆزلىرى كولخوز ئەھۋالىدىن كۆرە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، پارتورگنى ئەيىپلەشكە كىرىشۋاتىدۇ»، دەپ باھالىدى ئۇ ۋە خەتتىكى سۆزلەرنى ئەسلەشكە باشلىدى.

ئەندى ئۇنىڭ خىيالى سىڭلىسى مەرىيەم تەرەپكە ئۆتتى. نادىر قادىر ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. ئۇرۇشتا ئاتىسى قازا تاپىدۇ. كېيىنەرەك ئانىسىدىنمۇ ئايرىلىدۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپنى تۈگۈتۈپ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىغا كېلىپ ئىشلەيدۇ. ئۇ بارا ـ بارا كۆتىرىلىپ ناھىيەلىك خىزمەتكە ئورۇنلىشىدۇ. سىڭلىسى مەرىيەم بولسا، موشۇ يېزىغا زووتېخنىك بولۇپ كەلگەن ئەسقەرگە تۇرمۇشقا چىقىدۇ ۋە كۆپ ئۆتمەي ئوغلى دانىيار تۇغۇلىدۇ. كېيىنىرەك كۈيئوغلى ئەسقەر كولخوزنىڭ رەئىسى بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ نادىر بۇ كولخوزغا كۆپ كەلمەي، پەقەت ژۇقۇردىنلا قوللاپ تۇردى، مانا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەسقەر نادىرنىڭ ئالدىغا كىرىپ، سىڭلىسى مەرىيەمنىڭ ئاكىسىنى تۆرت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقانلىغىنى ئېيتىپ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىدۇ.

ئاكىسى ماقۇل بولۇپ، ئاۋال مال بوداش كومپلېكسقا يولۇقۇپ كېتىشنىڭ كېرەك ئىكەنلىگىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار كومپلېكسقا يولۇقۇپ، ئاندىن سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. سىڭلىسى ئىككى قەۋەتلىك ئۆيدە ياشاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ياخشى. نادىر سىڭلىسى بىلەن كۆرۈشۈپ جوزىغا ئولتۇرىشىدۇ.

بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن نادىر ئېتىزغا ئاتلىنىدۇ. ئېتىزدا كونا دوستى توختاخۇن ئاكىنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇلار كۆرۈشۈپ، ئۇزاق سۆھبەتلىشىدۇ. توختاخۇن سۆھبەت جەريانىدا، ئايلىق ھەققىنىڭ تۆۋەنلىگىنى، كولخوزدا ناھەقسىزلىكلەرنىڭ بارلىغىنى دەيدۇ.

نادىر قادىر ئوغلى مېھمانخانىغا قايتىپ كەلسە سىڭلىسىنىڭ ئوغلى دانىيار ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. دانىيار چوڭ دادىسىغا «پولات» يېزىدىكى بارلىق ھەقسىزلىكلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.



نادىر قادىر ئوغلى يېزا ھاياتىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن كولخوز ئەزالىرىنى ژىغىپ مەجلىس ئېچىپ، ئۆتكەن ئىشلاردىن خۇلاسە چىقىرىپ، كەلگۈسى ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قابىلىيەتلىك كادرلارنى تالLاش ھوقۇقىنى دېموكراتىيەلىك ئاساسدا كولخوزچىلارنىڭ ئۆزىگە بېرىدۇ.

نەسرىدىن داۋۇتنىڭ «ئاچچىق ھەقىقەت» پوۋېستىدا دېموكراتىيە ۋە ئاشكارىلىق سەياسىتىنى قوللىنىش يولى بىلەن ھەقىقەتكە يېتىش مۇمكىن، دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ.

يازغۇچى نەسرىدىن داۋۇت مۇستەقىل پىكىرلىك، ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا قەلەم تەۋرەتكەن تالانتلىق يازغۇچى ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە تۇرمۇش ـ ھاياتتىكى ۋەقەلەرنى رېئالىستىك كۆز قاراش بىلەن دادىل يېزىپ چىققان.

نەسرىدىن داۋۇت ۋەتەنىدىن ياش ئايرىلغان، ئەدىپنىڭ ھاياتى ياقا يۇرتلاردا، كولخوز ـ سوۋخوزلاردا ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆتتى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىغىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئاددىي ئىنسان بولۇپ ياشىدى.

---

1. نەسرىدىن داۋۇت. ئەسلەش // ئۆمۈتۈم مېنىڭ ئاتا يۇرت(قىرغىز تىلىدا). ـ بىشكەك، 1994، 6 ـ 11 ـ بەتلەر.
2. نەسرىدىن داۋۇت. ئەسلەش // قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 244 ـ 250 ـ بەتلەر.
3. نەسرىدىن داۋۇت. ھەي، ئانا دېگەن // قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 251 ـ 252 ـ بەتلەر.
4. نەسرىدىن داۋۇت. ئالتۇن تاۋاقلىق گادايلار. ـ بىشكەك، 2004.
5. نەسرىدىن داۋۇت. ئۆتنە ئالەم // «يېڭى ھايات». ـ ئالمۇتا، 1994، 18 ـ ئىيۇن.

ئوخشاش ئالدىنىپ، خىتاي رېستوران ئىگىلىرىنىڭ قولىدا، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك پۇل تېپىپ، باي بولىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قۇلى. ئاززىگۈلنى رېستوران خوجايىنلىرى ناركوتىكقا ئۆگىتىپ قويۇپ، ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان. ئۇ كېچە-كۈندۈز ناركوتىك بىلەن ئۆز كۈننى ئۆتكۈزىۋاتقان بىچارە قىز. ئاززىگۈلنى شۇ ياۋۇزلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئادەم يوق.

ئەسەردە مۇنبەت باي زېمىنغا ئىگە ئالتۇن تاۋاقنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئورنىغا ئىشسىزلىق، غۇرۇبەتچىلىك، تەڭسىزلىك، ئېغىر تۇرمۇشتا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، ھېكايىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى جىسمانىي ۋە مەنىۋي جەھەتتىن يوقىتىشنىڭ، ئوچۇغىراق ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇشنىڭ يولىغا چۈشكەنلىكلىرىنى ئوچۇق پاش قىلىدۇ.

نەسىردىن داۋۇتنىڭ «ئاچچىق ھەقىقەت»[7] ناملىق پوۋېستى «پەرۋاز» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىلىنىڭ، 2-سانىدا بېسىلىپ چىققان. پوۋېستتا 80-يىللاردىكى يېزا ئىگىلىك ھاياتىدىكى ھەقىقەتسىزلىكلەر پاش قىلىنغان.

پوۋېست «باھار» مېھمانخانىسىغا نادىر قادىر ئوغلى ۋە ئۇنىڭ شوفېرىنىڭ كېلىپ توختىشى بىلەن باشلىنىدۇ. مېھمانخانىنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشى ئانچە كۆركەم بولمىغان بىلەن، ئۇنىڭ ئىچى ئازادە، تاملىرى ئاقلانغان، يوپ - يورۇق ئېدى. شوفېر كېلىپ قوبۇلخانىنىڭ ئىشىگىنى چېكىپ، كىرىپ مۇلازىمەتچى ئايالدىن ئورۇن كېرەكلىرىگىنى سورايدۇ. قوبۇل قىلغۇچى ئايال مېھمانخاندا ئورۇننىڭ يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ پەيتتە سىگىلسىنىڭ يولدىشى، يەنى شۇ كولخوزنىڭ رەئىسى كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىللىق كۆرۈشىدۇ. كولخوز رەئىسى قېيىن ئاكىسىنىڭ كولخوزغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەررۇ يېتىپ كەلگەن ئېدى. ئۇ قېيىن ئاكىسىنىڭ سىگىلسىنىڭ ئۆيىگە چۈشمەي مېھمانخانىغا چۈشكەنلىكىگە ئاچچىق قىلىپ، ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. نادىر قادىر ئوغلى ئۇنىڭغا



مىننەتدارلىقىنى بىلدۇرۇپ، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كەلگەن ئادەمگە مېھمانخانىنىڭ قۇلايلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار بۆلۈم ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن بىر ئاز سۆھبەتلىشىدۇ. كولخوز رەئىسى بۇ يىللىق ھوسۇلنىڭ تېخى ژىغىلىپ بولمىغانلىقىنى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە كۆپ كىشىلەرنىڭ شەھەرگە كۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ.

نادىر قادىر ئوغلى ئۇنىڭدىن «نېمە ئۈچۈن؟» - دەپ سورايدۇ. ئاكىسىنىڭ بۇ سوئالىغا رەئىس ئوچۇقلا، يېقىندا كەلگەن پارتورگ بىلەن پېتىشالمايۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

- ھازىرقى ئۆزگىرىشلەر ھەممىنى نەق پۇلغا ئۆزگەرتىۋەتتى. مال بوداش كومپلېكسقا، مەدەنىيەت ئۆيىگە، باللار ئۆيىگە، چارۋىچىلارنىڭ قورالىرىنى رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا پۇل يوق. بىزگە پۇلنى كىم بېرىدۇ، نادىر ئاكا؟ - دەپ سورايدۇ كولخوز رەئىسى. ئۇلار ئۇزۇن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئەسقەر خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ.

نادىر قادىر ئوغلى ئەسقەرنى ئۇزاتقاندىن كېيىن، بۆلۈم ئىچىدە مېڭىپ ژۈرۈپ، ئۆتۈلگەن سۆھبەتنى مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى. ئاندىن يۇمشاق ئورۇنغا كىرىپ كۆزىنى ژۇمدى. ئەسقەرنىڭ ھازىرلا ئېيتقانلىرى مېيىسىگە كىرىۋېلىپ ئارامىنى قويمىدى. ئۇ يەنە چىراقنى يېقىپ، ئۇنىڭغا ئەۋەتىلگەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا بۇ خەتنى يېزىغا يېقىندا كەلگەن پارتورگ بىلەن سىگىلسىنىڭ ئوغلى دانىيار يازغان.

خەتتە يېزىدىكى ئادالەتسىزلىك، كولخوزنىڭ ئىقتىسادى كىرىم - چىقىملىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى، باشلىقلارنىڭ يېزىدىكى پايدىنى ئۆزلىرىنىڭ يانچۇغىغا سېلىۋاتقانلىقىنى، ژۇقۇرىدىن كەلگەن تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى يازماستىن يانچۇغىغا پۇل سېلىپ كېتىپ بارغانلىقى ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا يازغان. نادىر قادىر ئوغلى بۇ مەسىلىدە ئەركىن پىكىر قىلىپ، توغرا خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن تۇيۇقسىز كولخوز مېھمانخانىسىغا چۈشۈشنى نىيەت قىلغان ئېدى.

شائىر جامالدىن قاسىموۋ رەئىس بولۇپ سايلاندى. بۇ ئەدەبىيات بۆلۈمىگە نەسىردىن داۋۇت ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قىزىققان ياشلارغا ياردەم قىلىدۇ.

1994- يىلى، قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات- تەشۋىقات بيۇروسى تەرىپىدىن قىرغىز تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتا يۇرت» توپلامىدا ئۇنىڭ «ئەسلەش»[1] ناملىق ھېكايىسى بېرىلگەن. 2001- يىلى، قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى، خەلقئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرىنىڭ ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتى، ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ نەشر قىلىنغان (تۈزگۈچى ئەكبەرجان باۋۇدۇنوۋ) «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» دەرىسلىك - خرېستوماتىيە كىتاۋىغا نەسىردىن داۋۇتنىڭ «ئەسلەش»[2]، «ھەي، ئانا دېگەن»[3] ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن. نەسىردىن داۋۇتنىڭ «ئالتۇن تاۋاقلىق گادايلار»[4] ناملىق ھېكايىلار توپلىمى قاسىمجان ئەيسانىڭ تەييارلىشى بىلەن 2004- يىلى، نەشردىن چىقتى. بۇ توپلامدا نەسىردىن داۋۇتنىڭ «ئالتۇن تاۋاقلىق گادايلار»، «ئۆتنە ئالەم»، «مومام ئېيتقان رىۋايەت»، «بايرەم ئۆيىمدە قاپتۇ»، «دادامنىڭ ئېيتقانلىرى»، «ئېھ، تەڭسىز دۇنيا» ۋە باشقا ھېكايىلىرى؛ «يېزا پاراڭلىرى»، «غۇنچەمنىڭ خوشنىسى»، «دادام ئۆيلىنىپتۇ»، «تويىنىڭ ئەتىسى»، «تەنقىتچى ئاشپەز» قاتارلىق ھەجۋىي ھېكايىلىرى؛ «چىرايلىق دېگەن نېمە؟»، «مۆجىزە قۇشى كىمگە تەئەللۇق؟» ئوخشاش باللارغا بېغىشلانغان ھېكايىلىرى بېرىلگەن. يازغۇچىنىڭ ھېكايىلىرى ھەر خىل ماۋزۇلاردا يېزىلغان.

نەسىردىن داۋۇتنىڭ «ئۆتنە ئالەم»[5] ناملىق ھېكايىسى «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1994- يىلى، 18- ئىيۇن سانىدا بېسىلغان. ھېكايە ئايىسخان ئانىنىڭ ئائىلىسى توغرىسىدا يېزىلغان. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى ئايىسخان ئانا. ئايىسخان ئانا يالغۇز ئوغلىنى ئۆستۈرۈپ چوڭ قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆيلەيدۇ. ئۆيگە ياش كېلىن كېلىدۇ. بۇ كېلىننىڭ ئايىسخان ئانىغا بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى سۇس بولۇپ، ئۇنىڭغا



بەزى قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاخىرى بوسۇغىغا چىدىمىغان ئايىسخان ئانا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ. بىراق، ئۇ ئۆزىگە قول سالالمايدۇ، ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە موشۇ دەرتنىڭ ئىچىدە ئۆتىدۇ.

يازغۇچى نەسىردىن داۋۇت «ئۆتنە ئالەم» ناملىق بۇ ھېكايىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بىر- بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشنى مەخسەت قىلغان. ئايىسخان ئانىنىڭ ئوبرىزى ئارقىلىق ھېكايىنىڭ ئاساسىي مەخسىتىگە يەتكەن. ئايىسخان ئانا ئۆزى كېلىن بولۇپ كەلگەندە قېيىن ئانىسىنى قانداق قاخشاتقان بولسا، كېلىنى ئۇنى شۇنداق قاخشىتىدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسى ئارقىلىق خۇددى «ئاسمانغا تۈكەرسەڭ بېشىڭغا چۈشەر»، «ياشلىغىڭدا ياخشىلىق قىلمىغان، قېرىغاندا قاتتىقلىق كۆرەر» دېگەن ماقاللارنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ياش كېلىنگە ئۆزىنىڭ قېيىن ئانىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، كېلىن قېيىن ئانا بولغاندا، ئۆزىنىڭ مۇئامىلىسى قايتىپ كېلىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئوچۇق ئايدىڭلاپ بېرىدۇ. يازغۇچى نەسىردىن داۋۇتنىڭ «ئۆتنە ئالەم» ناملىق ھېكايىسىنىڭ تەربىيەۋىي ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

نەسىردىن داۋۇتنىڭ «ئالتۇن تاۋاقلىق گادايلار»[6] ھېكايىسىدا خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلار زېمىنىنى ئۆزىگە ئېگىلەپ ئېلىشتىن تاشقىرى، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك ھىيلە- نەيرەڭلىرى بىلەن ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا يازىدۇ. ئەسەردە ئىككى خىتاي زىيالىيسىنىڭ ئۆز ئارا سۆھبىتى ئارقىلىق رىۋايەتكە ئايلانغان باي دىيارنىڭ گۈزەل قىزلىرىنى ئالداپ، خىتاينىڭ ئىچكەركى ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ كېتىپ، رېستورانلاردا، مېھمانخانىلاردا پاھىشىۋازلىق ئۈچۈن پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىدۇ.

ئەسەردىكى ئىجابىي قەھرىمانلار باھارگۈل بىلەن ئارزىگۈللەر. ھەر ئىككىلىسى سەنئەت مەكتىۋىدە ئوقۇش ئارزۇسى بىلەن خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىرىگە ئېلىپ كېتىلگەن. باھارگۈل باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇلۇپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئارزىگۈل بولسا، باھارگۈلگە

ۋىلايىتىنىڭ ئالامېدىن ناھىيەسى، لېبېدىنوۋكا يېزىسىنىڭ زارىتەتقالىغىغا دەپنە قىلىندى.


1. ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتا يۇرت (قىرغىز تىلىدا). - بىشكەك، 1994.

2. ئابدۇرېھىم راخمان. رۇبائىيلار. - بىشكەك، 2000.

3. ئابدۇرېھىم راخمان. قەمبەرنىسا // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. - بىشكەك، 2001. 173 - 178 - بەتلەر.

4. ئابدۇرېھىم راخمان. سۇنغان غۇنچە // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 184 - 187 - بەتلەر.

5. ئابدۇرېھىم راخمان. رۇبائىيلار. 2 - بەت.

6. ئابدۇرېھىم راخمان. رۇبائىيلار. 115 - بەت.

7. ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتا يۇرت (قىرغىز تىلىدا). 4 - 5 - بەتلەر.

8. ئابدۇرېھىم راخمان. جۇدا // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 168 - بەت.

9. ئابدۇرېھىم راخمان. يارىڭ سېنىڭ // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 169 - بەت.

10. ئابدۇرېھىم راخمان. رۇبائىي // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 180 - بەت.

11. ئابدۇرېھىم راخمان. بۈگۈن // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 167 - بەت.

12. ئابدۇرېھىم راخمان.رۇبائىي // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 180 - بەت.




## [illegible]

نەسرىدىن داۋۇت قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى، تالانتلىق يازغۇچى. قىرغىزستان ئۇيغۇر نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە شەكىللىنىشى دەۋرىدە نەسرىدىن داۋۇت ئىجادىيىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

نەسرىدىن داۋۇت 1941 - يىلى، ئۇيغۇرىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1956 - يىلى, تېكەس ناھىيەلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۇگۇتۇپ، ئۇرۇمچى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. لېكىن سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىششى تۈپەيلى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، 1957 - يىلى, غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئەرلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇيدۇ. 1960 - يىلى مەكتەپنى پۈتتەرگەندىن كېيىن تېكەس ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن دەرىس بېرىدۇ. 1963 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ، قىرغىزستاننىڭ قەنت رايونى، نوۋو - پوكروۋكا يېزىسىغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇ دەسلەپ كولخوز - سوۋخوزلاردا، كېيىنرەك بىشكەك شەھرىدە ياغاشچىلىق ئىشخانىسىدا ئىشلەپ، 1981 - يىلى، سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىشى سەۋەبلىك، 40 يېشىدا 2 - گرۇپپا ناكالىق پېنسىياگە چىققان. 1995 - يىلى ژۈرەك ئاغرىغى بىلەن ۋاپات بولدى.

نەسرىدىن داۋۇتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى شېئىر يېزىش بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «ئىلى گېزىتى»، «ئاممۇۋىي كلۇب» گېزىت - ژۇرناللاردا يورۇق كۆرگەن.

نەسرىدىن داۋۇت 1981 - يىلدىن باشلاپ ھېكايە يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، «پەرۋاز» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلغان.

ھەممىگە مەلۇم، 1991 - يىلى، مارت ئېيىدا قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ يېنىدا ئۇيغۇر ئەدەبىيات بۆلۈمى ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا

جاڭكو جاڭ ئالماسقا «ئوغرى»، «ئەكسىيەتچى»، «تېررورىست» دېگەن قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ تۈرمىگە سالدۇ ۋە ئاخىرى ئۆلتۈردۇ.

جاڭكو جاڭنىڭ بۆلۈمدە قەمبەرنىسا بىلەن جاڭكو جاڭ ئولتۇردۇ. جاڭ بولسا قەمبەرنىساغا: «بۈگۈن سۆيگەن يارىڭ ئالماس تۈرمىدە ئۆلۈپتۇ. ئۇنى ساقچىلار تۈرمىدىن قاچقان پەيتىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ»، دېگەن شۇم خەۋەرنى ئېيتىدۇ. ئۇنى ئاڭلاپ قەمبەرنىسا:

- يالغان، ئىشەيمەنمەن، - دەيدۇ قەتئىي تۈردە.

بىراق جاڭ: «ئەگەر سەن ماڭا تۇرمۇشقا چىقساڭ، ئائىلەڭ بىلەن خاتىرجەم ياشايسەن»، - دېگەن گەپنى ئېيتىدۇ.

قەمبەرنىسا جاڭغا خوتۇن بولۇشنى قوبۇل قىلماي ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۆلىۋالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان قەمبەرنىسانىڭ ئاكىسى قۇدرەت سىڭلىسىنىڭ ئۆچىنى ئالماق بولۇپ جاڭكو جاڭغا بارىدۇ. لېكىن قۇدرەتنى ساقچىلار تۇتۇپ ئېلىپ ئۇنى تۈرمىگە سالىدۇ. قەمبەرنىسانىڭ ئانىسى بولسا، شۇ ئېغىرچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئوغلى قۇدرەتنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىنى كۈتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن داستان تامام بولىدۇ.

ئابدۇرېھىم راخمان «قەمبەرنىسا» داستانى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىر پاجىئەلىك تۇرمۇش ھاياتىنى، تەڭسىزلىك، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىنسانى ھوقۇقلىرىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىنىشلىرىنى كۆرسىتىشنى مەخسەت قىلغان. پوئېما قەمبەرنىسانىڭ پاجىئەلىك ۋەقەسىگە ئاساسلىنىپ، خىتاي دائىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان ھەر تۈرلۈك سەياسەتلىرىنى ۋە تەڭسىزلىكلىرىنى چوڭ ماھارەت بىلەن پاش قىلىدۇ.

ئابدۇرېھىم راخمان تالانتلىق .شائىر بولۇپلا قالماي، ماھىر يازغۇچى ئېدى. ئۇ بىر نەچچە ھېكايە، پوۋېستلارنى يازغان. ئۇنىڭ « سۇنغان غۇنچە» ناملىق ھېكايىسىدە 1962 - يىلى 29 - ماي كۈنى غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقە توغرىسىدا يازىدۇ. 1962 - يىلى ، 29 - ماي كۈنى ساجىدە ئىسىملىك قىز دادىسى بىلەن سوۋېتتىن غۇلجىغا كېلىپ، قاتناش ئىدارىسىدە ماشىنىدىن چۈشىدۇ. شۇ چاغدا



خەلق توپى ئىلى قازاق ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ ئىدارىسىدىن غۇلجا - سوۋېتتىن يولىغا بىلېت سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كېلىشكە خىتاي سولداتلىرى تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلىدۇ. نەتىجىدە ساجىدەمگە ئوق تېگىپ ياردارلىنىدۇ. قىزنىڭ دادىسى 29 - ماي ۋەقەسىگە قاتناشتى دېگەن باھانە بىلەن تۈرمىگە سولىنىدۇ. ساجىدەم ئۆيىدە بىر نەچچە كۈن يېتىپ ۋاپات بولىدۇ. ئابدۇرېھىم راخمان ساجىدەم ئوخشاش ياش ئوغۇل - قىزلارنىڭ ناھەق پاجىئەلىك ئۆلۈمى توغرىسىدا يازغان.

ئابدۇرېھىم راخمان ئۆز ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاننى كۆرۈش ، ئۇ يەردىكى دوست - يار- بۇرادەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە شۇنداقلا نەشرگە تەييارلىغان «قەمبەرنىسا» (داستان)، «ئەستىكى ئىزلار»، «غەزەليات ۋە رۇبائىيات» قاتارلىق نەزىمي ئەسەرلىرىنى، «ھايات ھەقىقتى» ناملىق بىئوگرافىيەلىك قىسسىسىنى كىتاب قىلىپ نەشىردىن چىقىرىش مەقسىتىدە، 2002 - يىلى نويابىردا ئۈرۈمچىگە بارغان ئېدى. بىراق، ئۇ يەردە ئاغرىقى كۆچۈيۈپ كېتىپ ، بىر ئاي بولماي بىشكەككە قايتىپ كەلدى. دوختۇرلارنىڭ دەۋاسى ئۇنۇم بەرمەي، ئەجەل ئۇنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى.

ئابدۇرېھىم راخمان ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازاتلىقىنى ئارزۇ قىلىپ ئۆتتى. ئۇ بىر رۇبائىيسىدا:

كۈنۈم پاتقاندا كۆمۈڭلار يۇتۇم ئاتۇشقا - مەشھەتكە،
سۇتۇق بۇغرا ماكان تۇتقان بۇ جاي مەن ئۈچۈن مەككە.
ۋەتەن سۆيگۈسىدە بولدۇم مۇساپىر، ئەرىك گادايى،
تېنىم توپرىقىغا قانسۇن كىرىپ ياتقاندا لەھەتكە...[12]

شائىر ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتەلمەي، بۇ ئالەمدىن ھەسرەت بىلەن كەتتى. ئۇنىڭ جەسەدى قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى، چۇي

ئاھ، پەلەك، قىلدىڭ دىيارىم ـ تۇتىيالىقتىن جۇدا،
كۆز ئېچىپ كۆرگەن مۇھەببەت ـ ئاشنالىقتىن جۇدا.
ئۈزلىرى نۇر، مېھرى دەريا، باغرى كەڭ مىسلى دېڭىز،
قوللىرى گۈل، لەۋزى قايماق ئەل خالايىقتىن جۇدا.[8]

دەپ، ۋەتەندىن ئايرىلىش جۇدالىغىنى چوڭقۇر ھىس تۇيغۇ بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ئا.راخمان «يارىڭ سېنىڭ» ناملىق غەزىلىدە:

ئەي، نىگارا، كەتمەس قۇلاقىمدىن پۇغان زارىڭ سېنىڭ،
ھەر سەھەر ئىڭرايدۇ مۇڭلۇق كوي بىلەن تارىڭ سېنىڭ.
شۇم رەقىپلار سېنى مەندىن، جاننى تەندىن ئايرىدى،
بۇ رەقىپلەرگە سەۋەپتۇر ھۆسنى گۈلزارىڭ سېنىڭ.[9]

دەپ، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ جۇدالىقتا ياشىشىنىڭ سەۋەبىنى «شۇم رەقىپلەر» دىن كۆرىدۇ.

ئابدۇرېھىم راخمان ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى ئەسلەپ بىر رۇبائىيسىدا مۇنداق يازىدۇ.

مۇساپىر ھالىمغا كۆلمە، مېنىڭمۇ ئۆز دىيارىم بار،
ھەرەمباغنى لال قىلغان ھۆسنۇندار لالىزارىم بار.
«يېگىلمەس بىر پەقەت ئاللاھ» گۆھەرنى ئاھ، ئۇردۇم تاشقا،
خاتانى دەپنە قىلماقتا ھېمىشەم ئىختىيارىم بار.[10]

شائىر «بۈگۈن» ناملىق غەزىلىدە قېرىنداش ئورتا ئاسىيە خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىقتا، مۇستەقىللىقكە ئېرىشىپ، خوشاللىق توي مەركىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىغىنى مەدھىيلەپ، كېلەچەكتە ئۇيغۇر



دىيارىنىڭمۇ شۇنداق ھۆرلۈككە ئېرىشىشىنى چوڭ ئۈمۈت ـ ئارزۇ بىلەن مۇنداق مەدھىيلەيدۇ:

كەلگىنە دوستۇم، ئىچەيلى بىر پىيالە مەي بۈگۈن،
توي ئەۋجىگە چۆمدى ئالەم بولمىغاي ئىچمەي بۈگۈن،
ھەر تەرەپتىن ئىگرىسا تەڭلىك، ئادالەت ناخشىسى،
كىممۇ ئېيتمايدۇ كۆڭۈلدىن تويغا ـ توي دېمەي بۈگۈن.[11]

ئابدۇرېھىم راخمان «قەمبەرنىسا» پوئېمىسنى قەمبەرنىسانىڭ پاجىئەلىك ۋەقەسىگە ئاساسلىنىپ يازغان. بۇ ۋەقە ماۋچىلارنىڭ زامانىسىغا توغرا كەلگەن. مەلۇمكى، خىتاي ئەكسىيەتچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل قىزلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئاشىق يىگىتلىرىنى بولسا، ھەر تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن تۈرمىلەرگە سېلىپ يوق قىلاتتى.

بۇ ۋەقە ئارتۇش شەھىرىدە بولغان. پوئېمىنىڭ باش قەھرىمانى قەمبەرنىسا بولۇپ، قەددى قامىتى كېلىشكەن، نازۇك ۋە گۈزەل قىز ئىدى. قەمبەرنىسانىڭ سۆيگەن يارىنىڭ ئىسمى ئالماس. ئالماس ئورتا بويلۇق، كېلىشكەن ۋە ئىشچان يىگىت ئىدى. قەمبەرنىسا بىلەن ئالماس بىر-بىرىنى سۆيگەن ۋاپادار ئاشىقلار.

شۇ ۋاقىتتا ئارتۇشنىڭ ناھىيە باشلىغى جاڭ بولۇپ، ئۇنى خەلق جاڭكو جاڭ دەپ ئاتىشاتتى. جاڭنىڭ يېقىن دوستىنىڭ ئىسمى نۇردىن بولۇپ، ئۇ جاڭنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى جان دىلى بىلەن ئاتقۇراتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇردىن جاڭغا قەمبەرنىسانىڭ قەددى قامىتى كېلىشكەن، گۈزەللىگى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، قەمبەرنىسانىڭ سۆيگەن يىگىتى ئالماس ۋە ئاكىسى، شۇ يېزىنىڭ باشلىغى قۇدرەت توغرىسىدىمۇ ئېيتىدۇ.

جاڭكو جاڭ قەمبەرنىسانى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. قەمبەرنىسانى ئۆزىگە خوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ژىگىتى ئالماسنى يوق قىلىش كويىغا چۈشىدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە بېسىلىپ تۇرغان. 1994 ـ يىلى، قىرغىزىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى بەدىئىي ئەدەبىيات تەشۋىقات بۇيرۇسى تەرىپىدىن قىرغىز تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتا يۇرت»[1] ناملىق توپلامدا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بېرىلگەن. 2000 ـ يىلى، ئابدۇرېھىم راخماننىڭ «رۇبائىيلار»[2] ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشرىدىن چىقتى.

2001 ـ يىلى، يۇسۇپ بالاساغۇنى نامىدىكى قىرغىزىستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرىنىڭ ئىنتېگراتسىيە ئىنستېتۇتى ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەرىپىدىن (تۈزگۈچى ئەكبەرجان باۋدۇنوۋ) «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» ناملىق ئوقۇش كىتاۋىدا ئابدۇرېھىم راخماننىڭ غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىيلىرى بىلەن «قەمبەرنىسا»[3] پوئېمىسى، «سۇنغان غۇنچە»[4] ھېكايىسى بېرىلگەن.

ئابدۇرېھىم راخماننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە، رىۋاجلىنىشىغا شائىر ، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئابدۇرېھىم راخمان ئۆزىنىڭ غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى ئۇستازىم دەپ مەدھىيىلىگەن. شۇنداقلا، ئابدۇرېھىم راخمان ئۆزىنىڭ 2000 ـ يىلى، نەشر قىلغان «رۇبائىيلار» كىتاۋىدا: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەپەككۇر ساھەسىدە زامانىمىزدىكى ئەڭ چوڭ نامايەندە ئۇستازىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن»[5] دەپ يازغان.

شائىر بىر رۇبائىيسىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خاتىرىسىگە بېغىشلاپ مۇنداق يازىدۇ:

كەلدى شۇم خەۋەر ئۆتكۈر تۈگەپ قالدى ،
يۈرىكىم ھەرىكەتتىن توختاي دەپ قالدى.
كۆزدە ياش، دىلدا داغ، پۈتمەس نادامەت،
ئېيتىلماي قالغان نۇرغۇن گەپ قالدى.[6]



ئابدۇرېھىم راخمان شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ خاتىرىسىگە ئۆزىنىڭ بىر نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆتكۈر دەپ قويغان.

1991 ـ يىلى، قىرغىزىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ يېنىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈمگە قىرغىزىستاندا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلار، يازغۇچىلار، ژۇرنالىستلار ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار كىردى. شائىرى جامالدىن قاسىموۋ ئۇيغۇر يازغۇچىلار بۆلۈمگە رەئىسى بولۇپ سايلاندى. جامالدىن قاسىموۋنىڭ رەھبەرلىكىدە شائىر، يازغۇچىلاردىن ئاندۇماناپ قاسىم، ئابدۇرېھىم راخمان، نەسىردىن داۋۇت، نۇرانىيە قەمبەروۋا، خەيرىنىسا تۇردى ۋە باشقىلار ئاكتىۋ قاتنىشىپ ياخشى پائالىيەتلەرنى ئۆتكەزدى.

ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى تەۋپىق ۋە باشقىلارنىڭ ئەدەبىي كەچلىكلىرىنى ئۆتكەزدى. ئەنە شۇ ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 1994 ـ يىلى قىرغىز شائىر مارخاباي ئائاماتوۋنىڭ تەرجىمىسىدە ئۇيغۇر شائىر ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ شېئىر ۋە ھېكايىلىرى « ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتا يۇرت» نامىدا قىرغىز تىلىدا كىتاپچە نەشر قىلىندى. جامالدىن قاسىموۋ بۇ كىتاپچىنىڭ كىرىش قىسمىدا قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا توختىلىپ، شائىرلار ئابدۇماناپ قاسىم بىلەن ئابدۇرېھىم راخمانلار ئىجادىيىتىگە ژۇقۇرى باھا بەرگەن.[7]

شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ماۋزۇ دائىرىسى كەڭ. ئۇ تەبىئەت، گۈزەللىك، مۇھەببەت، دوستلۇق، تەغدىر ئومۇمەن ھاياتنىڭ ھەممە كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەن.

ئابدۇرېھىم راخمان ئىجادىيىتىدە چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى كۈچلۈك جارىڭلايدۇ. ئۆز ۋەتىنى، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىنى سېغىنىپ، مۇساپىرلىقتا سەرگەردان ھايات كەچۈرۈۋاتقان شائىر ئانا ۋەتىنىنى ئۇلۇقلايدۇ، ئۇنىڭ ئىشقىدا، ھىجران ئازاۋىدا يۈرىكى ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى ۋەتىنىنى كۆرۈش ئىشتىياقىدا ئىنتىلىشلىرىنى بەدىئىي بوياقلار بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. شائىر «جۇدا» ناملىق غەزىلىدە:

12. جامالدىن قاسىموۋ. تارىم ئوغلى // «ئۇيغۇر ئاۋازى». 1992، 28 ـ 30 ـ ئۆكتەبر، 3 ـ نويابىر سانلار.

13. جامالدىن قاسىموۋ. نىدا // «يېڭى ھايات». ـ ئالمۇتا، 1993، 15 ـ مارت.

14. جامالدىن قاسىموۋ. ئايال قىسمىتى // «يېڭى ھايات». ـ ئالمۇتا، 1993، 10 ـ ئىيۇل.

15. جامالدىن قاسىموۋ. قەشقەر يولى. ـ ئالمۇتا، 2001.

16. جامالدىن قاسىموۋ. قەشقەر يولى. 52 ـ بەت.

17. جامالدىن قاسىموۋ. قەشقەر يولى. 42 ـ بەت.

18. جامالدىن قاسىموۋ. قەشقەر يولى. 43 ـ 115 ـ بەتلەر.



# ھىجران ئازاۋىدا ياشىغان شائىر

قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشقان شائىرلارنىڭ بىرسى ئابدۇرېھىم راخماندۇر.

ئابدۇرېھىم راخمان 1938 ـ يىلى، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئاتۇش ناھىيەسى مەشھەتتە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1954 ـ 1957 ـ يىللىرى ئۈرۈمچى تىببىي مەكتىۋىنى تۈگۈتۈپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونلۇق ساقلىقنى ساقلاش نازارىتىدە ئىشلەيدۇ. 1958 ـ 1959 ـ يىللىرى ساقلىقنى ساقلاش نازارىتى بويىچە يۈرگۈزۈلگەن ئىستىل تۈزۈتۈش ھەرىكىتىدە «ئوڭچى»، «مىللەتچى» دېگەن قالپاقلار بىلەن ئەيىپلىنىپ، بىر يىل ئەمگەك لاگېرلىرىدا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن ئۈرۈمچى ساھىيە نازارىتىدە چىققان «ساقلىق ساقلاش» ژۇرنالىدا ئىشلەيدۇ. بۇ يەردە ئىككى ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن مەملىكەت بويىچە قەغەزنىڭ قىسلىغى سەۋەۋى بىلەن ژۇرنال يېپىلىدۇ.

ئابدۇرېھىم راخمان 1962 ـ يىلىنىڭ ئىيۇل ئايلىرىغىچە ئۈرۈمچى كۆمۈر كان زاۋۇدىنىڭ «تىببىي پۇنكىتىدا» ئىشلىگەن. كېيىن بۇ يەردە ئىشلەش مۇمكىنچىلىگى بولماي غۇلجا شەھىرىگە كېلىدۇ. غۇلجىدا 6 ـ 7 ئاي تۇرۇپ 1963 ـ يىلى، ئاپرېلدا قىرغىزستاننىڭ سوقۇلۇق ناھىيەسى، مالوۋودنىي يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. دەسلەپ تىببىي پۇنكىتتا، 1976 ـ 1982 ـ يىللىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە قىرغىزستان بويىچە مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1983 ـ 2002 ـ يىللاردا سودا تىجارەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. 2003 ـ يىلى، 27 ـ ئاپرېلدا ئېغىر ئاغرىقتىن كېيىن تالاتلىق شائىر ئابدۇرېھىم راخمان ئوغلى بىشكەك شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

ئابدۇرېھىم راخمان مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئەدەبىياتقا قىزىققان. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى «تىببىي مەكتەپ»، «ئەدەبىي ئىجات» قاتارلىق گېزىتلىرىدە يورۇق كۆرگەن. 70 ـ يىللاردىن باشلاپ

تەپتىك ئوت، ھېچ بىرىگە
تەگلەشتۈرگۈم كەلمەيدۇ.
سەن قەدىمىقوياشلىق يۇرت،
نۇرلۇق يۇرت.(17)

دېگەن مىسرالىرى بىلەن جامالدىن قاسىموۋ «قەشقەر يولى» داستانىنى تاماملاپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەيدۇ.

جامالدىن قاسىموۋ «قەشقەر يولى» دىن كېيىن چوڭ تۆرت قىسىمدىن ئىبارەت بولغان «ماخمۇت قەشقەرى»(18) ناملىق داستانىنى يازدى. بۇ داستاندا شائىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى ماخمۇت قەشقەرىينىڭ دانالىقى بىلەن ئالىيجاناپلىق خىسلەتلىرىنى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يارىتىشتىكى جاپالىق مېھنەتلىرىنى داستاندا ھەر خىل ۋەقەلەر ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ «قۇتلۇق سەپەر»، «قەشقەر يولى»، «ماھمۇد قەشقەرىي» داستانلىرى بىر پۈتۈن داستانلار سىكلى بولۇپ ئاۋتورنىڭ قۇتلۇق سەپىرىدىن كېيىن يېزىلغان.

جامالدىن قاسىموۋ قىرغىز شائىرلىرى مارخابا ئائاماتوۋ، نادىربېك ئالىمبېكوۋلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ مارخابا ئائاماتوۋنىڭ «ئوت بويىدىكى ئويلار» (1993)، نادىربېك ئالىمبېكوۋنىڭ «گۈل ئۆمۈر» (1993)، «بىرى كام دۇنيا» (1994) شېئىر توپلاملىرىنى ئالمۇتىدا ئۇيغۇرچە نەشىردىن چىقارغان. جامالدىن قاسىموۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە مارخابا ئائاماتوۋنىڭ تەرجىمىسى بىلەن قىرغىزستاندىكى ئۇيغۇر شائىر، يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىرىنچى قېتىم «ئۆمۈتۈم مېنىڭ ئاتا يۇرت» ناملىق توپلام 1994-يىلى نەشر قىلىنغان. ئاندىن كېيىن ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «كاككۇك بولۇپ سايرىدىم»، «كۆكۈل ساندۇغۇمدىكى ئويلار»، خەيرىنىسا تۇردىېۋانىڭ «جان سىرىم»،



قاسىمجان ئەيسانىڭ «يۈرەكتىن تامغان تامچىلار» شېئىر-ھېكايە توپلاملىرى قىرغىز تىلىدا نەشىر قىلىندى.

شائىر جامالدىن قاسىموۋ قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇناسىپ ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. شائىرنىڭ نامى ئۇنى بىلىدىغان قەلەمداش دوستلىرىنىڭ قەلبىدە ئۇزاق ساقلانغۇسى.

---

1. جامالدىن قاسىموۋ. يەر مۇھەببىتى. يوللار ۋە ئويلار. -ئالمۇتا، 1977، 3 - بەت.
2. جامالدىن قاسىموۋ. قىرىققا بۇلۇپ. ئىزدىگەنلىرىم. -ئالمۇتا، 1983، 5 - بەت.
3. جامالدىن قاسىموۋ. ئانامغا. ئىزدىگەنلىرىم. -ئالمۇتا، 1983، 21- 22- بەتلەر.
4. جامالدىن قاسىموۋ. يىغلار ئوغلى بېچارە // «يېڭى هايات». - ئالمۇتا، 1995، 11 - سېنتەبىر.
5. جامالدىن قاسىموۋ. مەجنۇن تال. دىل دەپتىرى. -ئالمۇتا، 1971، 30- 34- بەتلەر.
6. جامالدىن قاسىموۋ. بۇلاق. دىل دەپتىرى. 34- 43- بەتلەر.
7. جامالدىن قاسىموۋ. پوچتالىئۇن. ئىزدىگەنلىرىم. -ئالمۇتا، 1983، 40- 43- بەتلەر.
8. جامال قاسىموۋ. ياش هاكىم. كېلەر كۈننى كۈتكەندە. - ئالمۇتا، 1988، 51- 54- بەتلەر.
9. جامال قاسىموۋ. قىساسكار. ئىزدىگەنلىرىم. -ئالمۇتا، 1983، 44- 46- بەتلەر.
10. جامالدىن قاسىموۋ. قىساسكار. ئىزدىگەنلىرىم. 46- بەت.
11. جامالدىن قاسىموۋ. بورچى قىز // «يېڭى هايات». - ئالمۇتا، 1974، 12- دېكابىر.

كەلتۈرۈلۈپ ئوپېراتسىيە قىلىپ قوسۇغىدىكى بالىلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى. نۇرغۇنلىغان ئاياللار توغرا ئەمەس ئوپېراتسىيەدىن كېيىن قۇربان بولۇشتى. ئىككىنچى قېتىم پەرزەنت كۆرمەسلىكى ئۈچۈن ئانىلارغا خېرورگىيەلىك ئوپېراتسىيەلەرنى قىلىشتى.

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ «تۇغۇتنى چەكلەش» سەياستى شائىرنىڭ ژۈرىگىنى موجۇماي قويمىدى. ئۇنىڭ «نىدا»[13]، «ئايال قىسمىتى»[14] داستانلىرىدا موشۇ رەزىل سىياسەت قۇربانى بولغان ئۇيغۇر ئاياللىرىغا بېغىشلانغان.

2001 ـ يىلى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن بىر يىل كېيىن «قەشقەر يولى»[15] ناملىق داستانلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇنى مەرھۇمنىڭ قىزى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى دىلنۇر قاسىمۇۋا تەييارلىغان، بۇ توپلامدا «قۇتلۇق سەپەر»، «ماھمۇد قەشقەرى» قاتارلىق داستانلىرى ئورۇن ئالغان.

ھەممىگە مەلۇم، جامالدىن قاسىموۋ خىتاينىڭ سەياسي تەقىپلىرىگە ئۇچراپ، ئۆزىگە سەياسى پاناھ ئىزدەپ ئائىلىسى بىلەن ۋەتىنىدىن چىقىپ كەتكەن ئېدى. چەت يۇرتلاردا كۆپ مۇشەققەتلەرنى كۆرگەن شائىرنىڭ قەلبىدە ئۆز ئانا يۇرتىنى كۆرۈش ئارزۇسى بار ئېدى. بىرنەچچە ئون يىللاردىن كېيىن شائىر ئۆز يۇرتىنى كۆرۈپ كېلىش پۇرستىگە ئېگە بولىدۇ. شائىر ئۇيغۇرىستان دىيارىدا غۇلجا، ئۈرۈمچى، تۇرپان، كۇچار، قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلەرنى، ئۇ يەرلەردىكى تارىخى جايلار بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنى، ماخمۇت قەشقەريي، سادىر پالۋان، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە باشقىلارنىڭ قەبرى گاھلىرىنى زىيارەت قىلىپ قىرغىزستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەپەر تەسىراتلىرىنى « قەشقەر يولى» كىتاۋىدا يېزىپ قالدۇرغان.

ئۇ ئۆز سەپىرى ھەققىدە:

نېسىپ بولدى ماڭا تاغدىن ئاشماقلىق،
دەريالاردىن ئۆركەشلىنىپ تاشماقلىق.



نېسىپ بولغان ئېكەن يۇرتنىڭ ھىدىنى،
يىغىپ، پۇراپ، ئالەم ئارا چاچماقلىق.[16]

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالىرىدا جامالدىن قاسىموۋ سەپەر تەسراتلىرىنىڭ شائىر قەلبىدە پەيدا بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ھاياجانلىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

جامالدىن قاسىموۋ «قەشقەر يولى» داستانىدا قەشقەر توغرىسىدا كەڭ توختىلىدۇ. قەشقەر ـ ئۇ قېدىمىي ئىپەك يولى بويىغا ئورۇنلاشقان شەھەر. قەشقەر يولى ـ بۇ سىرلىق يول. بىرلىرىگە بۇ يول مەدەتكار بولسا، بىرلىرىگە بۇ يولدىن ئۆتمەك مۈشكۈل بولغان. لېكىن شائىر ئۈچۈن بۇ سۆيۈملۈك يولدىن ، مۇز داۋاندىن يالاڭغىداق مېڭىپ جاپا چەكسىمۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

شائىر قەشقەرگە كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە، قەشقەر شەھىرى، قەشقەردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى گۇمنامنى ۋە ئۇنىڭ«قەشقەر»ناملىق غەزىلىنى ئەسلەيدۇ. شائىر گۇمنام ئۆزىنىڭ «قەشقەر» ناملىق غەزىلىدە قەشقەر شەھىرىنى ، قەشقەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، شەرىۋەت سۆلىرىنى، قەشقەر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى، قىسقىسى قەشقەرنى يەر يۈزىدە ئەڭ ئۇلۇغ شەھەر،دەپ مەدھىيەلەپ يازغان ئېدى.

شائىر جامالدىن قاسىم شۇ خىياللار بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. قەشقەرنىڭ ئاق نىيەتلىك ئادەملىرى مېھمانغا نان، ئانار تۇتۇپ قارشى ئالىدۇ. ئۇلار شائىرنىڭ بېشىغا بادام دوپپا كىيدۈرۈپ، ئۆيلىرىنىڭ تۆرىگە كۆرپە سېلىپ، ئۈزۈم، ئانار، قايماقلار بىلەن مېھمان قىلىدۇ...

ئۇ «قەشقەر» شېئىرىدا:

قەشقەر، قەشقەر،
قەلب سۆزۈمنى ئەستە تۇت،
مېنىڭ ئۈچۈن نامىڭ بۈيۈك،

پارتىزانلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كۆدىگىنى ئۇلارغا بېرىدۇ. كۆزىنى ئېچىپ ئانا كۈچ بىلەن:

. . . . . . . . . . . . .

- ئېلىڭ قاتىل ياۋدىن ئىنتىقام،
گۆرگە كىرسۇن قۇزغۇنلار تامام.
ئوغلۇم ئېتىن قويدۇم قىساسكار،
خەلقىم ئۈچۈن بولسۇن پىداكار، -
دېدى ئانا، ئاۋازى ئۆچتى.[10]

جامالدىن «بورچى قىز»، «تارىم ئوغلى»، «ندا»، «ئايال قىسمىتى»، «قۇتلۇق سەپەر»، «قەشقەر يولى»، «ماھمۇت قەشقەرى» قاتارلىق داستانلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

«بورچى قىز» شائىرنىڭ بىرىنچى يازغان داستانىدۇر. بۇ داستاندا شائىر ئۆتمۈشتە ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان بورچى قىزنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ داستانىنى مۇنداق تاماملايدۇ:

بورچى قىز ئارمان بىلەن ژۇمدى كۆز،
يۇرت ئىچىدە « بورچى» دەپ قالدى سۆز.
مېنىڭ مەسۇم يۈرىكىمدە تۇرار يۇزمۇ - يۈز.
ھەر قېتىمدا مەن ئۇنىڭغا بارىمەن،
ئەسلىدىغۇ بىر بورچى بالىمەن.
ئۆتكۈنۈمدە شۇ قەبرىنىڭ يېنىدىن،
بورچى قىز گۈلىنى ئەسلەپ قالىمەن.[11]

لوبنۇر - ئۇيغۇرستاننىڭ جەنۇبىغا ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي-شەرقىي قىسمىغا ئورۇنلاشقان. ئۇنىڭ دەريالىرى بىلەن كۆللىرىدە ، جاڭگاللىرى بىلەن ئىدىرلىرىدا كام ئۇچرايدىغان بېلىقلار، ھايۋانلار ، ھەر خىل ئۆسۈملۈك - گىيالار كۆپ ئىدى. يېرى ئۈنۈملۈك، سۈيى مول لوبنۇر تەۋەسىدە يىلىغا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالاتتى. كېيىن بۇيەردە خىتاي



كوممۇنىستلىرى لوبنۇر ئاتوم پولىگونىنى ئاچتى ۋە يېپىق زونىغا ئايلاندۇردى. بۇ يەردە لاگىر سېلىپ، ئۇلارغا پۈتكۈل ئىچكى خىتايدىن كەلتۈرۈلگەن سەياسى مەھبۇسلار بىلەن تولدۇرغان.

**1963**- يىلى، **1**- ئۆكتەبىردە لوبنۇردا بىرىنچى قېتىم يادرو پارتىلىتىش يۈز بەرگەن. ئاتوم پارتىلىشى نەتىجىسىدە ئونلىغان يېزىلار ۋەيران بولۇپ، ئەتراپتىكى دەريا - كۆللىرىنىڭ سۈيى تارتىلىپ كەتكەن. جانىۋارلار ھەرخىل ئاغرىقلاردىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخلەر كۆيۈپ تۈگىگەن. ئادەملەر بولسا، ھەرخىل ئېغىر ئاغرىقلارغا مۇپتىلا بولۇپ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ كەتكەن. نارىسدىلەر ھەر خىل كېسەللەر ، كامچىلىقلار بىلەن تۇغۇلۇپ، تۇغما ناكا بولۇپ ياشىماقتا. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزدە تۇتقان شائىر «تارىم ئوغلى»[12] داستانىدا ئىزاھلاپ بېرىدۇ.

جامالدىن قاسىموۋ تارىم ئوغلىنىڭ ئوبرازىغا ئۇيغۇر خەلقىنى تەسۋىرلىگەن. چۈنكى، ئۇيغۇر خەلقى تارىم ئوغلىغا ئوخشاش ساددە، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، مېھماندوست بولغانلىقتىن ، كۆك چاپانلىقلار «مېھمان» سۈپىتىدە ئۇيغۇرىستانغا كېلىپ، لوبنۇر رايونىدا ئاتوم تەجرىبىسىنى يۈرگۈزۈپ، نەتىجىسىدە ئورنى تولماس ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

شائىر «تارىم ئوغلى» داستانىدا خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ ئۇيغۇرىستان زېمىنىدا ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىپ، خەلقىمىزنى قىرىۋاتقىنىغا ئۆزىنىڭ نارازىلىق ئوي - پىكىرلىرىنى يازغان.

**1970**- يىلىدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى «تۇغۇتنى چەكلەش» سەياسىتىنى يۈرگۈزۈپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقاپ كېتىش خەۋپىنى تۇغدۇرماقتا. «ئىككى بالىدىن ئوشۇق بالا تېپىشقا بولمايدۇ» دېگەن پەرمان چىققاندىن كېيىن بۇنىڭغا بوي سۇنمىغان ئائىلىلەرنى ئېغىر جازاغا تارتتى، جەرىمان سالدى. نارىسدىلەرنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرەتتى. ھامىلدار بولغان ئاياللار مەجبورى تۇردە تىببى پۇنكىتلىرىغا

مەن سۆيمەن ياشاشنى كۆلۈپ،
دوستلار قەلبىنى گۈللەرگە كۆمۈپ.
شۇڭا بۇگۈن قىرىق يىلمنى،
ئۆلتۈرمەن قىرقىا بۆلۈپ.[2]

ئانا تېمىسىغا ئەسەرلەرنى يازغان شائىر، يازغۇچىلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. جامالدىن قاسىموۋنىڭ «ئانا مېھرى»، «ئانا»، «ئانا سۈتىدەك»، «ئاق گۈللىرىڭ گوياكى ئانام»، «يىغلار ئوغلى بىچارە»، «ئانامغا» ئوخشاش شېئىرلىرى ئانا تېمىسىغا بېغىشلانغان.

خىيالىمنى بۆلمىگىن بالام،
قەلىمىمگە تەگمىگىن، يازاي.
كۆز ئالدىمدا تۇرار جان ئانام،
ئانا سۆزىدىن مەن گۆھەر تىزاي.
پەرزەنت قەرزى پۈتمەيدۇ بىراق،
ئانام ئۇچۇن ياقسام شام - چىراق.
ئانام ھىدى كېلەر پەنجىرىدىن.
ئۇرۇلسا گەر بىر ئىللىق پۇراق.[3]

شائىر « ئانامغا» ناملىق بۇ شېئىرىدا ئانىسىغا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان.

شائىرنىڭ «يىغلار ئوغلى بىچارە» ناملىق شېئىرىدا ئانا مۇھەببىتىنى ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلاپ، ئۆزىنىڭ ئانىغا ۋە ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ:

ئانا يەنە قەبرىڭ ئارا سەجدە قىپ،
قايتار ۋاقتىم بولۇپ قالدى نەچارە.



تۇغۇلغان ئۆي ـ تاملىرىڭدىن نۇر تېمىپ،
چىدالماستىن تۇرار ئوغلۇڭ بىچارە.

..............................

مەن سەرگەردان، مۇساپىر دەپ نام ئالدىم،
شۇۋاق پۇراقلىرىنى سوراپ ئۆتكەندىن.
ئانا، سەجدە قىلدىم كۆزدىن ياش تېمىپ،
قەبرىڭدە ياش تۆكەر ئوغلۇڭ بىچارە.[4]

چۈنكى، شائىر ئۆز ۋەتىنىدە ئەمەس چەت يۇرتلاردا مۇساپىر، سەرگەردان بولۇپ ياشىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ژۇرنىگى توختىغىچە ئانا ۋەتىنىنى ئارزۇلاپ ئۆتتى.

جامالدىن قاسىموۋ ئۇيغۇر پوئېزىيەسىنىڭ «باللادا» ژانىرى بويىچە قەلەم تەۋرەتكەن شائىر. ئۇنىڭ «مەجنۇن تال»، «بۇلاق»، «پوچتالون»، «قىساسكار»، «ياش ھاكىم»، «تويمۇغۇرنىڭ ئۆلىمى» قاتارلىق باللادىلىرى بار.

«مەجنۇن تال»[5]، «بۇلاق»[6] باللادىلىرىدا شائىر ئىشقى مۇھەببەت، ئادالەتلىك ۋە ئادالەتسىزلىك توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى خەلق رىۋايەتلىرى، ئېغىز ئىجادىيىتىدىن ئېلىپ يازغان.

شائىرنىڭ «پوچتالىئون»[7] باللادىسىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى بىر پوچتالىئون قىزنىڭ ئىش پائالىيىتى تەسۋىرلىنىدۇ.

«ياش ھاكىم»[8] باللادىسىدا خەلقنى، دۆلەتنى ياكى بىر يېزا خەلقىنى باشقۇرغۇچى ھاكىمنى خەلق ئۆز ئىچىدىن دېموكراتىيەلىك يول بىلەن سايلاشنىڭ كېرەكلىكىنى، سايلانغان ھاكىممۇ خەلقپەرۋەر، ئادالەتلىك بولۇشنى تەكىتلەپ يازغان.

جامالدىن قاسىم « قىساسكار»[9] ناملىق باللادىسىدا ۋېتناملىق بىر ئايالنىڭ ئورمان ئىچىدە كۆز يوروپ بالىسى بىلەن ياتقاندا بومبا يېرىلىپ، ئايالنىڭ بىر پۇتىنى ئۈزۈپ كېتىدۇ. ئانا قانسىراپ ئۆلتۈۋاتقان بولسىمۇ، بالىسىنى ساقلاپ قىلىشقا تىرىشىدۇ. سەھەردە ئايال

# شائىر خەلق قەلبىدە

قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشقان شائىرلارنىڭ بىرى جامالدىن قاسىموۋتۇر.

جامالدىن قاسىموۋ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا ناھىيەسى، تۇرپانيۈزى يېزىسىدا 1937 ـ يىلى، 26 ـ ئىيۇندا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپتە «مۇرات» مەكتىۋىدە، ئاندىن 1954 ـ يىلى، دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ، 1957 ـ يىلى تاماملىغان ۋە غۇلجا شەھەرلىك ياشلار كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان. 1958 ـ يىلى، ئۇ «يەرلىك مىللەتچى» دەپ ئەيىپلىنىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ئەۋەتىلگەن. 1963 ـ يىلى، ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانىنىڭ فرونزې شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، 1970 ـ يىلغىچە «قىرغىزئاۋتوماش» زاۋۇدىدا، ئاندىن كېيىن بىر نەچچە يىل تۆمۈر يول مەھكىمىسىدە پىروۋودنىك بولۇپ ئىشلىگەن.

جامالدىن قاسىموۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1991 ـ يىلى، مارتتا قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى يېنىدا ئۇيغۇر ئەدەبىيات بۆلۈمى ئېچىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ ئەدەبىيات بۆلۈمىنى باشقۇردى. جامالدىن قاسىموۋ 2000 ـ يىل، 24 ـ فېۋرالدا ژۇرەك ئاغرىقىدىن ۋاپات بولدى.

جامالدىننىڭ ئىجادىيىتى 1953 ـ يىلى، شېئىر يېزىش بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»، «تارىم» ئوخشاش گېزىت ـ ژۇرناللاردا يورۇق كۆرگەن. قىرغىزستانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، «ئىتتىپاق»، «پەرۋاز»، «ئارزۇ»، قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە بېسىلغان. ئۇنىڭ «دىل دەپتىرى» (1971)، «ئىزدىگەنلىرىم» (1977)، «يوللار ۋە ئويلار» (1983)، «كېلەر كۈننى كۈتكەندە» (1988)، «قەشقەر يولى» (2000) ناملىق شېئىر توپلاملىرى يورۇق كۆردى.



2001 ـ يىلى، يۈسۈپ بالاساغۇنى نامىدىكى قىرغىزستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكولتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ نەشىردىن چىققان (تۈزگۈچى ئەكبەرجان باۋدۇنوۋ) «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» دەرىسلىك ـ خرېستوماتىيە كىتاۋىدا جامالدىن قاسىموۋنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىلەن «ياش ھاكىم» ناملىق باللادىسى بېرىلگەن.

جامالدىن قاسىموۋ شېئىرلىرىدا ئانا ـ ۋەتەن، مېھنەتنى سۆيۈش، ئىلىم ـ پەن ئۆگۈنۈش، ئىشقى ـ مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى مەدھىلىدى.

شائىر «يەر مۇھەببىتى» شېئىرىدا:

ـ گۈل تەردىڭمۇ ؟
ـ تەردىم تەر تۆكۈپ.
ـ بەردىڭمۇ ئەلگە ؟
ـ بەردىم تىز پۈكۈپ.
ـ تاش قوماردىڭمۇ جاپا تېغىدىن ؟
ـ قوماردىم، ئامما ياتمىدىم مۈكۈپ.
ـ ئايىغا مىنەمسەن، ياكى قۇياشقا،
قۇدرىتىڭ بارمۇ، يەردىن ئۈزاشقا؟
ـ ئۈزايمەن، بىراق تەك قىلالمايمەن،
ھەممىنى بىر تال ئاپپاق تۇغاچقا.(1)

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالىرىدا مېھنەتنىڭ نېمە ئېكەنلىگىنى، ھالال ئەمگىكى بىلەن ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىغى، «ئاپپاق تۇغاچ» ئارقىلىق دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتىنى يۇقۇرى مەدھىلىگەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى «قىرىقتا بۆلۈپ» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئوتلۇق بىر نىدا چىقتى يۈرەكتىن.
شۇ سەۋەپ قولغا ئالدىم قەلەمنى،
يازاي دەپ خەلقىم تارتقان ئەلەمنى.[8]

شائىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسرلەر بويى مۇستەملىكىچىلىكتە قىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئۇيغۇرستاننىڭ تۈگمەس بايلىغى، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ پۈتمەس بايلىغى كۆپتۇر،
گۆزەل شەرقتە تەڭدىشى يوقتۇر.[9]

ئەزىمجان نىزامىي داستاننىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئۇيغۇرىستاننىڭ گۆزەل قەشقەر، ئاقسۇ، باي، سايرام، كۇچار، تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قاراماي ئوخشاش شەھەر يۇرتلارنى مەدھىيلەيدۇ. شائىر قەشقەر ناملىق بابىنى مۇنداق باشلايدۇ:

قوزغار يۈرەكتە شىرىن ھىس-تۇيغۇ،
ياڭرىسا ناغرا ھېيتكا ئۈستىدە.
كىم زوق ئەيلىمەس بۇ بەزمە-تويغا،
مەردانە خەلق قايىنامى قەشقەر.
كۆيلەپ ئىشقىنى مۇڭلۇنۇپ نەيدە،
شائىرنىڭ جۇشقۇن ئىلھامى قەشقەر.
شادىيانىغا ناغرا-سۇنەيدە،
دەرتلىك يۈرەكنىڭ ئارامى قەشقەر.[10]

قەشقەر بابىنىڭ ئاخىرىسىنى مۇنداق تۈگىتىدۇ:

بىزگە ياقماس قۇللۇق ئەزەلدە،
ئويۇشقىن ئۇيغۇر، بىرلىك بىر سەپكە!



باسقۇنچىلارغا بېرەيلى دەككە،
ئۆلسەك بىز شېھىت مۇقەددەس ئەلدە.[11]

شائىرنىڭ «زۇلۇمغا زاۋال» داستانى باشتىن ئاخىرىغىچە زۇلۇمغا زاۋال بېرىشىنىڭ كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بىلەن كۈرەش يەنە كۈرەش قىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەسەردە ئالاھىدە بېرىلگەن ئوبرازلار يوق. ئەسەردىكى ئاساسى ئوبراز ئۇيغۇر خەلقى، ئۇنىڭ كۆرەش پائالىيىتى، ئەزىمجان نىزامىي داستاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چوقۇم ئازاتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلدۈرىدۇ.

---

1. ئەزىمجان نىزامىي. كۆلكەڭگە. زۇلۇمغا زاۋال. -بىشكەك، 2017، 9- بەت.
2. ئەزىمجان نىزامىي. مېنى كۈت. زۇلۇمغا زاۋال. 13- بەت.
3. ئەزىمجان نىزامىي. پارچىلار // «ۋىژدان ئاۋازى». -بىشكەك، 1998، 30- ئىيۇل.
4. ئەزىمجان نىزامىي. قېنى // «ۋىجدان ئاۋازى». 1997، 30- ئاۋغۇست.
5. ئەزىمجان نىزامىي. ئۇيغۇرىستانىم ئېلىم // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. -بىشكەك، 2001، 204- بەت.
6. ئەزىمجان نىزامىي. ئىزلار // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. 293- بەت.
7. ئەزىمجان نىزامىي. ۋەتەن. زۇلۇمغا زاۋال. -بىشكەك، 2017، 18- بەت.
8. ئەزىمجان نىزامىي. زۇلۇمغا زاۋال. 111-بەت.
9. ئەزىمجان نىزامىي. زۇلۇمغا زاۋال. 115- بەت.
10. ئەزىمجان نىزامىي. زۇلۇمغا زاۋال. 116- بەت.
11. ئەزىمجان نىزامىي. زۇلۇمغا زاۋال. 119- 120- بەتلەر.

ئەزىمجان نىزامىي مۇساپىرلىق ھاياتىنىڭ ئاچچىق دەردىنى كۆپ تارتقان، شۇڭلاشقا ئۇ ۋەتەن يولىدا ھەر قانداق ئىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى «قېنى» ناملىق شېئىرىدا ئوچۇق ئىزھار قىلىدۇ.

مۇساپىرلىق رەستىسىدە يۈردۈم ئەررۇ ـ دات ئېيتىپ،
مۇجاۋىرلار تەنە قىلار سۆزلىرىنى دارىتىپ.
كەلمىدى ھېچ بىر رەھىمدىل دەردىم سوراپ ھال ئېيتىپ،
دېدىم ئاخىر: ئەي، نىزامىي تىك تۇرغىن ئۇتتەك يېنىپ.[4]

شائىر ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرىستانىم ئېلىم» ناملىق شېئىرىدا ۋەتەننى مەدھىيلەپ مۇنداق يازىدۇ:

كەبەم مېنىڭ قىبلىگاھىم ئۇيغۇرىستانىم ئېلىم،
سەن ئۇچۇن جانلار تەسەددۇق گۈل ـ گۈلىستانىم ئېلىم.
داڭقى ئالەمگە مەشھۇر شاۋكىتى ـ شانىم ئېلىم،
زېمىنىڭ چەكسىز ـ پايانسىز ئۇيغۇرىستانىم ئېلىم.
تۇتىيادۇر كۆزلىرىمگە لەيلى ـ ياقۇت تاغلىرىڭ،
قەدىرلىكتۇر ئاددىي تېشىڭ ـ چۆپ ۋە گىيا ياپرىغىڭ.
تەڭگە دەرمان، شىپا بەخش «ھەۋزى كەۋسەر» كۆللىرىڭ،
جاھاندا ھېچ تەڭدىشى يوق تاغۇ ـ دەريا، چۆللىرىڭ.
ئاشىقىڭ مەن ـ مەشۇقىم سەن ئۇيغۇرىستانىم ئېلىم،
تا ئەبەتكە سۆيگۈنۈم سەن دىلىدا ئىمانىم ئېلىم.[5]

ئەزىمجان نىزامىي ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق غەزىلىگە يازغان «ئىزلار» شېئىرىدا مۇستەقىللىققە ئېرىشىشكە ئىشەنچ بىلدۈرىدۇ:

گۇناھسىز كېسىلدى كۆپ ئەزىز باشلار،
تۆكۈلدى زېمىنغا قىپ ـ قىزىل قانلار.



كۆزلەردىن قۇرىماي ئاقىدۇ ياشلار،
تەغدىرىم ئۆيلىسام قايىدۇ باشلار.
ئەجدادىم تارىختا قالدۇرغان ئىزلار،
ئىز بېسىپ ماڭماقتا ئوغۇل ۋە قىزلار.
زادىلا كۆمۈلمەس بىز باسقان ئىزلار،
تاڭلا ھەم نەۋرىمىز ئىز باسار ئىزلار.
ئەۋلاتلار ئىز بېسىپ تاپىدۇ زەپەر،
ئىشەنچىم كامىلدۇر، ئەرتە تاڭ سەھەر.[6]

شائىرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك شېئىرلىرى ۋەتەن تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ۋەتەن ئىشقى شائىرغا تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئىلھام بېرىدىغانلىقىنى «ۋەتەن» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئاڭلا ۋەتەن يۈرەك سۆزۈمنى،
ساڭا ئاتىدىم بارۇ ـ يوقۇمنى.
ۋەتەننىڭ ئىشقى شائىرغا ئىلھام،
ۋەتەن ھەققىدە تۈگىمەس ناخشام.[7]

دەپ، ۋەتەن ھەققىدە ئۇنىڭ ناخشىسى تۈگىمەيدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ئەزىمجان نىزامىي «زۇلۇمغا زاۋال» ناملىق چوڭ ھەجىملىق داستاننى يازغان. بۇ داستاندا شائىر 200 يىلدىن بېرى قۇللۇق تۈزۈمىدە ئازاپ چېكىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاجىئەلىك ھاياتىنى تەسۋىرلەش بىلەن، بۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن بىر يولى ئازاتلىق كۈرەش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ ئەسەرنى يېزىشنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بىلدۈرىدۇ:

ئەلنىڭ پەريادى ئاشتى پەلەكتىن،

ئەزىمجان ئۆز قولى بىلەن كۆچەرگەن. 1994 - يىلى، 25 - مارت كۈنى قىرغىزىستان تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا، قانۇنلۇق ئاساستا يورۇق كۆرگەن «ئىتتىپاق» گېزىتىنى چىقىرىش مەزگىلىدىمۇ، يەنىلا ئۇيغۇرچە باسما ھەرىپ تېپىلمىغانلىقتىن، بۇ گېزىتنىڭ بىرىنچى ئۈچ سانى ئەزىمجاننىڭ كاتىپلىقىدا، ئۇنىڭ يېزىشى ئارقىلىق چىققان.

1997 - يىلى، 31 - مارت كۈنى «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ نامى «ۋىجدان ئاۋازى»غا ئۆزگەرتىلىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، ئەزىمجان نىزامىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەزكۇر گېزىت كوللېكتىۋى بىلەن بىر سەپتە خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئەزىمجان نىزامىي 2001 - يىلى، 26 - سېنتەبىر كۈنى باشقۇرتىستاننىڭ پايتەختى ئۇفا شەھىرىدە ماشىنا ھالاكىتىگە ئۇچراپ پاجىئەلىك ۋاپات بولدى.

ئەزىمجان نىزامىي ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئەدەبىياتقا قىزىققان. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا بىلگەن. ئۆزىمۇ 1957 - يىلىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، »ئىتتىپاق»، «ۋىجدان ئاۋازى» گېزىتلىرىدە يورۇق كۆرگەن. يەنە 2001 - يىلى ، يۇسۇپ بالاساغۇنىي نامىدىكى قىرغىزىستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ نەشىردىن چىققان (تۈزگۈچى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ ) «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى»دەرسلىك - خرېستوماتىيە كىتاۋىغا ئەزىمجان نىزامىينىڭ بىر توپ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

ئەزىمجان نىزامىينىڭ «زۇلۇمغا زاۋال» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 2017 - يىلى، ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋنىڭ تەييارلىشىدا نەشىردىن چىقتى.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى مۇھەببەت، ئانا ۋەتەن، دوستلۇق تېمىلىرىغا يېزىلغان. ئۇنىڭ مۇھەببەت تېمىسىغا يېزىلغان شېئىرلىرى «كۈلكەڭگە»، «مېنى كۈت»، «يار سۆيسەڭ»، « يارىمغا خەت»، «سەنەم» ۋە باشقىلار. ئەزىمجان «كۈلكەڭگە» ناملىق شېئىرىدا قىزىغا بولغان چىن مۇھەببىتىنى مۇنداق ئىزھار قىلغان:



ئۆرگىلەي ھەم چۆرگىلەي،
شۇ يېقىملىق كۈلكەڭدىن.
كۆيگىنىمنى بىلگەنسەن،
سەنمۇ مېنىڭ كۈلكەمدىن.[1]

ئەزىمجان نىزامىينىڭ كۆپ شېئىرلىرى مۇھەببەت تېمىسىغا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ئىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ «مېنى كۈت» ناملىق شېئىرىدا بۇ پىكىر ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

كۈت دېدىم يەنە كۈتكىن، ئازدەك،
قىل تاقەت - سەبىر، يانا ئاز كۈن كۈت.
بىلمەن جېنىم ساقلىدىڭ ۋىجدان،
يۈرەك سۆزۈمگە يارىم چىندىن پۈت.[2]

شائىرنىڭ كۆپ شېئىرلىرى ئۆز ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاندىن ئايرىلىپ جۇدالىقتا ئۆتكەن ھاياتى، ۋەتىنىنى سېغىنىش ھېس تۇيغۇلىرى بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇرىستانىم ئېلىم»، «ۋەتەن»، «قېنى»، «مېنىڭ خەلقىم» ۋە باشقا شېئىرلىرىدا كېچە - كۈندۈز ۋەتەن غېمىدا يۈرگەنلىكى روشەن كۆرۈنىدۇ.

ۋا دەرىخا، نازىنى يار، شامۇ - سەھەر يىغلىدىم.
سېغىنىپ مەن بويلىرىڭنى ئەترە - ئەنبەر يىغلىدىم.
كۆيدۈم، ئۆچمەي پىراقىڭدا ئاللاھۇ ئەكبەر يىغلىدىم.
دىدار ئىزدەپ دىلدارىم، دىلدا دىلبەر يىغلىدىم.
قەلبى قۇياش، كۆزى چولپان، ئۆزەم قەمەر يىغلىدىم،
ئاھ، مەشۇقىم، ئاشىق ئەزىم، قەلبى دەپتەر يىغلىدىم.[3]

11. ئابلىز روزى. ماقالىغا مايىل قۇرلار // «يېڭى هايات». ـ ئالمۇتا، 1992, 18 ـ ئىيۇن.

12. ئابلىز روزى. ماقالىغا مايىل قۇرلار // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. بىشكەك، 2002، 285 ـ بەت.

13. ئابلىز روزى. ھەقىقەتتىن نەسىھەت. بىشكەك، 1994، 195 ـ بەت.

14. ئابلىز روزى. ھەقىقەتتىن نەسىھەت. 195 ـ بەت.

15. ئابلىز روزى. ھەقىقەتتىن نەسىھەت. 195 ـ بەت.

16. ئابلىز روزى. سەلەي چاققان سەيلىدە // «يېڭى هايات». ـ ئالمۇتا، 1986، 16 ـ سېنتەبر.



# ۋەتەن ئىشقى ـ شائىرغا ئىلھام

ھەممىگە مەلۇم، سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرىدە شائىر، يازغۇچىلارنىڭ كېڭەش دۆلىتىنى، كوممۇنىستىك پارتىيەنى مەدھىيلەپ يازغان ئەسەرلىرى گېزىت، ژۇرناللاردا ۋە ئايرىم كىتاپ بولۇپ نەشىردىن چىققان. ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازاتلىغى ۋە مۇستەقىللىغى تېمىسىغا بېغىشلاپ يېزىلغان ئەسەرلەر تەكشۈرۈشتىن(سېنزوردىن) ئۆتمەتتى. خەلقىمىز ئىچىدە شېئىرلىرىنى ۋەتەننىڭ ئازاتلىغىغا بېغىشلاپ يېزىپ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرالماي، ئۆز خەلقىگە كەڭ تونۇلماي ئالەمدىن ئۆتكەن شائىرلار ئاز ئەمەس. شۇلارنىڭ بىرى ئەزىمجان نىزامىدۇر.

ئەزىمجان نىزامىدىنخان تۆرەم ئوغلى 1936 ـ يىلى، 2 ـ ماي، كۈنى ئۇرۇمچى شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى نىزامىدىنخان تۆرەم بىر نەچچە تىللارنى بىلگەن بىلىملىك كىشى بولۇپ، قارغىلىق باج ئىدارىسىدا مۇدىرنىڭ ئورۇنباسارى لاۋازىمىدا ئىشلىگەن. ئەزىمجان 1946 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە قارغىلىق ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، قارىلىق بىلىمگە ئېگە بولغان. 1953 ـ يىلى، ئۇرۇمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتىن 1960 ـ يىلى ئۆكتەبرگىچە «شىنجاڭ شىنخۇا» باسما زاۋۇدىنىڭ ئۇيغۇر بۆلىمىدە كوررېكتور ۋە تېخ رېداكتورلۇق خىزمىتىدە ئىشلىگەن. 1960 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ قىرغىزستاننىڭ پايتەختى فرۇنزې (ھازىرقى بىشكەك) شەھرىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. 1966 ـ يىلى، رۇسىيەنىڭ ۋورونېژ شەھرىدە ئوقۇپ تۆمۈر كەسپەلەش (سۋارشىك) كەسپىنى ئېگەللەپ كەلگەندىن كېيىن، فرۇنزې شەھەرلىك قۇرۇلۇش مەھكىمىسىدە كەسپەلىگۈچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1971 ـ يىلى، 1 ـ ئاپرېل كۈنى، ۋاراقچە شۈپىتىدە مەخپىي يورۇق كۆرگەن «ۋىژدان ئاۋازى» گېزىتىنىڭ كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان ۋە ئۇ يىللىرى ئۇيغۇرچە باسما ھەرپى بولمىغانلىغىدىن، گېزىت ماتېرىياللىرىنى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدا لەتىپە: مەزمۇن بايلىغى، تىلىنىڭ ئۆتكۈرلىگى، تىڭشىغۇچىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىشى، قىزىقارلىقلىغى ۋە ئىخچاملىغى بىلەن پەرىقلىنىدۇ. نەسىردىن ئەپەندى تارىخى شەخسىدىن ئەپسانەۋىي قەھرىمانغا ئايلىنىپ، پۈتۈن تۈركىي ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن بولسا، سەلەي چاققان، مولla مەتنىياز خەلپىتىم، مولla زەيدىن، ئىمىرخان غوجا ۋە باشقىلار ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى تارىخىدا چوڭ ئورۇن ئېگەللىگەن لەتىپىچىلەردۇر. بۇ ئاجايىپ تالانت ئېگىلىرىنىڭ لەتىپىلىرىدىكى ئالاھىدە خۇسۇسىيەت شۇكى، ئۇلا خەلق ئۇستىدىكى زورلۇق ۋە شۇملىقنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، ئۆتمۈش مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈر كۈلكە ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرسىنى رەھىمسىز پاش قىلىدۇ. شۇنىڭدەك پادىشا، بەگ، ئىشان ۋە قازىلارنى ئالدامچى ۋە ئاخماق قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يازغۇچى ئەدىپلىرىمىز «سەلەي چاققان»، «سەلەي چاققان سەيلىدە» رۇبرىكىلىرى بىلەن لەتىپىلەرنى يېزىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلماقتا.

ئابلىز روزىمۇ «سەلەي چاققان سەيلىدە»[16] روبرىكىسىدا نۇرغۇنلىغان لەتىپىلەرنى يازغان. ئۇنىڭ يازغان لەتىپىلىرى «يېڭى ھايات»، «ئىتتىپاق» گېزىتلىرىدە ۋە «پەرۋاز» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرىدە بېسىلغان. ئۇ لەتىپىلىرىدە بۈگۈنكى كۈندە ئادەملەردە ئۇچرايدىغان سەلبى قىلىقلارنى تەنقىت قىلىدۇ.

ئابلىز روزى قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ باسما ئورگىنى «ئىتتىپاق» گېزىتنى چىقىرىش تەشەببۇسكارلىرىنىڭ بىرى بولغان ئېدى. گېزىتنىڭ نەشىردىن چىققان 1- نومېرىدىن باشلاپ ئابلىز روزى گېزىتنىڭ مەسئۇل كاتىبى بولدى. ئۇ ۋاپاتىغىچە بىر يېرىم يىل ئىچىدە گېزىتنىڭ ھەر بىر ساندا ماقالىلارنى يېزىپ جامائەتچىلىككە كەڭ تونۇلغان ئېدى.

ئابلىز روزى ۋەتەنپەرۋەر ئىنسان ئېدى. ئۇ 1991- يىلى، بىشكەك شەھرىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى(ئۇ ئا ت)غا



بىرىنچىلەردىن بولۇپ ئەزالىققا كىرگەن. كېيىن ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ تەسىس قۇرۇلتىيىدا ئۇئات مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىغا سايلانىدى. ئۇ ئا ت نىڭ پائالىيەتلىرىگە جان دىلي بىلەن قاتناشقان. ئۇ، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازاتلىغىنى ئارزۇ قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

ئاق كۆڭۈل ئىنسان، ۋەتەنپەرۋەر ئىنسان، ژۇرنالىست ئابلىز روزىنىڭ خۇشخوي سىماسى ۋەتەنداشلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

---


1. ئابلىز روزى. ھەقىقەتتىن نەسھەت(قول يازما). بىشكەك، 1994.

2. ئابلىز روزى. ماقالىغا مايىل قۇرلار // «يېڭى ھايات». - ئالمۇتا، 1987، 26 - دېكابىر.

3. ئابلىز روزى. ماقالىغا مايىل قۇرلار // «يېڭى ھايات». - ئالمۇتا، 1987، 26 - دېكابىر.

4. ئابلىز روزى. ماقالىغا مايىل قۇرلار // «يېڭى ھايات». - ئالمۇتا، 1992, 18- ئىيۇن.

5. ئابلىز روزى. ماقالىغا مايىل قۇرلار // «يېڭى ھايات». 1992، 18- ئىيۇن.

6. ئابلىز روزى. ماقالىغا مايىل قۇرلار // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. - بىشكەك، 2001, 281 - بەت.

7. ئابلىز روزى. ماقالىغا مايىل قۇرلا // «يېڭى ھايات». - ئالمۇتا، 1987، 26 - دېكابىر.

8. ئابلىز روزى. ھەقىقەتتىن نەسھەت(قول يازما). - بىشكەك، 1994، 42- بەت.

9. ئابلىز روزى. ھەقىقەتتىن نەسھەت. 43 - بەت.

10. ئابلىز روزى. ماقالىغا مايىل قۇرلار // «يېڭى ھايات». - ئالمۇتا، 1994، 22 - يانۋار.

بولسا سەندە ئالىي پەزىلەت،
قونادۇر ئابرويى، كەتمەس ئىززەت.[11]

ئادەم ۋە ئالەم توغرىسىدا:

كېتەدۇر ئادەم، قالادۇر ئالەم [12]

ئابلىز روزىنىڭ ماقالىغا مايىل مىسرالىرى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىگە ئوخشاش چوڭقۇر پەلسەپەلىك ئوي-پىكىر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئىنسانلارنى ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەشتە چوڭ رول ئوينايدۇ.

ئابلىز روزى قول يازمىسىنى رەتلەپ كىتاپ قىلىپ چىقىرىش ئارزۇسىدا يۈرەتتى. بىراق ۋاقىتسىز كەلگەن ئەجەل ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول قويمىدى. ئەپسۇس ئابلىز روزىنىڭ ۋاپاتىغا 27 يىل بولسىمۇ، موشۇ كۈنگىچە ئۇنىڭ قول يازمىسى نەشىردىن چىققىنى يوق. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ بۇ قول يازما كىتاپ بولۇپ چىقسا نۇر-ئۈستىگە نۇر بولار ئېدى...

ئابلىز روزى شېئىر-قوشاقلارنىمۇ يازغان. ئۇنىڭ «ئۈكۈنۈش»، «ئۈمۈت قوشىغى» قاتارلىق شېئىر-قوشاقلىرى «ئىتتىپاق» گېزىتىدە بېسىلغان.

ئابلىز روزى ئائىلىسى بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ چەت يۇرتلاردا كۆپ مەشەققەتلەرنى تارتقان.

مۇساپىر بولۇپ قالدىم،
ئۆگىسىدىن ئايرىلغان.
بەختىمگە شۇمبۇيا چىقىپ،
قانىتىدىن قايرىلغان.[13]



مۇساپىر بولۇپ قالغانلىغىنىڭ سەۋەبىنى ئاددىي سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، يەنە:

ئۆتتى ئۆمرۈم ھەسرەتتە،
كەلمىدى يېنىمغا يار.
ياشلىغىم كەتتى يىراققا،
ياغدۇرۇپ بېشىمغا قار.[14]

دەپ، ئۆزۈن يىللار ۋەتەن ئىشقىدا ھەسرەت چېكىپ ھاياتىنىڭ ئۆتكەنلىگىنى، بېشىنى ئاق بېسىپ، ياشلىغىنىڭ مەڭگۈ كەتكەنلىگىنى ئۆكۈنۈش بىلەن ئەسلەيدۇ.

پانا سىز دەپ ئويلىما،
ئانا يۇرتۇم بار مېنىڭ.
چالمىسىغا تېتمايدۇ،
بايلىغىڭ-ۋەسلىڭ سېنىڭ.

سادىرنىڭ ئەۋلادىمەن،
تەگمىگەن يەرگە يېنىم.
بەخىت قۇشى قونىدۇ،
بولسىلا تەندە جېنىم.[15]

قوشاقنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتلىرىدا بولسا، ئانا ۋەتىنىنىڭ بار ئېكەنلىگىنى ۋەتەننىڭ قاچانلا بولمىسۇن مۇستەقىللىققە ئېگە بولىدىغانلىغىغا ئىشەنچ بىلدۈرىدۇ.

ئابلىز روزىنىڭ «ئۈكۈنۈش»، «ئۈمۈت قوشىغى» نامىلىق شېئىر-قوشاقلىرى ۋەتەن تېمىسىغا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئازاتلىغىنى ئارزۇ قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۆزگە يۇرتنىڭ پاختىسىدىن،
ئانا يۇرتنىڭ تاختىسى ياخشى.[3]

ئابلىز روزى بۇ ماقالىسىدە قاتتىق بولسىمۇ ئۆزەڭنىڭ زۇتۇڭنىڭ تاختىسى ياخشى، باشقا زۇتنىڭ پاختىسىغا قارىغاندا، ئۆزەڭنىڭ بولسا، ھەر قانداق نەرسىنى ئىشەشلىك ئىشلىتەلەيسەن. مىڭ چىرايلىق بولۇپ ئۇ خەخنىڭ بولسا، ئۇنىڭ ساڭا بەرىبىر پايدىسى تەگمەيدۇ، دېگەن مەنانى بېرىدۇ.

ۋەتەن ئانىدۇر ھەممىدىن قۇتلۇق،
ۋەتەن دەپ كۆيەر يۇرىكى ئوتلۇق.[4]

بۇ ماقالىدا ۋەتەننىڭ ئانىدەك ھەممىدىن ئۇلۇقلىغىنى، ۋەتەنسىز يۇرگەنلەرنىڭ يۇرىگى كۆيىدىغانلىغىنى ئېيتىدۇ. ھەر قانداق ئادەم ئۆز ۋەتىنىنىڭ قەدرىنى باشقا زۇتقا بارغاندا بىلىدۇ، دېيىلگەن.

ۋەتىنى يوق ۋەتەنگە زار،
كۆزلىرى نەم، ھاياتى خار.[5]

بۇ ماقالە يۇقۇردا ئاتاپ ئۆتكەن ماقالىلارغا ئوخشاش بولۇپ، ۋەتىنى يوقلار ۋەتەنگە زار بولۇپ زۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتى سەرگەردانلىقتا ئۆتۈپ، كۆزلىرى نەم، ھاياتى خار بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى يازىدۇ.

ئابلىز روزى 1955 - يىلى، ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاننى تەرىك ئېتىپ قىرغىزستاندا كۆچۈپ چىققان ئېدى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇ ئۆمۇرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىنى سېغىنىپ، ۋەتەندىن ئايرىلىشىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئېكەنلىگىنى چۈشۈنۈپ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، يۇقۇرىدىكى. ماقال - تەمسىللەرنى يازغان.



ئۇنىڭ ۋەتەن توغرىسىدا يازغان ماقال - تەمسىللىرى كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا تەربىيەلەشتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئېگە.

باتۇرلۇق، مەرتلىك توغرىسىدا:

جەڭگە كىرسەڭ چىققىن ئالدىغا،
ئانا كەچۈرمەس يۇرسەڭ دالدىدا.[6]

دوستلۇق توغرىسىدا:

دوست ئىزدىمە ئاھ ئۇرۇپ،
كۆڭۈل ئىزدە پاك يۇرۇپ.[7]

ئەقىل، پاراسەت توغرىسىدا:

ئەقىل، ھونەر ھەم بولسا،
تۇرمۇشىڭدا غەم بولماس.[8]

* * *

بىرنىڭ ئەقلى بولاق بولسا،
كۆپنىڭ ئەقلى دەريا.[9]

ئىرسي مۇھەببەت، ئۇرۇق توغرىسىدا:

بالاڭ يەلكەڭگە مىنسە،
نەۋرەڭ بېشىڭدىن چۈشمەس.[10]

ئەدەپ، ئەخلاق توغرىسىدا:

ئابلىز روزى ياش چاغلىرىدىلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قىزىققان. ئۆزىمۇ 80 ـ يىللاردىن باشلاپ ماقال ـ تەمسىل، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى يېزىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ يازغان ماقال ـ تەمسىللىرى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، «ئىتتىپاق» گېزىتلىرىنىڭ ۋە «پەرۋاز» ژۇرنالىدا يورۇق كۆرگەن.

2001 ـ يىلى، يۇسۇپ بالاساغۇنى نامىدىكى قىرغىزستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ نەشىردىن چىققان (تۈزگۈچى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ) «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» دەرىسلىك ـ خرېستوماتىيە كىتاۋىدا ئابلىز روزىنىڭ بىر توپ «ماقالغا مايىل مىسرالار»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» بېرىلگەن.

ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرى ئەڭ قەدىمىي زامانلاردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ، ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ئەڭ ياخشى مەدەنىي ۋە مەنىۋىي مىراس سۈپىتىدە بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. ئۇلۇق ئۇيغۇر ئالىمى ماخمۇت قەشقەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسەرىدە قېدىمقى قەبىلە ۋە ئۇرۇق ـ تايىپىلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ماقال ـ تەمسىللەردىن 300 گە يېقىننى نەقىل كەلتۈرگەن. ماقال ـ تەمسىللەر پۈتۈن خەلق تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭدا، ئەنە شۇ خەلقنىڭ تا ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئارزۇ ـ ئارمىنى، تىلەك ـ خاھىشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دۇنياغا كۆز قارىشى ئەكس ئېتىلىدۇ.

ماقال، خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تۈردە تارقالغان ھەم ئۇ ئەسىرلەر داۋامىدا ياشاپ كەلگەن. ماقالدا ئىپادىلەپ تۇرغان پىكىر ۋە مۇلاھىزە ـ ئادەتتە، تۇرمۇشتا كۆرۈلگەن نۇرغۇن تەجرىبىلەرنىڭ قىسقىچە ۋە ئېنىق خۇلاسىسى. شۇڭلاشقا كىشىلەر ماقالنى تۇرمۇش ساۋىغى سۈپىتىدە قەدىرلەپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىش ـ ئەمەلىيىتىدە پايدىلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ئىشەشلىك ئەمەل قىلىدۇ.



ماقال ناھايىتى قىسقا بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرەر ئارتۇق سۆز يوق. ھەر بىر سۆز سالماقلىق، مەنالىق ۋە ئېنىقلىق بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، «ھەرىكەتتە بەرىكەت»، «ھەق ئېگىلەر ـ سۇنماس»، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ داڭقى چىقماس»، «ياخشىنىڭ ـ شاراپىتى، يامانىنىڭ كاساپىتى» ۋە باشقىلار.

دېمەك، ماقال دېگىنىمىز ئۆزىدە خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ـ تارىخىي تەجرىبىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، كىشىگە ئۆلگە ـ ئىبرەت بولالايدىغان، مەلۇم رىتىم ۋە ئاھاڭداشلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئىخچام ھېكمەتلىك سۆزدۇر.

تەمسىل ـ ھاياتتىكى بىرەر ھادىسىنى ئېنىق ۋە ئورۇنلۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان قىياسىي ئىبارە.

ئابلىز روزى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان قول يازمىسىدىكى 1500دىن ئوشۇق ماقال ـ تەمسىللىرىنى «ھەقىقەتتىن نەسىھەت»[1] نامى بىلەن ئاتاپ، تۆۋەندىكى 6 بۆلۈمگە بۆلگەن: 1 ـ تەربىيەۋىي نەسىھەتلەر؛ 2 ـ ئەقىل، بىلىم، ھۈنەر توغرىسىدا؛ 3 ـ ياخشىلىق، مېھرىبانلىق، ئەمگەك توغرىسىدا؛ 4 ـ يامانلىق. نادانلىق، ھورۇنلۇق ھەققىدە؛ 5 ـ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ئىناقلىق ھەققىدە؛ 6 ـ تۇرمۇشقا ئائىت ھەقىقەتلەر.

ئەدىپنىڭ يازغان ماقال ـ تەمسىللىرى ھەر خىل تېمىلارغا بېغىشلانغان. مەسىلەن: ۋەتەن، خەلق، ئەل ـ يۇرت توغرىسىدا يازغان ماقال ـ تەمسىللىرى:

شەرقتە ئۆسكەن شاھزادە شېرىپ،
كۆچكىنى ئۈچۈن غەرىپتە غېرىپ.[2]

بۇ ماقالدا ئابلىز روزى ھەر قانداق ئادەم ئۆز ئېلىنىڭ قەدرىنى چەت ئەلگە بارغاندا بىلىدۇ، ئۆز ۋەتىنىدە ئۇ شېرىپ بولسا، ئۆز ئېلىدىن كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتى غېرىپچىلىقتا ئۆتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ يازغان.

زوردۇن تاغىسى كېلىپ، تۇغلۇقنى يۆلەشتۇردى. قەبرىستانغا بىللە كېلىشكەنلەر تۇغلۇققا تەسەللى سۆزلەرنى ئېيتىشتى. ياشقىنە قارىم كىشى كۆڭلىنىڭ ئەزگىدەك مۇڭلۇق بىر ئاھاڭدا ئۇزۇن ۋاقىت قۇرئان - تىلاۋەت قىلدى. قەبرىستانلىقتا ئولتارغانلار چوڭقۇر قايغۇ ماتەم ئىلكىدە مەرھۇملارنى ئەسلەشتى...

ئىبراھىمجان ئىلىيېۋنىڭ «ئەۋلاتلار قەلبى» ناملىق رومانىنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى كەسكىن ئويغۇنۇپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ سەياسەتلىرىگە قارشى غەزەپلەنمەي تۇرالمايدۇ.

ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ « ئەۋلاتلار قەلبى» ناملىق تارىخىي، سەياسىي ۋە بەدىئىي رومانىنى ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا يېزىپ تۈگەتكەن بولسىمۇ ئۇنى نەشردىن چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمىدى.

---

1. ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ. دوستۇڭ قارىغا بولسا... // «يېڭى ھايات». - ئالمۇتا. 1972. 1- ئىيۇل.

2. ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ. مېھىر گىيا // «يېڭى ھايات». - ئالمۇتا. 1992. 26- ماي.

3. ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ. سامان تېگىدە سۇ بار ئىكەن // «يېڭى ھايات». - ئالمۇتا، 1992، 18- ئىيۇل.

4. ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ. سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن كۈنلەر // «يېڭى ھايات». - ئالمۇتا، 19943. 7- ئاۋغۇست.

5. ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ. مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام... // «يېڭى ھايات». - ئالمۇتا، 1994، 20- ئاۋغۇست.

6. ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ. ئەۋلاتلار قەلبى(قول يازما). - بىشكەك، 1991.

7. ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ. چېگارا بويىدا // «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى». - بىشكەك. 2001. 149- 161- بەتلەر.



# ئۆكۈنۈش ۋە ئۈمۈت بىلەن ئۆتكەن ھايات

سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان XX- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىدە ياشاپ ئىجات قىلغان شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى قازاقستان ئۇيغۇر نەشرىياتىدا بېسىلغان ئەدەبىي توپلاملاردا، بەزىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ھەتتا ئايرىم كىتاپ بولۇپمۇ نەشردىن چىققان ئىدى. بىراق، ئەنە شۇ دەۋرلەردە ياشىغان ئايرىم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە قول يازما پېتىچە ساقلىنىپ ياتماقتا. ئەنە شۇنداق قەلەم سەھىپىلىرىدىن بىرى ئابلىز روزىدۇر.

ئابلىز روزى 1936- يىلى، 11- ئاپرېلدا غۇلجا شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1951- يىلى، غۇلجا شەھىرىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كادىرلارنى تەييارلاش مەكتىۋىگە ئوقۇشقا چۈشىدۇ. ئۇ 1955- يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە شۇ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستاننىڭ توقماق شەھىرىگە كۆچۈپ چىقىدۇ. 1955- يىلدىن 1957- يىلغىچە توقماق شەھىرى 4- مېخانىزاتورلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچىلىشىسىدا ئوقۇپ مېخانىك - كومباينېر كەسپىنى ئېگەللەيدۇ. 1958- يىلى، سوۋېت ئامىيەسىگە چاقىرىلىپ، 1961- يىلغىچە ئارمىيە سېپىدە خىزمەت قىلىدۇ.

ئابلىز روزى 1961- يىلدىن 1980- يىلغىچە فرونزې شەھىرىدىكى ئاۋتوبازىلاردا شوفېر، 1980- يىلدىن 1994- يىلىشىچە مەئىشى-خىزمەت مىنىسترلىكىنىڭ ئاۋتوبازىسىدا مېخانىك بولۇپ ئىشلىگەن.

1994- يىلى، مارت ئېيىدىن باشلاپ قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ئورگانى «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ مەسئۇل كاتىبلىق خىزمىتىنى ئاتقۇرغان. 1995- يىلى، 5- ئوكتەبىر كۈنى يۈرەك ئاغرىقى بىلەن تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى.

ئىككىسى ئۆز-كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشتى. بۇ دەھشەتلىك پاجىئەنى كۆرۈپ، چوڭقۇر قايغۇ، قاتتىق ئەلەم دەستىدىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھاكىم ئەپەندى بىلەن ساۋۇت ئەپەندىلەر مازار، داشىگۇرلەردە مەخپىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئىشى بىلەن بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالغان ئېدى. ئۇلار شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ ئېلىشنىڭ چارىسىنى قىلغىچە بۇ ئىش بولغان ئېدى. توغرى باھا بەرگەندە، بۇ ۋەقە تېخى يېقىندىلا قۇرۇلغان «كۆرەش تەشكىلاتى»نىڭ دۈشمەن ھېلىسىگە ھوشيارلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ كاملىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن دەسلەپكى چوڭ خاتالىقى ئېدى...

قورغاس خەلقى ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى-ئۇستا تۆمۈرچى، خۇشخۇي ناخشىچى، ھەممە ئىشتا ئادىل، كۈچلۈك پالۋانى، ئىنقىلاۋى ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان تۆمۈر پالۋاندىن ئايرىلغان ئېدى...».

ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ «ئەۋلاتلار قەلبى»[6] رومانىنىڭ قالغان قىسمىدا تۆمۈر پالۋان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قۇتلۇق ۋە توغلۇقلارنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىدۇ.

تۆمۈر پالۋاننىڭ چوڭ ئوغلى قۇتلۇق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جەڭچىسى بولۇپ، ۋەتىنىنى ئازات قىلىش يولىدا نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ، جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ باتۇرلۇق مېدال، ئوردېنلارنى ئالىدۇ. 1950-يىلىدىن باشلاپ كوممۇنىست خىتايلار ئۇيغۇرىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قۇتلۇق خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۈرمە ۋە ئەمگەك لاگېرلىرىدا ئازاپلىنىدۇ. كىچىك ئوغلى توغلۇق بولسا خىتايلارنىڭ ئېلىپ بارغان ھەر خىل سەياسىي ھەرىكەتلىرىدە «ئوڭچى»، «مىللەتچى» ئاتىلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىدا كۆپلىگەن ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا، كىچىك ئوغلى توغلۇق ئاقلىنىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ غۇلجىغا كەلگەندە چوڭ ماتەم قايغۇسى ئۈستىگە



كېلىدۇ. خۇشبەيۇنلار ئۇنىڭ ئاكىسى قۇتلۇقنى، ئاكىسىنىڭ ئايالى چىمەنگۈلنى، يۇرتىدىكى غوپۇرنى ۋە باشقىلارنى دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرگەن ئېدى.

توغلۇق ئاكىسى قۇتلۇق، يۇرتىدىكى غوپۇر ۋە چىمەنگۈللەرنىڭ قاتار قىلىپ بىر جايغا كۆمۈلگەن قەۋرىلىرى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ.

ئۇ ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا يۈرەك-باغرى قانغا تولۇپ، كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يىغلىماقتا. بۇ دۇنيادىكى بارلىق دەرت-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەت يىغلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەندەك ئېغىر ئازاپ چەكمەكتە. ئاخىرى ئاكىسىنىڭ قەبرىگە باغرىنى يېقىپ، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ خىتاپ قىلىشقا باشلىدى: «جېنىم ئاكام! جېنىم قېرىنداشلىرىم!.. جاھالەتپەرەسلەر سىلەرنى شۇنچىلىك ئازاپ-ئوقۇبەتلەر بىلەن «جازا» لاپتىغۇ؟ شۇنچىلىك ۋەھشىلىكلەر بىلەن ئۆلتۈرۈشكە لايىق نېمە گۇنايىڭلار بار ئېدى سىلەرنىڭ؟! ئەي خۇدا! ئەي بېۋاپا، رەھىمسىز دۇنيا! سەن بىزنى پەقەت ئادالەتسىزلىكنىڭ قۇربانى بولۇش ئۈچۈنلا ياراتقانمىدىڭ؟! ئەي، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى: ئۇلۇق تەڭرىقۇت ئوغۇزخان، بايانچۇرخان! ئىدىقۇت خانى بائۇرچۇق، ئۇلۇق بۇغراخان! ئەي ئازاتلىق ئۈچۈن كۆرەشكەن سادىر بوۋا، ساۋۇت داموللا، خوجانىياز ئاتا! ئەي سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان ئەپەندى! ئەۋلادلارنىڭ تەغدىرى نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى روھىڭلار كۆرۈۋاتقاندۇ؟ خەلقىمىزنىڭ ئېچىنارلىق، پاجىئەلىك تەغدىرى سىلەرنى گۆرۈڭلاردا تىنىچ ياتقۇزمايۋاتقاندۇ؟! بىزنىڭ قەلبىمىز-سىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئېلىمىز مۇستەقىللىقىنى تىكلەش ئېدى. بىراق، بۇ يولدا كۆرەش قىلىشقا بېشىمىزنى كۆتەرسەك، بويىنىمىزنى قىلىچ كەستى. كۆزىمىزنى ئاچساق قارغۇ قىلىشتى. سۆزلىسەك تىلىمىز كېسىلدى. ئاياق ئاتلىساق چامپۇتلاپ ژىققىتتى... پالەچ ھالدا، يا ئۆلۈك، يا تىرىك ئەمەس چېكى يوق ئازاپ-ئوقۇبەت، ئېيتقۇسىز خورلۇقتا قالدۇق... بىراق ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ قەلبى تىرىككى، ئۇ ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ!»

نەچچە تېپىۋەتتى. تۆمۈر بولسا، ئىككى پۈكلىنىپ، پولدا قىيشىيىپ يېتىپ ئازاپ چەكمەكتە. ئەمدى تۆمۈرنىڭمۇ سەۋر قاچىسى سۇندى ۋە دەھشەتلىك «قوشخانى» دىن تىرىك چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مېھرىبان ئايالى زىلەيخا، ئوغۇللىرى قۇتلۇق بىلەن تۇغلۇق ۋە قىزى چۇغلۇقلارنىڭ غەمكىن چېھرلىرى گەۋدىلەندى: « ئەڭ بولمىغاندا، زىلەيخا بىلەن باللىرىمغا ۋەسىيەت سۆزلىرىمنى ئېيتىۋالغان بولسامچۇ! ساۋۇت ئەپەندى. بىلەن ھاكىم ئەپەندىلەرنى ئۇچرىتالمىغىنىم بەك يامان بولدى... ئامانەتلەرنى ھاشىم ئۇلارغا تاپشۇرار! ۋاي ئىسىت، ئاما! ئىنقىلاپ جەڭلىرىگە بىر كۈن قاتنىشىپ ئۆلۈپ كەتسەم، ئارمىنىم يوق ئىدى؟.»

دۇڭ جۇيجاڭ بولسا، تۆمۈرنى ئۆتكى بىلەن تەپكەندىن كېيىن، سوراق ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرى تىترەپ ئەسەبىلەشكەن ھالدا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى ۋە تېخىچە ئاچچىقىنى باسالماي، تۆمۈرنى خىتايچىلاپ غىڭشىپ تىللاۋاتاتتى.

- دۇڭ جۇيجاڭ، - دېدى تۆمۈر ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، - بولدى، ئەندى مېنى قىينىما! چىداش بېرەلمىدىم، ھازىر ھەممىسنى ئېيتىپ بېرىمەن!

- ھە، نېمە دەيدۇ ؟!، دۇڭ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قايتىلاپ سورىدى.

- ھازىر ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن!

- خو، ياخشى ، - دۇڭ ئورنىدىن تۇردى-دە، تۇمۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى، - مانا ئەندى ئەقلىڭگە كەلدىڭ، بۇرۇنراق شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك ئىدى، قېنى ئەندى جاۋابىڭنى ئاڭلايمەن!

- مانا مېنىڭ جاۋابىم!... تۆمۈر خۇددى قوشقارلاردەك ئارقىغا داجىپ تۇرۇپ، دۇڭ جۇيجاڭنىڭ خامىرىغا باش بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، ئېگىز بويلۇق داراس جۇيجاڭ سوراق ئۈستىلى ئۈستىدىن ئاتلىپ چۈشۈپ، تام تۈۋىدىكى پولغا پۈكلەنگىنىچە تىقىلىپ قالدى. ئاغزى-بۇرنى توپ-توز بولۇپ قانغا مىلەنگەن ھالدا خېلىغىچە پولدا ھوشسىز-ئۆلۈكتەك



يېتىپ قالدى. بۇ تاساددىپىي ئەھۋالدىن چۆچۈپ كەتكەن ماشۇڭگەن ماۋزۇرىنى تۆمۈرگە تەڭلىگىنىچە، تۇرغان جايدا قېتىپلا قالغان ئىدى... خېلى ۋاقىتتىن كېيىن، دۇڭ ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئوبدان ئۆزىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، خۇددى ۋەھشىي ھايۋانلاردەك ۋاقىراپ، يېنىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى-دە تۆمۈرگە ئۆزىنى ئاتتى. بار كۈچى بىلەن تۆمۈرنىڭ كۆكسىگە خەنجەر ئۇردى... تۆمۈر «غىق!..» قىلغىچە، يۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ، بارا - بارا زوڭزىيىپ بېرىپ پولغا يىقىلدى. ئىلاجى يوق، تۆمۈرنىڭ قولىدا كويزا، ئايىغىدا كىشنى بولمىغاندا، ئۆزىگە خەنجەر سالدۇرماتتى...

ئەتىسى قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە، قورغاس شەھرىنىڭ غەربى- شىمالىدىكى يۈسۈپخانىنىڭ قوراسى، تاملىق مۆلۈك بېغىغا ئادەملەر توپلىشىپ ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلىشماقتا ئىدى. چۈنكى چۆپ باسقان ئېرىق بويىدىكى يوغان قارىياغاچقا، زور گەۋدىلىك تۆمۈر پالۋاننىڭ جانسىز گەۋدىسى ئېسىغلىق تۇراتتى. تاسما پويۇزد بىلەن ئىككى قەۋەت قىلىنغان توم پاختا ئىشانباغ سىرتماق، ئۇنىڭ بويىنىنى بوغۇپ، ئىچىگە كىرىپ كۆرۈنمەي قالغان. ھەيران قالارلىغى شۇكى، ئەشۇ پويۇزد بىلەن ئىشانباغ شۇنچە زور ئېغىرلىقتىكى گەۋدىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تۆمۈرنىڭ پىچاق ئۇرۇلغان كۆكسىدىن چىققان قان ئىچكۆينىگى بىلەن ئاق تامبىلىنى بۇلغاۋەتكەن. ئېسىلىپ تۇرغان جەسەتنىڭ ئاستىغا- يەرگە ئاققان قان كۆپ ئەمەس. بىر چەتتە ياتقان ئىشتان- كۆينەكلىرى بولسا، قىپ- قىزىل قانغا بويالغان ھالدا ياتاتتى.

- خالايىق! - دەپ كۈپچۈلۈككە خىتاپ قىلدى ماشۇڭگەن، - جىنايەتچى تۆمۈر بۈگۈن كېچىسى تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، بۇ يەردە ئۆزىنى-ئۆزى ئۆلتۈرگەن! ، - دەپ ئۆز جىنايىتىنى يۇشۇرۇپ خەلقنى ئالدىماقچى بولدى.

بۇ يەرگە ناھايىتمۇ سوغ-شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، جېنىنىڭ بارىچە يۈگرۈشۈپ يېتىپ كېلىشكەن ساۋۇت ئەپەندى بىلەن ھاكىم ئەپەندى

سايلاندى. تەشكىلات ئىشلىرى توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە كېتىشتى. «مېھمانلار» ئۆيدىن كېتىشكىلى لوقماننىڭ قوراسىغا ئۈچ ئاتلىق كىشى كېلىپ، لوقماننىڭ «مەن مەشرەپ بەردىم» دېگىنىگە قارىماي ئۇنىڭ قوللىرىغا كويزا سېلىپ شەھەرگە ئېلىپ كېتىدۇ.

بۇ كۈنلەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ساۋۇت ئەپەندى، ھاكىم ئەپەندىلەرگە ئوخشاش بىلىملىك كىشلەرنىڭ ئارقىسىغا كىشى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئىش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىماي تەشكىلات ئەزالىرى ھوشيارلىق بىلەن ئىش ئېلىپ باردى. تەشكىلات ئەزالىرى قۇرال - ياراق يىغىشتى، ئىلقا پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتتى.

بىر كۈنى يېزىدىن سىرت قوناقلىق ئېتىزلىقىدا ئىلقىدىن كەلگەن پارتىزانلار بىلەن تۆمۈر پالۋان ئۇچرىشىپ سۆزلىشىۋاتقان پەيتتە گومىنداڭ ساقچىلىرى كېلىپ ئوق ئېتىشىش بولىدۇ. گۇگۇم چۈشكەن مەزگىل بولغاچقا. پارتىزانلار چېرىكلاردىن بىر قانچىسىنى يوق قىلىپ، قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ چېكىنىپ كېتىشىدۇ.

خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى تۆمۈر پالۋاندىن گۇمان قىلىپ يۈرگەن گومىنداڭ ساقچىلىرى كېچىسى تۆمۈرنىڭ ئۆيىنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان چېغىدا تۆمۈر قوراسىغا كىرىشكە نەچچە تەرەپتىن قۇرال تەڭلەپ ئۇنى قولغا ئالىدۇ.

ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ « ئەۋلاتلار قەلبى» رومانىنىڭ « قاتىل كىم» بابىدا تۆمۈر پالۋاننىڭ پاجىئەلىك ۋاپاتى توغرىسىدا مۇنداق تەسۋىرلەپ يازىدۇ:

«ئۈچ كۈندىن بېرى سۇڭ جۇيجاڭ تۆمۈرنى سوراق قىلىۋاتىدۇ. تۆمۈردىن ھېچقانداق جاۋاپ ئالالمىغاندىن كېيىن ئۇنى تازا ئۇرۇپ، تىرماقلىرىغا يىڭنە سانچىشتى، بەدىنىگە قايناق سۇ چېچىشتى، قولىدىن تورۇسقا ئېسىپ ساڭگىلىتىپ قويدى، ھەتتا دۇمبىسىگە تۆمۈرنى قىزارتىپمۇ ياقتى... بۇ خىل قىيناشلاردىن تۆمۈر ھوشىدىن كېتەتتى. ئاندىن ئۇنى قاراڭغۇ تۈرمە كامىرىغا تاشلاتتى. ئۈچىنچى كۈنى يېرىم كېچىسى تۆمۈرنى يەنە تۈرمە باشلىقى سۇڭ جۇيجاڭ بىلەن ماشۇڭگەن ئىككىسى سوراق



قىلدى. دۇڭ بۈگۈن تۆمۈرنى جىددىي سوراق قىلىپ، ئىشنى تامامەن بىر ياقلىق قىلماقچى. ئۇ ماشۇڭگەننىڭ تەرجىمانلىقىدا سوراقنى باشلىدى.

- ئەگەر قىلمىشىڭنى ئىقرار قىلمىساڭ، بۇ يەردىن ئۆلۈكىڭنىڭ چىقىدىغىنى لېكىن تىرىك چىقالمايسەن، - دۇڭ تىللاپ بولغىنىدىن كېيىن پوپوزا قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى دەيتتى،

- مېنىڭچە بولغاندا، سەن ياۋايى چەنتۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلىغان بولاتتىڭ.

- ھەممە چەنتۇنى قىرىپ تاشلىساڭ، كىمنىڭ قېنىنى شورايتىڭ سۈلۈك!، - دەپ غەزەپ بىلەن ھۆمەيدى تۆمۈر، - بىلىمەن سەن قانخورلارنى! ئۇزۇن يىللاردىن ئەۋلادىمىزنىڭ قېنىنى شوراپ ھەم قىرىپ كېلىشكىنىڭ يېتەر! شۇنى بىلىپ قويغىنكى، دۇڭ ، جېنىمنى ئالساڭ ئالسەنكى، ئامما مەندىن جاۋاپ ئالالمايسەن! سەن مەلئۇنلارنىڭ ساناقلىقلا كۈنلەرنىڭ قالغانلىقىنى سەزمەيۋاتامسەن؟! بىراق، سەن جاللاتلار بىلەن جەڭ مەيدانىدا يۈزخانىم قانغىچە ئېلىشالماي قالىمەنمۇ، دەپ قاتتىق ئېچىنىمەن! بىر مېنى ۋە باشقىلارنى ئۆلتەرگىنىڭ بىلەن دېڭىز دولقۇنىدەك داۋالغۇپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى ھەر قانداق كۈچ بىلەن توسالمايسەن! بۈگۈن مېنى ئۆلتەرسەڭ، ئامما ئەتە خەلق سەندىن ئىنتىقام ئالماي قويمايدۇ!

تۆمۈرنىڭ غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ ئېيتقان سۆزلىرى تۈرمە سوراقخانىسىنى جاراڭلىتىۋەتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ھەققانىي سۆزلەر دۇڭ جۇيجاڭ بىلەن ماشۇڭگەننىڭ يۈرىگىنى جىغىلدىتىپ، تېنىنى شۈركەندۈرىۋەتتى. چۈنكى بۇ ئىككى گومىنداڭچى باشلىق پات - يېقىندا تۆمۈر ئېيتقان «بالايى - ئاپەت»لەر يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن خېلىلا تەشۋىش چېكىپ يۈرۈشەتتى.

- ئۆلتۈرۈۋەتمەن، جادۇدا توغراپ ئۆلتۈرۈۋەتمەن! - جان جەھلى بىلەن ۋاقىرىدى دۇڭ. تۆمۈرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىگىگە خەنجەردەك سانچىلىپ، ئۆلتۈرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە تۆمۈرگە غالجىر ئىتتەك تاشلىنىپ، قاتتىق ئۆتۈكى بىلەن قوسىقىغا ۋە جان يېرىگە بىر

مۇنچە جۇندەۋالغاندىن كېيىن، شۇ يۇرتتىكى ئەنۋەر بوۋاينىڭ قىزى زىلەيخانىغا ئۆيلىنىپ، بالا-چاقىلىق بولدى.

تۆمۈرگە دادىسىدىن ئۆيدىكى ئاز-تولا جابدۇقلىرى، تۆمۈرچىلىك دۇكىنى بىلەن بىر كونا دۇتار ھەم سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرى مىراس بولۇپ قالغان. ئۇ سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى سۆيۈپ، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن بەكمۇ مۇڭلۇق ئېيتاتتى، دۇتارنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن چالاتتى.

تۆمۈرنىڭ ئاتا- ئانىسى ياشاپ كەلگەن يۇرتى ناھىيە مەركىزى قورغاس شەھىرىدۇر. ۋەقە ئەنە شۇ قورغاس شەھىرىدە يۈز بېرىدۇ.

قورغاس ناھىيە مەركىزىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى غۇلجا شەھىرىگە قاراپ كېتىدىغان ھارۋۇ يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر دۆڭلۈك بولۇپ، قورغاس خەلقى بۇ دۆڭنى«بەيگە قۇم» دەپ ئاتاتتى. قورغاس خەلقى ھەر يىلى بۇ دۆڭلۈكتە، كۈزلۈك ئاشلىق يىغىپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاشلىق يىغىپ بولۇش تويى- بايرىمىنى ئۆتكۈزەتتى. بۇ بايرام كۈنى خەلق يىغىلىپ تاماشا قىلاتتى. بۇ يەردە بەيگە، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، داۋازلىق، ناخشا-ساز ئويۇنلىرى بولاتتى. بۇ يىلقى بايرام مۇراسىمىدا تۆمۈر قالماق چېلىشچىسى «بۆكە» بىلەن چېلىشقا چۈشۈپ ئۇنى يەرگە يىقىتىدۇ.

- ياشا تۆمۈر پالۋان.

- ئاتاڭغا رەخمەت، ئوغۇل بالا.

- بارىكاللا، بېشىمىزنى كۆككە يەتكۈزدۈڭ.

خەلق توپى تۆمۈرگە قىزغىن ئالقىشلار بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىشتى. تۆمۈر ئۆزىنىڭ ھەقىقىي باتۇرلىقى بىلەن خەلق ئىچىدە تونۇلىدۇ.

بىر كۈنى يېزىدىكى ئابدۇراخمان شاڭيۇ تۆمۈرنىڭ تاغىسى داۋۇتنىڭ تۆلىمەي قالغان باج ھېساۋىغا ئۇنىڭ ئېتىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغان. داۋۇت «جېنىمنى ئالساڭ ئال، لېكىن ئېتىمنى بەرمەيمەن» دەپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان تۆمۈر ۋەقە بولغان جايغا يېتىپ



كېلىپ ئابدۇراخمان شاڭيۇنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ ئۇرغان. شاڭيۇنىڭ پايلاقچىلىرى تۆمۈرنى ئورۇپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ، پۇت-قوللىرىنى باغلاپ، داۋۇت ئىككىسىنى ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىپ تۈرمىگە سولايدۇ. تۆمۈر تۈرمىدە ئالتە ئاي يېتىپ چىقىدۇ.

**1944**- يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ئاخىرى. تۆمۈر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ھەش-پەش دېگۈچە بەش ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يىللار گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غالجىرلاشقان چاغلىرى ئىدى. دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشلىرى تۆمۈرنىڭ كۆزىنى شۇنداق ئاچتىكى، زۇلۇمنى قارا كۈچ بىلەن يېڭىپ بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىقلا مىللىي ئازاتلىقنى قولغا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىپ يەتتى. چۈنكى، ئۈرۈمچىدىكى سېپەن مەكتىۋىدە ئوقۇپ كەلگەن ساۋۇت ئەپەندى بىلەن ئۇيغۇر ئويۇشمىسىدىكى ھاكىم ئەپەندى، ياسىناخۇن ۋە باشقا زىيالىيلار تۆمۈرگە ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى كۆپ سىرلارنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىدى.

تۆمۈر بۈگۈن دوستلىرى پاۋىل، جۇماقانلار بىلەن ئۇچرىشىپ ناغىرچى مەھەللىسىدىكى لوقماننىڭ ئۆيىگە يىغىلىشقا كېلىشتى. لوقماننىڭ ئىچكىركى ئۆيى «مېھمانلار» بىلەن لىق تولغان. بۈگۈن بۇ ئۆيدە «مەشرەپ» دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن مۇھىم ئىش يۈزىسىدىن يىغىلغان ھەر مىللەت ئەر يۈرەك ئوغلانلىرىنىڭ يىغىنى ئىدى. ئۆيدە خۇددى مەشرەپلەردىكىدەك سازەندىلەر مۇقامدىن باشلاپ ھەر تۈرلۈك ناخشىلاردىن كېيىن ئۇسسۇلمۇ ، قىزىق ئويۇن- چاقچاقلارمۇ بولۇپ ئۆتتى. بىر ۋاقىتتا ئۆيگە ساۋۇت ئەپەندى، ھاكىم ئەپەندى، ياسىناخۇن، قاسىمجانلار كىرىپ كېلىشتى. ئۆيگە يىغىلغانلار ساۋۇت ئەپەندى بىلەن ھاكىم ئەپەندىلەرنىڭ دوكلادلىرىنى ئاڭلاشتى. كېيىن 17 كىشى قاتناشقان بۇ ۋەتەنپەرۋەرلەر بىر ئېغىزدىن «كۈرەش» ناملىق سىياسىي تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقىشتى. كۆپچىلىكنىڭ قوللىشى بىلەن تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ساۋۇت ئەپەندى، ھاكىم ئەپەندى تەشۋىقات باشلىقى، تەشكىلىي ئىشلارغا تۆمۈر پالۋان

قاراشەھەر، كۇچار، باي، بۈگۈر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، مارالبېشى ۋە ئاتۇشلار نى ئازات قىلىپ، قەشقەردە توختىغان: خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرىدە مۇھەممەتنىياز ھاجى داموللا، قەشقەرلىك سابىت داموللا ۋە مەتمىن بۇغرالارنىڭ رەھبەرلىكىدە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ئىدى.

ئەلىخان تۆرە ئۇيغۇرلار دىيارىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ خىل سەياسىي ئۆزگىرىشلەرنى ھۇشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ قېتىمقى غايەت زور ئىنقىلاۋىي دولقۇن بوسۇغىسىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن كېڭەش ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىگە خائىنلىق قىلىشى ئەلىخان تۆرىنى ناھايىتى غەزەپلەندۈرگەن ئىدى...

1938 - يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا غۇلجا شەھىرىدە شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن خەلق ئىچىدىكى ئىلغار زىيالىيلارنى، مۆتىۋەر زاتلارنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلايدۇ. ئەلىخان تۆرە يېرىم كېچىسى قاشقا يېتىپ كېلىپ، يېقىن تونۇشلىرىنىڭكىدە ئىككى كۈن ياتىدۇ، ئاندىن توققۇزتاراغا كېلىدۇ. لېكىن، بۇ يەرنىمۇ خوۋۇپلۇق ھېسابلاپ، ئارالتۆپە تېغىنىڭ يولتۇزغا يەتمەستىن «قوي ئاشۇۋ» دېگەن يېرىدىكى توقماقتىن قېچىپ ئۆتكەن چارۋىچى قىرغىزلار ئارىسىغا يوشۇرۇنىدۇ.

ئىبراھىمجان ئېلىيېۋنىڭ ئەلىخان تۆرە ساغۇنىي توغرىسىدا يازغان ماقالىسى موشۇ يەردە ئاياقلىشىدۇ.

ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ «ئەۋلاتلار قەلبى»[6]ناملىق رومانىنى 1991 - يىلى يېزىپ تۈگەتكەن. چىرايلىق ھۆسنى خەت بىلەن A-4 فورماتتا، ئاق قەغەزگە يېزىلغان بۇ قولىيازما رومان 27 باپ، 395 بەتتىن ئىبارەت.

2001 - يىلى, قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرى ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ، نەشىردىن چىقارغان (تۈزگۈچى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ) «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى»



دەرىسلىك - خرېستوماتىيە كىتاۋىغا ئىبراھىمجان ئىلىيېۋنىڭ «ئەۋلاتلار قەلبى» رومانىنىڭ «چېگارا بويىدا»[7] ناملىق بابى كىرگۈزىلگەن.

«ئەۋلاتلار قەلبى» رومانىدا تۇمۇر پالۋان ۋە ئۇنىڭ قۇتلۇق، تۇغلۇق ئىسىملىك ئىككى ئوغلىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى - شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان (1944 - 1949) دەۋرى بىلەن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇرستانغا كەلگەندىن كېيىنكى «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنى» ئۆز ئىچىگە ئالغان دەۋرىدە كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ.

رومانىنىڭ باش قەھرىمانى تۆمۈر پالۋان. تۆمۈر ئېغىر بېسىق، مۇلايىم ئادەم. يۇرت ئىچىدە ياخشى ئادەملەر قاتارىدا ھۆرمەتكە ئىگە. ئۆيىدە بولسا، ئايال بىلەن باللىرىنى رەنجىتمەيدىغان ئىنسان. تۆمۈرنىڭ قۇتلۇق، تۇغلۇق ۋە قىزى چۇغلۇق قاتارلىق ئۈچ پەرزەنتى بار. تۆمۈر باللىرىنىڭ يېگى مەكتەپتە ئوقۇپ، بىلىملىك ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىنى ۋە كېلەچەكتە بەختلىك ھايات كەچۈرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى تۆمۈرنىڭ باللىق ھاياتى نامراتلىقتا ئۆتكەن. ئۇ تۆرت يېشىدا ئانىسىدىن، ئون تۆرت يېشىدا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يېتىمچىلىقتا ئۆسكەن.

تۆمۈرنىڭ دادىسى قاۋۇل تۆمۈرچىلىك بىلەن جان باقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاۋۇل ئوغلىغا «تۆمۈر» دەپ ئات قويغان. تۆمۈرنىڭ بوۋىسى - ئالماس پالۋان بولۇپ، ئۇ سادىر پالۋاننىڭ يېقىن سەبداشلىرىنىڭ بىرى ئىدى. سادىر پالۋان بىلەن بىللە 1864 - 1867 - يىللىرى ئىلى ۋىلايەت خەلقىنىڭ مانجۇر - خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىغا ئاكتىپ قاتناشقان. باياندىي ۋە كۈرە سېپىللىرىنى ئېلىشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

تەنھا يېتىم قالغان تۆمۈرنى تاغىسى داۋۇت ئۆز ھىمايىسىغا ئالىدۇ. تۆمۈر ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇدۇ. يىللار ئۆتۈپ تۆمۈر رەسمىي ئۇستا بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇ دۇكاندا ، كەتمەن، ئوغاق، لاخشىگىر، كۈرەك، تاقا، ئات تاقلاش ۋە باشقىلارنى ياساپ ھايات كەچۈرەتتى. ئۇ دۇكاندا چوشكەن ئاز- تولا كىرىمنى تېجەپ يۇرۇپ ،، ئۆي- بىساتىنى ئانچە-

«دوستۇڭ قارىغا بولسا...» ھەجۋىي ھېكايىسىدە يازغۇچى ئىش ئۈزۈنىڭ تايىنى يوق، بىكارچىلىقتا نېمە قىلىشنى بىلمەي، كۆپ ۋاقىتلاردا ھاراق ئىچىپ، غوراز سوقۇشتۇرۇپ، مەسچىلىكتە بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ، جېدەل چىقىرىپ يۈرگەن، جەمئىيەتكە قىلچە پايدىسى يوق، ئەخلاقسىز كىشىلەرنى تەنقىت قىلىدۇ.

ئىبراھىمجان ئىلىيېۋنىڭ «سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن كۈنلەر» ناملىق ماقالىسى «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1993 - يىلى، 7 - ئاۋغۇست سانىدا ئېلان قىلىنغان. ماقالىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى پرېزىدېنتى ئەلىخان تۆرە ساغۇنىينىڭ 20 - 30 - يىللاردىكى سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن ھاياتى توغرىسىدا بايان قىلىندۇ.

ئەلىخان تۆرە شاكىرخوجايېۋ 1885 - يىلى، قىرغىزىستاننىڭ توقماق شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپ ئەرەبستاندا، كېيىن بوخارا شەھىرىدە ئوقۇغان. ئىسلام دىنى، ئىسلام تارىخىدىن چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇپ، 1920 - يىلى، سوۋېت ھاكىمىيىتىدىن قېچىپ قەشقەرگە كەلگەن بولسىمۇ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن توقماققا قايتىپ كەتكەن.

ئىبراھىمجان ئىلىيېۋنىڭ يېزىشى بويىچە، شۇ كۈنلەردە توقماققا ھۆكۈمەت سىياسىتىدىن قورقۇپ، مۆكۈپ يۈرگەن كىشىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئەلىخان تۆرە شورتوپە دېگەن جايدىكى تۇڭگانلار ئىچىدە يازلىغى دېھقانچىلىق قىلىپ، قىشلىغى بولسا يەنە دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. ئەينى ۋاقىتتا بولشېۋىكلارنىڭ دىنسىزلىقنى تەشۋىق قىلىشى ۋە بەزى چالا موللىلارنىڭ دىنىنى قالقان قىلىپ، ئىسلام شەرىئىتىنى دەپسەندە قىلىشى ئۇۋۇچ ئالماقتا ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ۋىژدانى چىدىمىغان ئەلىخان تۆرە خەلقنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولۇپ، توقماق جامى مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر جۈمە نامىزى، ھېيت - ئايەملەردىكى يىغىلىشلاردا تەشۋىق يۈرگۈزۈپ، دىنسىزلىققا قارشى پائالىيىتىنى باشلاۋەتكەن ئىدى.

1922 - يىلى ئاتباشى، نارىندىكى ئورۇسلار بونداريېۋ باشچىلىقىدا بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى. قوزغىلاڭ



رەھىمسىزلىك ھالدا باستۇرۇلغان. شۇ سەۋەبلىك توقماق ۋە بىشكەك شەھەرلىرىدە نۇرغۇن كىشىلەر قولغا ئېلىنغان. شۇلار قاتارىدا ئەلىخان تۆرىمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ، يەر ئاستى تۈرمىسىگە قامالغان. تۈرمىدە ئۈچ ئاي ياتقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1930 - يىلى ئەلىخان تۆرە بولشېۋىكلارنىڭ تېررورلىقىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئائىلىسى بىلەن توقماقتىن غۇلجىغا كەلگەن. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرىستان زېمىنىدا چوڭ سەياسى ئىشلار بولۇۋاتاتتى. 1928 - يىلى ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، جىڭ شۇرېن ھاكىمىيەتنى ئىگىللىگەن. جىڭ شۇرېن تەختكە چىقىپ ، كۆپ ئۆتمەي، يەنى 1931 - يىلى، قۇمۇل خەلقىنىڭ غوجانىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى مىللىي قوراللىق قوزغىلىڭى پۈتۈن ئۇيغۇرىستان دىيارىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

ئەنە شۇنداق بىر ۋاقىتتا غۇلجىنىڭ ئۆزبەك مەھەللىسىگە ماكانلاشقان ئەلىخان تۆرە ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىدىغان چوڭ دىنىي-پەننىي بىلىملىك ئالىملىقى ۋە تېۋىپچىلىقى بىلەن غۇلجا جامائەتچىلىكى ئارىسىدا ئابروي- ئېتىبارغا ئېرىشىشكە باشلىغان. ئەلىخان تۆرەنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ئابرويىنى كۆرەلمىگەن غۇلجىدىكى بەزى مۇتەئەسسىپ موللىلار، خىتايپەرەست بايلار ئۇنى « گۇمانلىق كىشى»، «غوجانىياز تەرەپدارى» دەپ، كۆرە جاڭجۇڭغا تۆھمەت خەت ئۇيۇشتۇرغان ۋە موشۇ سەۋەپ بىلەن ئەلىخان تۆرە تۇتقۇنغا ئېلىنىدۇ.

بۇ نۇۋەتتىمۇ ئەلىخان تۆرىنىڭ يېقىن دوستلىرى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبەكلەرنىڭ مۆتىۋەر زاتلىرىنىڭ ئەلىخان تۆرىنى تۈرمىدىن ئازات قىلىشنى تەلەپ قىلىپ يازغان ئەرزىسى تۈپەيلى تۈرمىدىن بوشىتىپ ئېلىشقا مۇۋاپپەق بولىدۇ.

30 - يىللاردا ئۇيغۇرىستاندا قانلىق ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ئىدى. 1931 - يىلى قوزغالغان غوجانىياز قوشۇنلىرى قۇمۇل ۋە باشقا تەۋەلەرنى ئازات قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلىغان؛ تۆمۈر سىجاڭ كورلا،

«جوجه ۋە سامولېت» رومانى بۇ ئەپسۇسلىنارلىق بوشلۇقنى يوقىتىشتا كۆپ دەرىجىدىمۇ ياردەم بېرىدۇ»[8].

ئىسرائىل ئىبراگىموۋ رۇس تىلىدا يازىدىغان يازغۇچى بولۇشى بىلەن بىللە قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشقان ئەدىپتۇر.

---

1. Исраил Ибрагимов. Созвездие мельниц. – Фрунзе, «Кыргызстан», 1987. -256 с.

2. Исраил Ибрагимов. Цыпленок и самолет. –Бишкек, 1994. – 128 с.

3. Исраил Ибркагимов. Колыбель в клюве аиста. – Бишкек, «Турар», 2000. – 395 с.

4. Исраил Ибрагимов. Тамерлан. Начало пути. Бишкек, 2003.

5. ئىسرائىل ئىبراگىموۋ. بىر توپ تۇگمەنلەر // پەرۋاز . ـ ئالمۇتا. 1988.

6. ئىسرائىل ئىبراگىموۋ. بىر توپ تۇگمەنلەر // قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، . 2001. 37 ـ 107 ـ بەتلەر.

7. ئىسرائىل ئىبراگىموۋ. جۈجە ۋە سامولېت. ـ بىشكەك، 2009. 264 ـ بەت.

8. چىنگىز ئايتماتوۋ. ئۆز خەلقىگە مۇھەببەت // «يېڭى هايات». - ئالمۇتا، 1995، 8 ـ ئىيۇل.



# ئەۋلاتلار قەلبىنى مەدھىلەپ

ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ 1933 ـ يىلى، ئۇيغۇرىستاننىڭ قورغاس ناھىيەسىدىكى نوپۇسلۇق، ئىلىم ـ مەرىپەتچى زاكىر خەلپەت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا بىلىملارنى قورغاس ۋە غۇلجا شەھىرىدە ئالغان. 1952 ـ 1953 ـ يىللىرى بېجىندا ياشلار ئىتتىپاقى مەكتىۋىدە تەھسىل كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن، 1954 ـ 1956 ـ يىللىرى شىنجاڭ كومسومول كومىتېتىدا تەشۋىقات ـ تەرغىبات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1956 ـ 1960 ـ يىللىرى «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1960 ـ يىلى، ياشلار كومىتېتى بويىچە يۈرگۈزۈلگەن سىتىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە بىر ئاي كۈرەشكە ئېلىنىپ «ئوڭچى»، «مىللەتچى»، «ئوپپورتونىست»، «رېۋىزىئونىست» دېگەن قالپاقلار كىرگۈزۈلۈپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگىرىغا ـ تۈرمىگە بىر يىلغا ھايدالغان. شۇ دەۋردە تالاي خورلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىبراھىمجان1961 ـ يىلى كېڭەش ئېلىگە كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ دەسلەپ ئالمۇتا، تاشكەنت شەھەرلىرىدە، كېيىن قىرغىزىستاننىڭ ئالامېدىن ناھىيەسى، ۋاسلوۋكا يېزىسىدا ياشاپ 1997 ـ يىلى، 10 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ۋاپات بولدى.

ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئەدەبىياتقا قىزىققان. ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك تېمىلاردا يازغان ماقالىلىرى «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىنىڭ سەھىپىسىدە بېسىلىپ چىققان. ئىبراھىمجان ئىلىيېۋنىڭ «دوستۇڭ قارغا بولسا...»[1]، «مېھىر گىيا»[2]، «سامانىنىڭ تېگىدە سۇ بار ئېكەن»[3]، «سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن كۈنلەر»[4]، «مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام»[5] ۋە باشقا ئۇيغۇرىستان مۇئەممىاسى بويىچە يازغان تارىخى، سەياسىي ۋە ئەدەبىي ماقالىلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى هايات» گېزىتلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدە يورۇق كۆرگەن.

پىكرى، تۇرمۇش ھاياتىدىكى مەغلۇبىيەتلىرى ۋە ئۇتۇقلىرى، ھەر خىل مىللەت ئىنسانلىرىنىڭ چىن قېرىنداشلىقى، دوستلۇقى، مۇھەببىتى، شەپقەت تۇيغۇلىرى ۋە ھەقىقى، مەڭگۈ، روھىي خىسلەتلىرى توغرىسىدا سۆز قىلىدۇ. «سەن قەيەردىنسەن، ئادەم؟ ئۇ كىم؟ مەن كىم؟» مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللار رومانىنىڭ بەتلىرىدە قويۇلغان. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئۇيغۇر بالىسى، كىنوماتوگرافىست داۋۇت ئىسمائىلوۋ ۋە ئۇنىڭ دوستى، گېئولوگ ژۇنكوۋسكىي كىتابنىڭ سەھىپىلىرىدە يۇقۇرىدا قويۇلغان سوئاللارغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. دوستلارنىڭ تەغدىرى ھەر خىل بولۇشلىرىغا ۋە ھاياتنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا قارىماستىن، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھاياتتا ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ. كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ ۋىژدانلىق ۋە ئەخلاقلىق روھىدا تەربىيەلەنگەن بۇ دوستلار ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر-بىرسىگە بولغان دوستلۇق مېھرىدە ۋە ساداقەتلىكىدە قالىدۇ.

«لەگلەك قۇش تۇمشۇغىدىكى بۆشۈك» رومانى يازغۇچى ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ نەشىردىن چىققان ئالدىنقى ئەسەرلىرىگە ئوخشاش سۇژىتىنىڭ تۇيۇقسىز بۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈلىشى جەھەتتىن مۇرەككەپ ئەسەر. بۇ ئەسەر ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇيغۇر زىيالىسىنىڭ روھى دۇنياسى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. روماندا ئۇيغۇر زىيالىسىنىڭ ئىنسان ھاياتىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان مۇتەھەملىك، دۈشمەنلىك، بىر-بىرسىگە بولغان ئۆچمەنلىك، مۇھەببەت، رەھىم-شەپقەت، تۇرمۇشىمىزنىڭ باشقا ئىجابىي ۋە سەلبى تەرەپلىرىگە نىسبەتەن تۇتقان گراژدانلىق پوزىسىيەسى كەڭ يورىتىلغان.

يازغۇچى ئىسرائىل ئىبراگىموۋ ئۆزىنىڭ «ياۋايى قارىغاتنىڭ تەمى»، «جۇجە ۋە سامولېت»، «لەگلەك قۇش تۇمشۇغىدىكى بۆشۈك» رومانلىرىدا، «بىر توپ تۈگمەنلەر» پوۋېستىدا ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە «ئاددىي» ۋە «كىچىك» ئادەملەرنىڭ، زامانىمىزنىڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىقلىرىغا قارىماستىن ھاياتتا مۇناسىپ ئورۇننى ئىگەلەش ئۈچۈن بولغان ئىنتىلىشلىرى توغرىسىدا ئوي-پىكىر قىلىدۇ؛ تەبىئەتتە ۋە ھاياتتا،



«ئاددىيلار» ۋە «ئاددىي ئەمەسلەرنىڭ»، «كىچىك» ۋە «چوڭ» ئادەملەرنىڭ بولماسلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ.

ھەر بىر ئادەم، يەر قازغۇچى، تىككۈچى، كانچى، گېئولوگ، كىنوماتوگرافىيەچى ۋە باشقىلار بولامدۇ-بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم بىر مۇرەككەپ دۇنيا. ئامما، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ژىغساق بۇ بىر-بىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بىر پۈتۈن تەكرارسىز ئالەم.

ئىسرائىل ئىبراگىموۋنى «ئاددىي ئادەملەرنىڭ»، يەنى «كىچىك ئادەملەرنىڭ» تۇرمۇش-ھاياتى، ھېس تۇيغۇلىرى قىزىقتۇرىدۇ ۋە ھاياجانلاندۇرىدۇ. ئامما يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە «ئاددىي»، «كىچىك» ئادەملەرنىڭ ئوبرازلىرىنى ھەقىقىي ئىنسانىيەتنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە كۆرسىتىش نىيىتىدە كۆپ ئورۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئاخىرىدا مۇۋاپپىقىيەتلىك بىلەن ئاياقلىشىدۇ. يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىدە شۇنى ئىسپاتلىماقچى بولىدىكى «كىچىك ئادەملەرنىڭ» ھەر بىرى، يىغىپ ئېيتقاندا مۇرەككەپ دۇنيارىمىزنىڭ چىن نامايەندىلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مۇئەللىپ ئۆز قەھرىمانلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتى، يازغۇچىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە كەڭ ئورۇن ئالىدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، يازغۇچى ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش - ھاياتىغا بېغىشلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ھاياتىنى رۇس تىللىق خەلقلەرگە يەتكۈزۈش بۇ بىر چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ توغرىسىدا ئاتاغلىق يازغۇچى چىڭگىز ئايتىماتوۋ ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ «جۇجە ۋە سامولېت» رومانى توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «رومانىنىڭ رۇس تىلىدا يېزىلىپ، رۇسچە بېسىلىپ چىقانلىقى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىق. تۇرمۇش رېياللىقىسىز شۇنداق شەكىللەنگەنكى، ئەڭ قېدىمىي مەدەنىيەتكە، پەۋقۇلاددە باي تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر خەلقى ھەققىدە ئۆز دۆلەتلىرىگە ئىگە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا، ئەپسۇسكى، ناھايىتى ئاز كىشىلەر بىلىدۇ. تالانت بىلەن، ئۆز خەلقىگە سەممىيەت ۋە مۇھەببەت بىلەن يېزىلغان

ئۆزبەكلەرنىڭ ئۇيغۇر بولۇش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. نېمشكە ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ شپيونلىرى، دەپ گەپ تارقىتىشتى؟» قىزچاق، سابىرىنى شۇ چاغدا مانا شۇنداق گۇمانلار بىئارام قىلغانلىقى تېخى يادىدا.

كېيىن سابىرە ئەرگە تېگىپ، توختەمىنىڭ ئوغلى ئادىلغا ھامىلدار بولغان ۋاقىتتا، بەش ئاكا - ئۇكىلىرىنى دەھشەتلىك ئۇرۇشقا ئۇزىتىشقا توغرا كەلدى. ئۇلاردىن پەقەت ئەڭ كىچىكىلا، ئۆيىگە قايتىپ كېلىش نېسىپ قىلدى. بىراق ئۇنىڭغىمۇ كېزىك ئاغرىقىدىن ۋاپات بولغان، ئالتە چىشى بار لەقىمى چاشقان ئۇكىسىنى تىرىك كۆرۈشنى بۇيرۇمىغان ئىدى. كەنجىسىنىڭ ئارقىسىدىن كۆپ ئۆتمەي ئانىجانىمۇ مەڭگۈ كۆز يۇمغان ئىدى...

شۇنىڭدىن بۇيان سابىرە پاژىلۇۋا يەنە خېلە يىل ھايات كەچۈردى، 30 يىل فابرىكىدا ئىشلەپ بىر ئېغىز يامان گەپ ئاڭلىمىدى، مۇكاپاتلارغا، سوغىلارغا، تەشەككۇرلەرگە ئېگە بولۇپ، «بىزنىڭ گاگانوۋامىز» ئاتالدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مىزدۇز ئېرى توكۇ توختەم بىلەن بىللە شۇنچە يىل ئەمگەك قىلغان بولسىمۇ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ياخشى نامىنى چىقارغىنى بولمىسا، باشقا ھېچ قانداق بايلىق توپلالمىدى. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى شەنىگە داغ چۈشەرمىگەنلىكى ئىدى. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن سابىرە ئاچا شەھەردىكى بىر مەھكىمەگە ئۆي سۈپەرگۈچى بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. نەق مانا موشۇ يەردە بۇ مۇلايىم ئايالغا بارلىق دەرت - ئەلەم چاپلىشىپ، يۈرىكىگە جۇجە ئورۇنلىشىۋېلىپ، ئۇنى بارغانسىرى تېرىق چوقۇغاندەك چوقۇشقا باشلىدى. سابىرە ئاچا ئادالەتسىزلىككە، قوپاللىققا، ئالدامچىلىققا، ئىككى ئۆزلۈككە بەرداشلىق بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئادىل، قەلبىگە يېقىن ئادەملەر ئۈچۈن بەك كۆيۈنەتتى. ئاخىرى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە ياخشى بولمىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زاكىر ئاكىنىڭ ئوغلى، يەنە ئۆزىنىڭ ئېرى توختەم بىلەن بىللە پالكۆز باراتاخۇن قىزىنىڭ تويىغا بارماقچى بولۇپ تەييارلىق كۆرۈۋاتقان چاغدا، جۇجە يۈرەك قېپىنى



چوقۇپ تېشىۋېتىپ، مەخسىتىگە يەتتى، سابىرە جان تەسلىم قىلىپ، پانى دۇنياغا - ھېچ كىم ئارامىنى بۇزمايدىغان دۇنياغا كەتتى.

رومان كىتابخان قەلبىدە غۇۋا تەشۋىش ۋە ھاياجانلىنىش قالدۇرغان ھالدا، ئۇنى بارلىق كېرەكسىز - يارامسىز نەرسىلەردىن خالى قىلغان ھالدا، يۈرەكنى يورۇتقان ۋە ئوي - پىكىرنى يۈكسەك كۆتەرگەن ھالدا تاماملانغان.

«جۇجە ۋە ساموليېت» رومانى - ئەخلاقى، پەلسەپەۋى مەزمۇنغا ئېگە، يەنى - ئائىلىنىڭ مۇقەررەرلىگى، مۇقەددەسلىگى ۋە كۈچى توغرىلىق، بايلىقتىن ۋە بىلىملىكتىن كۆرە ئەخلاقىيلىقنىڭ مۇھىملىغى توغرىلىق، ئۆز مىللىي مەنبەلىرىگىنى ئېھتىياتلىق بىلەن ئاسراش توغرىلىق، ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت - مۇئامىلىدە ئەدەپلىك ۋە سىپايى بولۇش توغرىلىق يېزىلغان. ئەشۇ سابىرىمۇ ھەممىگە، ئېرى بىلەن ئوغلىغا، ئوغلى بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كىچىككىنە «پىستەك» ناملىق ئىشتىغىمۇ دائىم «سىز»، دەپ مۇراجىئەت قىلىدىغان.

بىشكەك شەھرىنىڭ «تۇرار» نەشرىياتىدىن 2000 - يىلى، ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ «لەگلەك قۇش تۇمشۇغىدىكى بۆشۈك» ناملىق رومانى بېسىلىپ چىقتى. بۇ رومان بېسىلغان كۈنلەرنىڭ باشلىرىدىنلا رېسپۇبلىكىلىق ئاممىۋىي - مەتبۇئات ۋاستىلىرىدا يۇقارقى ئىجابىي باھالارغا ئېگە بولدى.

يارىم ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ رومان كۆپ جەھەتتىن مۇئەللىپنىڭ تەرجىمە ھالى توغرۇلۇق سۆز قىلىدۇ. رومان ئىچىدىكى ۋەقەلەر مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئەنئەنەۋىي ئەمەس تىلىدا بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ قەدىر قىممىتى، ئۇنىڭ ھازىرقى زامانىنىڭ قىيىن تۇرمۇشىدا ئۆز ئورنى ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا ئەركىن خاتىرىلەر ۋە پەلسەپەۋىي ئويلۇنۇشلار ئارقىلىق ئىزھار قىلىنىدۇ.

رومان ئۆزىنىڭ شەكلى، مەزمۇنى بويىچە مۇرەككەپ ئەسەر. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بۇ رومانىدا تولۇقتۇرۇلغان پسىخولوگىيەلىك ۋەقە ۋە كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ھەر بىر ئىنساننىڭ ھاياتىدا تۇتقان ئورنى، ئوي -

پوۋېستتا ئىلاخونوۋلار ئائىلىسى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئايالى لۇئىزا ۋە بالا-چاقىسى كەڭ تۈردە تەسۋىرلەنگەن.

يۇقۇرىدا تەكىتلەپ ئۆتكەندەك زىنەتۇللا تۇگمەنچى بولۇپلا قالماي، تالانتلىق رەسسام ئىدى. زىنەتۇللا ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئايالى لۇئىزانىڭ كۆز يۇمغىنىغا قاتتىق قايغۇرۇپ ھەسرەت چېكىدۇ. بۇ قايغۇلۇق يىللاردا زىنەتۇللا تېخىمۇ ئاز سۆزلەيدىغان بولۇپ كۆپىنچە سۈرەت سىزىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئاما دۇنيادىن ئۇ ئادەتتىكى ئىشلەمچى ئادەمدەك ئۆتىدۇ. يەنى توخۇ كاتەكنى ياساۋېتىپ، بىر ئاز دەم ئېلىشقا ئولتۇرىدۇ. لېكىن «بىر ئاز دەم ئالىمەن»-دەپ مەڭگۈلۈككە دەم ئالىدۇ.

پوۋېست ئاددىي رەسسام - تۇگمەنچى زىنەتۇللا ئىلاخونوۋنىڭ ھاياتى توغرىسىدا كەڭ تەسۋىرلىنىدۇ. زىنەتۇللانىڭ ئوبرازى باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ «جۇجە ۋە ساموليېت» ئەسىرىنى ھەقلىق يوسۇندا خەلق رومانى، دەپ ئاتاش مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭ قەھرىمانى-سابىرە ئاچا بارلىق جان-تېنى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان ئىنسان، ئۆز خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئالاھىدە پەزىلەتلىرىنى: تىرىكچىلىكتىكى دانىشمەنلىكىنى، چىدامىلىقىنى ۋە مۇنايىملىقىنى، ھاياتقا قابىلىيەتلىكلىكىنى ۋە كۆڭۈلچەكلىكىنى، بالىلارغا خاس ساددىلىقىنى ۋە تەبىئىي تەدبىرچانلىقىنى، زېرەكلىكلىكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. يەنە كېلىپ، بۇ ئاددىي ئۇيغۇر ئايالىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەزىلەتلىرىنى قۇرۇق ساناپ چىقىش شۇنچىلىك جانلىق، نازۇكلۇق ۋە سەمىمىيەتلىك بىلەن تەسۋىرلەنگەن رومانىنىڭ قەھرىمانى توغرىلىق تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قايغۇلىرى ۋە خۇشاللىقلىرى، غەملىرى ۋە تەشۋىشلىرى ئىلكىدە ئولتۇرۇش، ئۇلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەشۇ بىر يۇمران جۇجىگە ئوخشاش چوقۇپ-چوقۇپ قويىدۇ. پۈتكۈل رومان بۇ بىر چۈشتەك ياكى قەھرىمانىنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزى قۇرغان سۆھبەتتەك، سابىرە ئاچىنىڭ فىلىم-خاتىرىسىدەك تەسىرات قالدۇرىدۇ. سابىرە ئاچا-نىغمەت ئاكا ئىسمائىلوۋنىڭ قىزى، توكۇ موزدۇز توختەمنىڭ ئايالى



(توختەمنىڭ ئاتىسى زاكىر ئاكا پازىلوۋ) ۋە يالغۇز ئوغلى ئادىلنىڭ ئانىسى. تەبىئىيكى، ئادىل-توختەمنىڭمۇ ئوغلى يۈزلىگەن چوڭ ۋە كىچىك ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ ئۆتمۈشتە قالغان ھايات توغرىلىق چۈش، ياكى فىلىم شۇ دەقىقىدە تالاي ئۇششاق-چۈشەك نەرسىلەرنى ئەسلىتىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئۇ شەخسىي، ئائىلەۋىي، مىللىي ۋە جامائەتچىلىك ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدىغان ماجرالارنىمۇ ئۇنتىماپتۇ. بۇ فىلىم ياكى چۈش شۇنچىلىك ئۇستىلىق، شۇنچىلىك نازۇكلىق بىلەن تونۇلغانكى، بەئەينى كەشتىلەردىكى نەقىشلەردەك بىر-بىرى بىلەن چىرمىشىپ گىرەن سىلىشىپ كەتكەن. ئۇزۇن يىپتىن توقۇلغان كەشتىدەك، سابىرە پازىلوۋانىڭ ئۆمرىمۇ ئەشۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان لېكىن پىششىق يىپ بىلەن ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرى، ئۆزىنىڭ خەلقى، ئۆز زامانىسى-ئېغىر، تولا چاغلاردا شەپقەتسىز بولغان، لېكىن تەكرارلانمايدىغان زامانىسى بىلەن، دېمەك، ئەجايىپ تىرىك ھايات بىلەن زىچ باغلانغان.

بۇ سابىرە قىزچاق ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئەڭ مۇھىمى جاننى ساقلاپ قېلىش زۆرۈر بولغان، قالغىنى بولسا كېيىن ئورنىغا چۈشەر»، دېگەن زامان ئىدى. سابىرىنىڭ ئاتىسى نىغمەت ئاكا، گويا «يوقىتىپ قويغان»، ھەقىقىيتىدە بولسا ئۆز قولى بىلەن يوق قىلىۋەتكەن پاسپورتلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرىنى ئېلىش مۇمكىن بولغان چاغدا، مىللىتى دېگەن گرافىدا ئادەتتىكى «ئۇيغۇر» ئورنىغا «ئۆزبەك»، دەپ يېزىلغان ئىدى...

پاسپورتلارنى كۆرسىتىپ، ئۇ شۇنداق دەيدىغان:

- بىر ئۇستا بىر قېلىپتا ئۇيغۇرنىمۇ، ئۆزبەكنىمۇ قۇيۇپتۇ، بەرى بىر ئەمەسمۇ كىم دەپ يېزىلغىنىڭ؟

قىزچاق سابىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇ چاغدا گۇمان ئېگىلەۋالغانلىقى يادىدا: «ئەگەر ھەقىقەتەن ئۇستا بىر بولۇپ، بىر قېلىپتا ئۆزبەكنىمۇ، ئۇيغۇرنىمۇ قۇيغان بولسا، ئەمىسە نېمىشكە يالپۈزدىكى بارلىق ئۇيغۇر ئۆزبەك بولۇشنى خالايدىيۇ، يالپۈزدىكى ئۈچ ئائىلىدىن ئىبارەت

ئاتالغان. رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ماھىتېپكوۋنى ھەر تەرەپلىمە شۇ ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدۇ.

ماھىتېپكوۋ باللار ئۆيىدە چوڭ بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ھېچ ياخشىلىق كۆرمىگەن، ھەتتا بىر نەچچە قېتىم ئىش ئورنىنى ۋە كەسپىنى يۆتكىگەن. ئۇ ئۆيلەنگەن، لېكىن ئاجرىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھاياتىدا غەم-قايغۇ، نەپرەتلەرمۇ ئاز بولمىغان. ئەلۋەتتە، خوشاللىقلارمۇ ئۇنى چەتنەپ ئۆتمىگەن. بۇ كىشى كامچىلىقلىرى يوق پەرىشتەلەردىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر ئادەمگەرچىلىك يوشۇرۇنلىماقتا. بۇ خىسلەت ھاياتىنىڭ ئەڭ ئېغىر كۈنلىرىدە ئۇنىڭغا، ئادەم بولۇپ قېلىشىغا ياردەم بەردى. باش قەھرىمان ئۆزىمۇ بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى پەخىرلىنەتتى.

ئىبراگىموۋ روماندىكى ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ كامچىلىقلىرىنى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى، شۇلار بىلەن بىر قاتاردا خوشاللىقلىرىنى، غەم-قايغۇلىرىنى ۋە ھەسرەتلىرىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن روماندا قەھرىمانىنىڭ ھەر قايسىسى توغرىسىدا ئالاھىدە بايان قىلىپ بېرىدۇ.

رومانىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇنىڭدىكى يازغۇچى ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ قالماستىن، ئەكسىنچە ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى، ئوي-پىكىرلىرىنى، بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مىسالغا ئالغاندا، رومانىنىڭ ھېچ يېرىدە «شاكېن» ياكى "تولېن"نىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەنلىگى ئۇچرىمايدۇ، ئاما شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىگىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. تولېننىڭ خۇلقى-مۇجەزى ھەققىدە ئەڭ ئالدى بىلەن بىز ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىن بىلەلەيمىز. شۇنداقلا باشقا پېرسوناژلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆز قاراشلىرىدىنمۇ بىلىشكە بولىدۇ ۋە موشۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوبرىزىنى بىزگە ئالاھىدە دۇرۇس ئادەم قىلىپ گەۋدىلەندۈرىدۇ.



ئىبراگىموۋنىڭ «ياۋايى قارىقاتنىڭ تەمى» رومانى ئوقۇغۇچىلارنى دىققەت ۋە چىدامىلىق بىلەن ھەر بىر قەھرىمانغا ۋە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا سەپ سېلىپ قاراشقا مەجبۇرلايدۇ.

ئىبراگىموۋنىڭ «بىر توپ تۈگمەنلەر» پوۋېستى چولپانخان ئانىنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلىنىدۇ. پوۋېستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۈگمەنچى توغرىسىدا. سىۋۇېت ئاساسەن ئاۋتورنىڭ ياشلىق ھاياتىنى ئەسلەشكە ئاساسلانغان.

ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرسى كارپوۋكا يېزىسىنىڭ بىرەر بەلگۈسىنى ئېيتىپ بېرىشنى سورىسا، يازغۇچى ھېچ ئىككىلەنمەي دەرھال «تۈگمەنلەر»، دەپ جاۋاپ بېرەتتى. چۈنكى «تۈگمەنلەر» ھەقىقەتەن يېزا ھاياتىغا سىڭىشكەن بەلگۈدۇر. يازغۇچى ئەسەرنىڭ بېشىدىلا تۈگمەننىڭ ياسىلىپ چىقىشى توغرىسىدا جان دىلى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بىر توپ يەرلىك تۇرغۇنلارنىڭ تۈگمەنچىنىڭ قانداقتۇر بىر ئەنسىز ھىس تۇيغۇ بىلەن قارىشىنى، سۇنىڭ چاقىقا ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ۋە تۈگمەن ئىشقا كىرگەندە قاراپ-بايقاپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەجەپلىنىشى ۋە خوشاللىغى بىلەن «ماڭدى»، «تۈگمەن ئىشلىدى» دېگەن ئاۋازلىرى توغرىسىدا ئېنىق تەسۋۇرلەيدۇ.

پوۋېستتىكى ئەڭ ئاساسىي يەنى باش قەھرىمان تۈگمەنچى-زېنەتۇللا ئىلاخۇنوۋ مىجەز خۇلقى بىرخىل، ئېغىر بېسىق كىشى بولۇپ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەمدۇر. تۈگمەن ئىشى زېنەتۇللا ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالماي، بەلكى «تۈگمەن» ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدۇر. ئۇ چوڭ ئىشقى بىلەن تۈگمەننى كۈتەيدۇ. ئۇنى دائىم پاكىزلىقتا تۇتىدۇ. مەھەلىدە بىرلا زېنەتۇللىنىڭ تۈگمىنى بولسىمۇ ئۇ ئۆزىنى خەلقىنىڭ ئارىسىدا ئاددىي كىشىلەردەك تۇتۇپ يۈرىدۇ. زېنەتۇللانى خەلق ئىشلەمچان، بىلىمچان ئادەم دەپ بىلگەن. بىللە ئىشلەپ يۈرگەن ئىشچىلار ئارىسىدا بىرلا زېنەتۇللا ئورتا بىلىمگە ئېگە ئىدى. ئۇ بىر نەچچە يىل رەسسامچىلىق ئۇچىلىشىدا ئوقۇغان.

ئى. ئىبراگىموۋ پەقەت پەن ئالىمى سۈپىتىدىلا ئەمەس شۇنداقلا ژۇرنالىست، كىنېموتوگراف، تالانتلىق يازغۇچى سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر پەرزەنتىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىدا 21 كىنو سۈرەتلەر ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى چوڭ سسېنارىي فىلىم، قالغانلىرى ھۆججەتلىك فىلىملار. قىرغىزستان جۇمھۇرىيەت كىنوستۇدىيەسىدە ئۇنىڭ سسېنارىسي بويىچە ئىشلەنگەن «قارا كېپىككە يول»، «باللىق بىلەن خوشلىشىش» ناملىق تولۇق مېتراژلىق فىلىملار، «يەلكەن» ناملىق قىسقا مېتراژلىق، «ئوچىنىڭ چىغىر يوللىرى»، «لاۋا»، «قىرغىز سۈۋېنىرلىرى»، «قومۇز»، «جەڭلەر - يولداشلار ھەققىدە» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىملار، «تۇرت پورترېت»، «رەسسام بابادجانوۋ»، «ئۇيغۇر پەدىلىرى» ۋىدېئو ۋە تېلېئوچېرىكلار تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېگە بولغان.

ئىسرائىل مۆمۈن ئوغلى ئىبراگىموۋ 2015 - يىل، 19 - مارت كۈنى بىشكەك شەھرىدە ۋاپات بولدى.

ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ ئىجادى يولى نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلارنىڭ ئىجادى يولىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنتېللېكتۇئال ھاياتىنىڭ ئىككى مۇھىم ساھاسىنى، پەن بىلەن ئەدەبىياتنى مۇجەسسەملەشتۈرگۈچى كەشپىياتچىدۇر. ئۆز ئەسەرلىرىنى رۇس تىلىدا ئەركىن يازالايدىغان ئۇيغۇر پەرزەندىنىڭ ئىجادىي نەمۇنىلىرى، ئۇيغۇر كىتاپخانلىرىغا تولۇق مەلۇم ئەمەس، ئاما يازغۇچىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ 5 رومان، 40تىن ئارتۇق پوۋېست ۋە ھېكايىلىرى كۆپ سانلىق رۇس تىللىق كىتاپ ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشىغا ئېگە بولدى.

ئۇنىڭ «Счастье Мамытбека» («مەمەت باقىنىڭ بەختى») 1972 - يىلى، بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن بىرىنچى رومانى «Вкус дикой смородины» («ياۋايى قارىقاتنىڭ تەمى») (1978)، «Созвездие мельниц» («بىر توپ تۈگمەنلەر») (1987)[1] پوۋېست، رومانلىرى موسكۋا ۋە فرۇنزې شەھەرلىرىدە رۇس ۋە قىرغىز تىللاردا نەشر قىلىندى.

كېيىنەرەك يازغۇچىنىڭ «Красные виноградники Арле»



(«ئارلىدىكى قىزىل ئۈزۈمزارلىق»)، «Новогоднее такси» («يېڭى يىللىق تاكسى») پوۋېستلىرى بىلەن «Цыпленок и самолет» («جۆجە ۋە سامولېت») (1994)[2]، «Колыбель в клюве аиста» («لەگلەك قۇش تۇمشۇغىدىكى بۆشۈك») (2000)[3]، «Тамерлан. Начало пути» («تۆمۈرلەڭ. دەسلەپكى يول») (2003)[4] ناملىق رومانلىرى نەشر قىلىندى.

ئى. م. ئىبراگىموۋنىڭ بىرىنچى رومانى «ياۋايى قارىقاتنىڭ تەمى» ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1986 - يىلى، «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە، «بىر توپ تۈگمەنلەر»[5] ناملىق پوۋېستى 1988 - يىلى «پەرۋاز» ژۇرنىلىدا، «جۆجە ۋە سامولېت»نىڭ بىر قىسمى «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىدا ئېلان قىلىندى.

بىشكەك شەھرىدە 2001 - يىلى، قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرىنىڭ ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ، نەشىردىن چىققان (تۈزگۈچى: ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ) «قىرغىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى»[6] دەرىسلىك - خرېستوماتىيە كىتاۋىغا ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ « بىر توپ تۈگمەنلەر» پوۋېستى كىرگۈزۈلگەن.

2009 - يىلى، بىشكەك شەھرىدە يازغۇچىنىڭ «جۆجە ۋە ساماليۇت»[7] رومانى بىلەن «بىر توپ تۈگمەنلەر» پوۋېستلىرى ئۇيغۇر تىلىدا ئايرىم كىتاپ بولۇپ نەشىردىن چىقتى. ئۇيغۇر كىتاپخانلىرى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى بىلەنلا تونۇشتى.

ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ «ياۋايى قارىقاتنىڭ تەمى» ناملىق رومانى سوۋېت ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى قىرغىز، ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن خوشاللىق قايغۇ - ھەسرەتلىك كۈنلىرى ۋە ئېچىنىشلىك تەغدىرى توغرىسىدا يېزىلغان.

تولېن، شاكېن، بۇلبۇلكا، ئابدۇراسۇل، قونۇرباي، باراقان، سابىت، قادراخۇن، بورۇبايلار روماندا باپلارنىڭ نامى شۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن

## پەن ۋە مەدەنىيەتكە بېغىشلىغان ھايات

ئىسرائىل ئىبراگىموۋ - رۇس تىلىدا يازىدىغان قىرغىزىستانلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى، گېئولوگىيە - مىنېرولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى، س س س ر يازغۇچىلىرى ۋە كىنوماتوگرافىستلىرى ئىتتىپاقلىرىنىڭ ئەزاسى، قىرغىزىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن مەدەنىيەت ئەربابى.

ئىسرائىل مۆمۈناخۇن ئوغلى 1933 - يىلى، 24 - دېكابر كۈنى قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق - كۆل ۋىلايىتى، ئانانيېۋا يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى مۆمۈناخۇن - شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدىن بولۇپ، ساۋاتلىق كىشى ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا قازان شەھىرىدىن چىققان كىتاپلارنى سېتىپ ئېلىپ ئوقاتتى. دادىسىنىڭ بوش ۋاقىتلاردا فىرداۋسىنىڭ «شاخنامە» كىتاۋىنى ئوقۇپ بەرگەنلىگىنى ئىسرائىل مۆمۈناخۇن ئوغلى دائىم ئەسلەتتى. ئانىسى - چولپانخان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئارتۇش شەھىرىدىن.

ئىسرائىل مۆمۈناخۇن ئوغلى 1952 - يىلى، رۇس مەكتىۋىنى تۈگىتىپ، موسكۋادىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ خىتاي تىلى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. بۇ بىلىم دەرگاھىدا بىر يىل ئوقۇغاندا فاكۇلتېت يېپىلىپ كېتىدۇ. ئۇ موسكۋا شەھىرىدىكى گېئولوگىيە ئىنستىتۇتقا ئوقۇشقا يۆتكىلىدۇ. كېيىن فرۇنزې پولتېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تاغ - گېئولوگىيە فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ، ئۇنى 1959 - يىلى تاماملايدۇ. ئىنستىتۇتنى تۈگەتكەندىن كېيىن قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىدا 17 يىل ئىشلەيدۇ. 1976 - يىلى بولسا، كاندىداتلىق دىسسېرتاسىيەسىنى ياقلايدۇ. ئۇ لابورانتلىقتىن پەن كاندىدات دەرىجىسىگە يېتىدۇ. 1967 - 1994 يىللىرى قىرغىزىستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېئولوگىيە فاكۇلتېتىدا دوتسېنت بولۇپ ئىشلەيدۇ.



1993 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ياردەم بېرىش «تەڭرى - تاغ» فوندىنىڭ رەئىسى، 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت تېمىلارنى يارىتىشتا (سسېنارىيە مۇئەللىپى، فىلمنى قويۇشنىڭ رەھبىرى ۋە باشقىلار)، ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق «تۆرت پورترېت» (ئالىم، پېشقەدەم ئىشچى ئاكا - ئۇكىلار، سەنئەت ئەربابى ۋە باشقىلار) فىلمنى قويۇشتا، 1993 - يىلىدا قىرغىز تېلېرادىئوكومپانىيەسىدە ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ۋە تېلېكۆرسۇتۇشلەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئاكتىۋ ئىشتىراكچىسى بولدى.

1994 - يىلى قىرغىزىستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا بىلىم بېرىش پروگرممىلىرى ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەسىس قىلىنىپ، شۇ يىلدىن باشلاپ ئىسرائىل ئىبراگىموۋ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. (2011 - يىلى، ئاۋغۇستا فاكۇلتېت يېپىلدى).

شۇ ۋاقىتلار ئىچىدە فاكۇلتېت 15 قېتىم ئالىي مۇتەخەسسىسلەرنى تەييارلاپ چىقاردى، فاكۇلتېتنى پۈتتەرگەن ياش مۇتەخەسسىسلەر ھازىر ھەر خىل گۇمانىتارلىق ساھالاردا (مەكتەپلەردە ۋە باشقا مەھكىمىلەردە) قىرغىزىستان، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىلىرىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

ئى. ئىبراگىموۋ قىرغىزىستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ئىشلەپ يۈرۈپ گېئولوگىيە ساھاسى بويىچە 40 تىن ئوشۇق ئىلمىي ماقالە ۋە ئىككى چوڭ مونوگرافىيە يازغان. بۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرى سابىق س س س ر جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە ۋە ئايرىم كىتاپ بولۇپ بېسىلىپ چىققان. ئالىم كۆپلىگەن ئىلمىي ئەنجۇمەنلەردە ھەر خىل ماۋزۇلاردا دوكلاتلار قىلىپ كەلدى. ئالىمنىڭ «قىرغىزىستاننىڭ رەڭلىك تاشلىرى»، «ئۆزگەننىڭ كۆمۈر باسسېينى» ناملىق مونوگرافىيەلىرى ھەقىقىي مەنادا جۇمھۇرىيەت ئالىي ئوقۇش ئورگانلىرىدا ياشلارنى تەربىيىلەپ، بىلىم بېرىدىغان قوللانمىلارغا ئايلانغان. ئەنە شۇ ئەمگەكلىرى ئارقىلىق قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بويىچە گېئولوگىيە ساھاسىدا كۆرنەكلىك ئالىملار قاتارىدا ئورۇن ئالدى.

ئابدۇمانناپ قاسىم شېئىرلىرىدا ئۇيغۇرىستاننىڭ چوقۇم مۇستەقىللىككە ئېگە بولۇشىغا ئىشەنچە بىلدۈرىدۇ. بۇ كۆز قاراش ئۇنىڭ «رىزۋانگۈل» ناملىق شېئىرىدا ئوچۇق ئىپادىسىنى تاپقان.

يىللار ئاتلاپ بىز كېلىمىز ئۇزاقتىن،
خەلق تېخى قۇتۇلمىدى تۇزاقتىن.
ئەجنەبىلەر تاشلىۋەتكەن دوزاقتىن،
يەنە بايراق كۆتەردۇق بىز رىزۋانگۈل.

بايرىقىمدا قانلىرىڭنىڭ ئىزى بار،
ئەجداتلارنىڭ يېزىپ قويغان سۆزى بار.
ئۇيغۇرىستان دېگەن مۇنچاق كۆزى بار،
سېنى يادلاپ بىز كېلىمىز رىزۋانگۈل.

سېنى يادلاپ بىز يوقلايمىز قەۋرەڭنى،
روھىڭ كۆرەر گۈل كۆتەرگەن نەۋرەڭنى.
ۋەتىنىڭدە بەختى كۈلگەن ئەۋرەڭنى،
شۇندا روھىڭ خوشال بولۇر رىزۋانگۈل.[10]

ئابدۇمانناپ قاسىم 1956 ـ يىلدىن تارتىپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇ بەزى شېئىرلىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرمىغان. چۈنكى، ئۇ 1945 ـ يىلى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى بىلەن خىتاي قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى شىددەتلىك قانلىق جەڭلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭلاشقا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق نارازى بولۇپ يۈرگەن. شۇ سەۋەپ كوممۇنىستىك تۈزۈمنى، كوممۇنىستىك پارتىيەنى مەدھىلەشنى ئۆزىگە يات كۆرەتتى. 1991 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ قېرىنداش مىللەتلەر ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، ئەزەربەيجان ۋە باشقىلار ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئىجادى بىخ ئۇرۇشقا



باشلىدى. ئابدۇمانناپ قاسىم كېيىنكى يىللاردا يازغان شېئىرلىرى پىكرىنىڭ ئوچۇقلىقى، ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن ئالاھىدە ئېتىۋارغا ئېگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا بىز ئانا ۋەتەنگە قىزغىن مۇھەببەت، باسقۇنچىلارغا قاتتىق نەپرەت، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازاتلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنچە ھاسىل قىلىمىز. چۈنكى ئۇ بارلىق ئاڭلىق ھاياتىنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازاتلىقىغا بېغىشلىغان ۋەتەنپەرۋەر شائىردۇر.

---


1. ئابدۇمانناپ قاسىم. ئۇستازىمسەن. خەلقىمگە. ـ بىشكەك، 2008، 12 ـ بەت.

2. ئابدۇمانناپ قاسىم. سېنى كۈيلەيمەن // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 130 ـ بەت.

3. ئابدۇمانناپ قاسىم. خەلقىمگە // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 136 ـ بەت.

4. ئابدۇمانناپ قاسىم. كۆز تەسىراتى // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 133 ـ بەت.

5. ئابدۇمانناپ قاسىم. ئەل قۇرالمىدىم // «ئىتتىپاق»، ـ بىشكەك، 1997، №5 .

6. ئابدۇمانناپ قاسىم. ۋەتىنىم سەن ئامان بول // قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى. ـ بىشكەك، 2001، 139 ـ بەت.

7. ئابدۇمانناپ قاسىم. ئۇيغۇرىستانىم. خەلقىمگە. ـ بىشكەك، 2008، 36 ـ بەت.

8. ئابدۇمانناپ قاسىم. قىرغىز خەلقىگە // «ئىتتىپاق»، ـ بىشكەك، 2003، №9 .

9. ئابدۇمانناپ قاسىم. ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت // «ئىتتىپاق»، ـ بىشكەك، 2008، №6 .

10. ئابدۇمانناپ قاسىم. رىزۋانگۈل. خەلقىمگە. ـ بىشكەك، 2008، 34 ـ بەت.

مەن يۇرىمەن باشقا ژۇتتا، ۋەتەن ساگا زار بولۇپ،
«قاچاق» دېگەن نامىم كەتتى يەر جاھانغا جار بولۇپ.
ئۆمرۈم ئۆتەر ھەر قەيەردە ژىتىمسىراپ، خار بولۇپ،
مۇساپىرلىق قىينايدۇ جان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.[6]

ئابدۇمانناپ قاسىم ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرىستانىم» ناملىق شېئىرىدا ۋەتەننى مەدھىيلەپ مۇنداق يازىدۇ:

تېنىمدە جېنىم سەن ئۇيغۇرىستانىم،
سېنىڭدىن ئايرىلسام ھالسىز بۇ جېنىم.
تومۇردا قېنىمسەن گۈل-گۈلستانىم،
قېنىمدىن ئايرىلسام جانسىز بۇ تېنىم.[7]

شائىرنىڭ بۇ مىسراسىدىن بىز ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يارقىن سىماسىنى كۆرىمىز. ئۇ ۋەتەندىن ئايرىلىپ قەيەردە يۈرمىسۇن ۋەتەن ئۇنىڭ تېنى ۋە جېنى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش خەلقلەر ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن ۋە باشقىلار ئۆز مۇستەقىللىغىنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى ھاياتى شائىر قەلبىنى تەۋرەتمەي قويمىدى. شائىر «قىرغىز خەلقىگە» ناملىق غەزىلىدە قىرغىز خەلقىنىڭ مۇستەقىللىككە ئېرىشىپ خوشاللىق تويى مەرىكىلىرىنى ئۆتكۈزىۋاتقانلىغىنى، ئۇيغۇر بىلەن قىرغىز خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بىر تۇققان قېرىنداش خەلقلەر ئىكەنلىگىنى، كېلەچەكتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ شۇنداق ھۆرلۈككە ئېرىشىشىنى ئۈمۈت قىلىدۇ.

ۋەتىنىڭدە ئىستىقلالنىڭ تېگى ئاتتى قىرغىزىم،
ھۆكۈمدارلار زۇلمىتىنىڭ كۈنى پاتتى قىرغىزىم.
ئاسمىنىڭدا يۇلتۇزلىرىڭ چاقناپ كەتتى قىرغىزىم،
بوران چىقىپ بۇلۇتلارنى باشلاپ كەتتى قىرغىزىم.



مۇستەقىللىق ئالغىنىڭدا قىن-قىنىغا پاتماستىن،
ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرەكلىرى ياشناپ كەتتى قىرغىزىم.[8]

دەپ، قىرغىز خەلقىنىڭ مۇستەقىللىگىگە ئۇيغۇر خەلقىمۇ چوڭ خوشاللىق بىلەن قارشى ئالغانلىغىنى تەكىتلەيدۇ.

ئابدۇمانناپ قاسىم شېئىرلىرىدا ئىككى ئەسىردىن بېرى قۇللۇق تۈزۈمدە ئازاپ چېكىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاجىئەلىك ھاياتىنى تەسۋىرلەش بىلەن بۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن بىر يولى «خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى ئۇيغۇرىستاندىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك»، دەپ تونۇيدۇ. بۇ كۆز قاراش ئۇنىڭ «ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت» ناملىق شېئىرىدا ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

ۋەتەن مېنىڭ، تارىخ گۇۋا، ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت،
خەلقىم تۇرار قىلىپ دەۋا، ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت
دەۋايىم ھەق، ئالەم گۇۋا، ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت،
ئاتوم يېرىپ بۇزدۇڭ ھاۋا، ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت.

سېنىڭ بىلەن مىڭ قايناتسا قوشۇلمايدۇ قېنىمىز،
(ئوخشىمايدۇ ئۆرپى-ئادەت، ئېتىقات ۋە دىنىمىز)
جان چىقسىمۇ ئانا يۇرتتىن ئايرىلمايدۇ تېنىمىز،
چۈنكى ئۇندا تۆكۈلگەن بىزنىڭ كىندىك قېنىمىز.
سېنىڭ بىلەن ياشىمايمەن، ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت![9]

شائىر «ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت» ناملىق بۇ شېئىرىنى 1991-يىلى يازغان. شېئىر ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ يىغىن ۋە قۇرۇلتايلىرىدا ئوقۇلۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. چۈنكى بۇ شېئىر يالغۇز ئابدۇمانناپ قاسىمنىڭ ئاۋازى بولماي، نەچچە ئون مىللىونلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاۋازى ئېدى.

ئاندۇماناپ قاسىم كۆپ شېئىرلىرىنى ئانا ۋەتەن، ئەزىز تۇپراق ۋە ئىككى ئەسىر مۇستەملىكە ئاسارىتىدە ئازاپ چېكىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە بېغىشلاپ يازدى. شائىرنىڭ ئۆز خەلقىگە، ۋەتىنىگە بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىدىن «مىللەتكە»، «مەن شەرقتىن بولىمەن»، «مىللەتنىڭ يولىدا چاپايلى كەتمەن»، «قەرزىم بار»، «يالغۇز مەن»، «بۈگۈن»، «خەلقىمگە»، «ئۇيغۇرۇم»، «ئۇيغۇرىستانىم» ۋە باشقىلار بار.

شائىر «خەلقىمگە» شېئىرىدا:

ئەي، مېنىڭ ئەسىرلەر دوزاقتا كۆيۈپ،
جەننەتنىڭ نېمىلىگىنى بىلمىگەن خەلقىم!
ھەسرىتى يۈرەكتە قان بولۇپ ئۇيۇپ،
بۇ يورۇق ئالەمدە كۈلمىگەن خەلقىم![3]

شائىر «خەلقىمگە» ناملىق بۇ شېئىرىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئىككى ئەسىردىن بۇيان مۇستەملىكە ئاسارىتىدە ياشاپ دوزاقتا كۆيۈۋاتقانلىقى، جەننەتنىڭ نېمىلىگىنى بىلمەي بۇ دۇنيادا غەمقايغۇدا ياشاۋاتقانلىقىنى يازدى. قالغان كۇپلېتلىرىدا بولسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانلىقىنى، ماھمۇت قەشقەرى ئوخشاش دۇنياغا داڭلىق ئالىملىرىنىڭ چىققانلىقىنى، بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇ مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ بەختسىز خەلق بولۇپ قالغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئابدۇماناپ قاسىم «كۆز تەسىراتى» ناملىق شېئىرىدا، كۈز پەسلىنى تەسۋىرلەش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى پاجىئەلىك ھاياتىنى كۆرسىتىدۇ.

كۈز، شامال، سارغايغان يېشىل ياپراقلار،
بۇ ئېدى كۆكلەمنىڭ ھىجران بەلگۈسى.



خىيالىم ھېمىشەم ئانا تۇپراقتا.
دىلىمنى ئېزەتتى ئۇنىڭ كەلگۈسى.

- - - - - - - - - - - - - -

دەرەختە يېتىم ياپراق تىترەيدۇ،
ئانا قۇچىغىدا بوۋاق ئىڭرايدۇ.
كۆكنى قاپلىغان نالە، پەريادىنى،
بىلمىدىم ئالەمدە كىملەر تىڭلايدۇ.

كۈز، شامال، سارغايغان يېشىل ياپراقلار،
دىلىمدا نە شاتلىق، نە بىر تەنتەنە!
خىيالىمدا ئەشۇ ئەزىز تۇپراقلار،
ھىجراننىڭ ئازاۋى باشلاندى يەنە.[4]

ئا.قاسىم شېئىرلىرىدا ئۆز ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاندىن ئايرىلىپ جۇدالىقتا ئۆتكەن ھاياتى، ۋەتىنىنى سېغىنىش ھېس تۇيغۇلىرى بىلەن يېزىلغان. ئۇ ئۆز ۋەتىنىنى تەرىك ئېتىپ چىقىپ كەتكەنلىكىگە بەك ئېچىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ « ئەل قۇرالمىدىم» شېئىرىدا ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

كەچۇرگىن ئەي ئېگەم، بۇ غاپىل بەندەڭنى،
سەن بەرگەن زېمىدا تىنىك تۇرالمىدىم.
مۇقەددەس كەبەمگە ئېبلىس كىرگۈزۈپ،
خاتاغا يول قويدۇم، ئەل قۇرالمىدىم.[5]

شائىر ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەت يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ ياشىسىمۇ، يەنە ۋەتىنىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەيدۇ. بۇ كۆز قاراش ئۇنىڭ «ۋەتىنىم سەن ئامان بول» شېئىرىدا ئوچۇق ئىپادىلەنگەن.

ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭغا نەشرىياتتا ئىشلەشكە رۇخسەت بەرمەيدۇ. ئۇ 1958 - 1963 - يىللىرى ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەردە بولغان.

ئا.قاسىم 1963 - يىلى، قازاقىستانغا، كېيىنرەك قىرغىزستاننىڭ قەنت ناھىيەسىنىڭ نوۋو-پوكروۋكا يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، سودا ساھاسىدا ئىشلەيدۇ. 2008 - يىلى، يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

ئابدۇماناپ قاسىم مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئەدەبىياتقا قىزىققان. ئۇ ئالمۇتا، تاشكەنت شەھەرلىرىدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە، ئۆزبەكچە كىتاپ، گېزىت ۋە ژۇرناللارنى ئوقاتتى. رۇس شائىرلىرى پۇشكىن، لېرمونتوۋ، ئېسېنىن، تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي، ئۆزبەك شائىر-يازغۇچىلىرىن چۇستى، ئابدۇللا قادىر، غاپۇر غۇلام، خەمىت ئالىمجان ۋە باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، يادقا ئالاتتى.

1954 - يىلى، «شىنجاڭ گېزىتىدە» ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئۇنىڭدا شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىش تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «تارىم بويىلىرىدا»، «يۈرەك مۇڭلىرى» شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇپ تونۇشىدۇ. ئۇنىڭ دۇنياغا كۆز قاراش نەزەر دائىرىسى كېڭىيدۇ. شۇ يىللاردىن باشلاپ ئا.قاسىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى دەپ تونۇيدۇ. ئۇنىڭ «ئۇستازىمسەن» دېگەن شېئىرى ئا.ئۆتكۈرگە بېغىشلاپ يېزىلغان.

ئۇستازىم سەن، مۇرەببىمسەن، تايانچىمسەن،
قولۇم تۇتۇپ يول باشلىغان يولچىمسەن.
بۇلبۇل قانات قاققان تاڭدا ئويغۇنۇپ،
گۈل ئىشقىدا ناۋا قىلغان سازچىمسەن.
ئەجداتلاردىن قالغان مىراس بايلىقنى،
ئەۋلادىمغا يەتكۈزگۈچى ئەلچىمسەن.[1]



ئابدۇماناپ قاسىمنىڭ «سېنى كۈيلەيمەن» ناملىق بىرىنچى شېئىرى 1956 - يىلى، مەتبۇئاتتا يورۇق كۆرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى گېزىت ۋە ژۇرناللاردا بېسىلدى. قىرغىزستانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، «ئىتتىپاق»، «ۋىژدان ئاۋازى» گېزىت سەھىپىلىرىدە بېسىلىپ تۇردى.

1994 - يىلى، قىرغىز تىلىدا چىققان «ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتا يۇرت» ناملىق توپلامدا، 2001 - يىلى يۇسۇپ بالاساغۇنى نامىدىكى قىرغىزستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ نەشىردىن چىققان (تۈزگۈچى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ) «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» دەرىسلىك - خرېستوماتىيە كىتاۋىدا ئابدۇماناپ قاسىمنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بېرىلگەن. ئابدوماناپ قاسىمنىڭ «خەلقىمگە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 2008 - يىلى، بىشكەك شەھرىدە نەشرىدىن چىقتى.

ئا.قاسىمنىڭ شېئىرلىرىدا مۇھەببەت، ئانا ۋەتەن، ئەزىز توپراق، دوستلۇق، ھايات كۆرۈنۈشلىرى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرى يارقىن ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ تۇنجا شېئىرى «سېنى كۈيلەيمەن» مۇھەببەت ماۋزۇسىغا يېزىلغان.

ھەجەپ بىر ھىس ئويغاندى مەندە،
سېنى كۆرۈپ ساھىپجامال قىز.
مۇھەببىتىڭ ئويغاندى مەندە،
ژۈرۈگىمدە قالدۇردىڭ بىر ئىز.

ئۆچەرمۇ بۇ ئىز؟ ئۆچمەس مەڭگۇ،
ئۆچمەس بولۇپ قالغان مېنىڭدە.
ئۆچەرمەسمەن مەڭگۇ تا ئەبەت،
بۇ ياش جېنىم بولسا تېنىمدە.[2]

خەلقىمىزنىڭ مىللەت سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەشەببۇسكارلىق قىلدى.

ياسىن ھاجىم ماھمۇدى ئۆزىنىڭ مىللىي ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان شېئىرلىرى، ھېكايىلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن يېزىلغان سەياسىي ماقالىلىرى ئارقىلىق قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى قوشتى.

---

1. ياسىن ھاجىم ماھمۇدى. قەلەم ئالاي قولۇمغا. ھايات يولى. ـ بىشكەك. 2004، 26 ـ بەت.

2. ياسىن ھاجىم ماھمۇدى. قەلەم ئالاي قولۇمغا. ھايات يولى. 26 ـ بەت.

3. ياسىن ھاجىم ماھمۇدى. مېنىڭ ۋىژدانىم. ھايات يولى. 46 ـ بەت.

4. ياسىن ھاجىم ماھمۇدى. مېنىڭ ۋىژدانىم. ھايات يولى. 46 ـ بەت.

5. ياسىن ھاجىم ماھمۇدى. ئۇخلىمايمەن. ھايات يولى 18 ـ بەت.

6. ياسىن ھاجىم ماھمۇدى. ھايات يولى. 15 ـ بەت.

7. ياسىن ھاجىم ماھمۇدى. ۋەتەنگە مۇھەببەت. ـ بىشكەك. 2011

8. ياسىن ھاجىم ماھمۇدى. بولغىن مەردانە. ـ بىشكەك. 2017.



# ئۇيغۇرىستان ـ ئۇنىڭ تېنى ۋە جېنى

ئابدۇمانناپ قاسىم قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سالماغلىق ھەسسىسىنى قوشقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى.

ئابدۇمانناپ قاسىم 1932 ـ يىلى، ئۇيغۇرىستاننىڭ شىخو شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ شىخو تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنى تاماملاپ 1949 ـ 1950 ـ يىللىرى ئىلى ئەخمەتجان قاسىمي نامىدىكى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇيدۇ. 1950 ـ يىلى، ئۈرۈمچى دارىلپۇنۇنغا ئوقۇشقا چۈشۈپ بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دارىلپۇنۇن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن كۇچار، توقسۇن، شايار ۋە قەشقەر شەھەرلىرىگە ئەۋەتىلىپ، ئۇ يەرلەردە «ئىجارە كەمەيتىش»، «يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈش» خىزمەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. 1954 ـ يىلى، ماي ئېيىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ «شىنجاڭ گېزىتىدە» مۇخبىر، تەھرىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ يىللىرى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «شىنجاڭ گېزىتىدە» تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيتتى. ئابدۇمانناپ قاسىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن تونۇشىدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن تونۇشۇش ئا.قاسىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. 1956 ـ يىلى، بېيجىن رادىئوستانسىيەسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدە دىكتور، 1957 ـ يىلى، بېيجىن «مىللەتلەر نەشرىياتىدا» كوررېكتور، تەھرىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. «مىللەتلەر نەشرىياتىدا» ئىبراھىم مۇتىي بىلەن تونۇشىدۇ. شۇ چاغدا ئىبراھىم مۇتىي «مىللەتلەر نەشرىياتىدا» ئۇيغۇر بولۇمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتى.

ئابدۇمانناپ قاسىم 1957 ـ 1958 ـ يىللىرىدا يۈرگۈزۈلگەن «ستىل تۈزۈتۈش» ھەرىكىتىدە: «بىز ئۇيغۇرلار موڭغۇلچىلىك بولالمىدۇق» دېگەن سۆزى ئۈچۈن «مىللەتچى» ئاتىلىپ بېيجىن سۇ ئامبىرىغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ئەۋەتىلىدۇ. ئا.قاسىم 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى

بىلدۈرىدۇ. ياسىنجاننىڭ «ئۆخلىمايمەن» ناملىق شېئىرىدا بۇ پىكىر ئوچۇق يېزىلغان.

ئاتتى تاڭ، پۈتۈن ئالەم كەتتى يورۇپ،
ئەندى مەن غەپلەت ئىچرە ئۇخلىمايمەن.
پات-يېقىن، مەنمۇ بەخت تويىن ئويناپ،
دوستلاردەك شاتلىنىمەن، توختىمايمەن.(5)

دەپ يېزىپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىغا ئۈمىد كۆز قارايدۇ. ئەلبەتتە، مۇستەقىللىق ئۆزلىكىدىن كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش ۋە يەنە كۈرەش كېرەك، شائىر كۈرەشسىز مۇستەقىللىقنىڭ قولغا كەلمەسلىكىنى «ھايات يولى» شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ.

شۇڭا مەن بەختنى كۈرەشتە دېدىم،
كۈرەشسىز ئۆتمەيدۇ ئۆمۈر بىر سائات.(6)

دېمەك، شائىرنىڭ ھەر بىر سائاتى كۈرەش بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىزھار قىلىدۇ.

ياسىنجان ماھمۇدى شېئىرلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇ-خىل، تېماتىكا مەزمۇنى كەڭ، ئىدىياۋىي مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى يېنىك ۋە راۋان، تەسۋىرىي جانلىق ۋە ئوبرازلىق، ھېسسىياتى جوشقۇن ۋە مۇھەببەت-نەپرەتى ئېنىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

شائىر ياسىنجان ماھمۇدى ئۆزىنىڭ «ھايات يولى»، «قەشقىرىم»، «ئۇخلىمايمەن»، «تەييارتۇرۇڭ»، «خار قىلمايمەن ئانامنى»، «تايانچىمىز ئانام سەن»، «تاڭ ئاتارمۇ؟»، «قەلەم ئالاي قولۇمغا»، «ئازار بەرمە مىسكىن دىلىمغا»، «تاقىتىم يوق»، «ساتما»، «كۈرەش ئۆلمەيدۇ»، «كۆرۈپ كەلدىم»، «بولدۇم» قاتارلىق كۆپلىگەن



شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيەلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ياسىن ھاجىم ماھمۇدى شائىر بولۇپلا قالماي، بىرنەچچە ھېكايىلەرنىڭ ئاۋتورى. ئۇ «تاجىخان»، «ۋىژدان ئازاۋى»، «پۈتى سۇنغان دوك ئېشەك»، «تروللېيبۇستا»، «تۆمۈرقاناتلىق قۇشلار»، «بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتىمەن»، «قەپەزدىكى تۆتىقۇش»، «خائىننىڭ كاللىسى»، «ئايلىخاننىڭ كۈلكىسى»، قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان. يازغۇچى بۇ ھېكايىلىرىدە ئۇيغۇرىستاندا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بەزى ۋەقەلەرنى تېپىكلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان.

ياسىنجان ماخمۇدىنىڭ ئىجادىيىتىدا سەياسىي پۇبلىستىكىلىق ماقالىلىرى كەڭ ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ «تەغدىرىمىز ئۆز قولىمىزدا»، «بېپەرۋا تۇرالمايمىز»، «دۈشمەندىن ئۆگىنەيلى»، «ئېتىقاتىمىزدا چىڭ تۇرايلى»، «سىناق» «21-ئەسىر بوسۇغىسىدا»، «مىللەتنى سۆيۈش ئىدىيەسىنى تىكلەيلى»، «سەياسەتتىن چەتتە تۇرالمايمىز»، «ئەسىرلەر ساداسى»، «مىللەتنىڭ غېمى كىمنىڭ بويىندا»، «مىللەتچىلىك دېگەن نېمە؟»، «بىز نەگە كېتىپ بارىمىز؟»، «ئۇنىڭ يىلتىزى نەدە؟»، «ۋەتەن دەۋاسىنى كىم قىلىش كېرەك»، «مىللەت مەنپىيتى ھەممىدىن ئەلا»، «ۋەتەن دەۋاسى-مۇستەقىللىق ئۈچۈندۇر»، «بىزگە پەقەت ئەركىنلىك كېرەك» قاتارلىق سەياسىي-نەزەرىيەۋىي ماقالىلارنى يېزىپ، مىللىي مۇستەقىللىقىمىز ھەم ۋەتەن دەۋاسى ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقىمىزنىڭ مىللىي غۇرۇرنى ئويغىتىش يولىدىكى كۈرىشىمىزگە ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلدى. شۇنداقلا، «مىللىي غۇرۇرىمىزنى يوقاتمايلى»، «مىللىي ئەن-ئەنئەنىلىرىمىزنى ساقلاپ قالايلى»، «مىللىي ئۆرپ-ئادىتىمىز ھەققىدە»، «مىللىي تىلىمىز ھەققىدە»، «تىلى يوق مىللەت بولمايدۇ»، «مىللەت مەنپىيتى ھەممىدىن ئەلا»، «ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا بەزى پىكىرلەر» قاتارلىق ماقالىلارنى يېزىپ،

ئېي، خۇدا، مەدەت بەرگىن قەلەم ئالاي،
يۈرۈگۈم ۋەتەن ئۈچۈن بولدى پارە.
ئىلتىجا قىلاي دوستقا دەرتلىرىمنى،
قەلەم ـ لە، ياۋ كۆكسىنى قىلغاي پارە.[1]

ياسىن ھاجىم ماھمۇدنىڭ «ھايات يولى» (2004)، «ۋەتەنگە مۇھەببەت» (2011) ۋە «بولغىن مەردانە» (2016) ناملىق كىتاپلىرىدا ئۇنىڭ شېئىرلىرى، ھېكايىلىرى ۋە ماقالىلىرى بېسىلىپ چىقتى. ياسىن ھاجىم ماھمۇدنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئانا ـ ۋەتەن، ئەزىز تۇپراق، مۇھەببەت، دوستلۇق تېمىلىرىغا بېغىشلانغان. پويىزدا پرووۋودنىڭ بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى كۆرگەن. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ سودا ـ تىجارەت بىلەن چەت مەملىكەتلەرگە بارغان. ئەنە شۇ سەياھەتلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئانا ـ ۋەتىنىنى باشقا جايلاردىن ئۈستۈن كۆرۈپ، سەرگاردانلىق ھاياتىغا ئېچىنىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ.

ياراتقان، مەن بىر نادان بەندەڭ ئېدىم،
كەچۈرگىن بىلمەي قىلغان گۇناھىمنى.
قىتئەلەر كۆرۈپ كەلدىم سەيياھ بولۇپ،
تاپمىدىم ۋەتىنىمدەك پاناھىمنى.[2]

ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ئايرىلىپ چەت مەملىكەتلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگىنىدە ئۆز ۋەتىنىنى ئەسلەش، سېغىنىش ھېسسىياتى كۈچىيىدۇ. شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار قەيەردە ياشاۋاتقان بولسا، ئەنە شۇ زېمىننى ئۆزىنىڭ ۋەتىنى دەپ ھېساپلاپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ھاياتى قىزىقچىلىقى بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ. ئەلبەتتە، ئۆز ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببەت ئىنسانلارنىڭ ۋىژدانىغا باغلىق. ياسىنجان «مېنىڭ



ۋىژدانىم» ناملىق شېئىرىنى ئۆزىگە ئوخشاش ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ، چەت مەملىكەتلەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن يۇرتداشلىرىغا قارىتىپ يازغان.

سېنىڭ ئەۋلادىڭ بولدى سەرگەردان،
ياتلارغا تاشلاپ ئۆز دىيارىنى،
ئانا يۇرتىدا بولدى مۇساپىر
تاتتۇرۇپ قويۇپ قولىدا بارىنى.
ئۆزەگنى ئويلاپ قاخشاتما ئەلنى،
«بولغىن مەردانە» دېدى ۋىژدانىم.[3]

شائىرنىڭ ۋىژدانى ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشكە ئۈندەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىژدان ھۆكۈمىنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ.

چىقىپ مەيدانغا كۆكرەكنى كېرىپ،
جاھانغا ئاڭلات خەلقىم زارىنى.
ئادالەتپەرۋەر جەمئىي ئىنسانلار،
ئاجرىتىپ ئالسۇن ئاق ۋە قارىنى.
ئەۋلادىم سەندىن رازىمەن بولسۇن،
دەپ ماڭا ھۆكۈم قىلدى ۋىژدانىم.[4]

ئوتتۇرا ئاسىيەدە ياشاۋاتقان قېرىنداش ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز ۋە باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇلۇپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشلىرىنى گۈللەندۈرمەكتە. مۇستەقىللىق تويلىرىنى ئويناپ، شاتلانماقتا. ئۇيغۇر خەلقى بولسا، يەنە شۇ خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ قولىدا ئازاپ چەكمەكتە. شائىر ئۆز ۋەتىنى ـ ئۇيغۇرىستانىنىڭمۇ قېرىنداش خەلقلەر ئوخشاش ئازاتلىققا ئېرىشىپ، خوشاللىق تويلارنى نىشانلايدىغان كۈنلىرىنىڭ كېلىشىگە ئىشەنچ

ياسنجاننىڭ شىنجاڭ ۋە ئىلى گېزىتلىرىدە ئىشچىلار ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سەياسىي ـ ئەدەبىي خەۋەر ماقالىلىرى داۋاملىق بېسىلىپ تۇردى. بولۇپمۇ ئىلقىدىكى «ئاق قوي» فېرمىسىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەريانىنى توغرىسىدىكى ھۆججەتلىك ماقالىسى ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ، ئاممىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. غۇلجىدا 1954 ـ يىلدىن باشلاپ «ئىشچىلار گېزىتى» چىقىشقا باشلىغان. ياسنجان بۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ بۇ گېزىت ئارقىلىق ئىشچىلارنىڭ ھاياتىدىكى ئېغىرچىلىقلارنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇنىي تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

1957 ـ يىلى، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «شىنجاڭ پەن، تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش» يىغىنىغا ئۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. يىغىندا ئۇ «ھازىر ئىلى ۋىلايىتىدە 185 مىڭدىن ئوشۇق مىللىي ئىشچىلار ئىشسىزلىقتىن قىينالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچكىرىدىن بىزگە ئىلمىي ئادەملەر، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى كەلسۇن، ئاددىي ئىشچىلارنىڭ لازىمى يوق. بىزنىڭ ئىدارىندا ئىككىدىن ئوشۇق مىللىي كادىر يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي كادىرلارنىڭ سانى كۆپەيتىلسە، مىللىي كادىرلارغا ئىشەنمەسلىك ئىدىيەسى تۈزىتىلسە» دېگەن پىكىرلەرنى بېرىدۇ. ئۇ يىغىندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. «ستىل تۆزۈتىش ھەركىتىدە» ياسىن ھاجىمنى «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر»، «سىنىپىي تەركىۋى يات، ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇر» دەپ كۈرەش قىلىشقا باشلايدۇ. دادىسى ماھمۇد خۇدابەردىنىڭ تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقى ئاز كەلگەندەك، ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ تۈرمىگە تاشلاش خەۋپى پەيدا بولىدۇ. ياسنجان بىرىنچىدىن، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئاتىسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ۋەتەننى تەرك ئېتىشقا قارار قىلىدۇ. 1959 ـ يىلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، فرۇنزې (ھازىرقى بىشكەك) شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئاز ۋاقىت ئۆتمەي «فرۇنزې» نامىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلارنى ياساش زاۋۇدىغا ئىشقا كىرىدۇ. ئۇ يەردە 1959 ـ يىلدىن



1969 ـ يىلغا قەدەر زاۋۇدنىڭ ئىنستىرۇمېنتال سېخىدا ئىشلەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئەمگەك پائالىيەتلىرىدە يۇقۇرى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن زاۋۇد مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن بىرنەچچە قېتىم «ھۆرمەت گراموتىسى»، مېداللار ۋە ماددىي مۇكاپاتلار بىلەن تەقدىرلىنىدۇ. لېكىن زاۋۇد ھاۋاسى ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇ 1969 ـ يىلى، تۆمۈر يول قاتناش ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ، پىرووۋودنىك بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ يەردىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەك، غەيرەتلىك ۋە تىرىشچان ئېكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. تۆمۈر يولدا ئىشلەش جەريانىدا «تۆمۈر يولدا خىزمەت كۆرسەتكەن ئىلغار تۆمۈر يولچى» دېگەن مېدال ۋە بىرنەچچە ماددىي مۇكاپاتلارنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. 1991 ـ يىلى، «ئەمگەك ۋېتېرانى» بولۇپ پېنسىيەگە چىقىدۇ. ياسىن ھاجىم ماھمۇدى 2018 ـ يىلى، 7 ـ ماي كۈنى بىشكەك شەھرىدە ۋاپات بولدى.

ياسجان ماھمۇدىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. ئۇنىڭ «تۈلكىنىڭ ھېلىسى» ناملىق تۇنجا شېئىرى 1953 ـ يىلى، «ئىلى گېزىتىدە» يورۇق كۆرگەن. بۇ شېئىرىدا سۇيىدۇڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا يىغىلغان پۇلنى بوخگالتېر خىتاينىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى پاش قىلىپ يازغان. كېيىنكى سەياسىي ھەرىكەتلەردە ئەنە شۇ شېئىرى ئۈچۈن كۈرەشكە ئېلىنغان. شۇ سەۋەپلىك ياسنجان كېيىنكى يازغان شېئىرلىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرمىغان. ياسنجاننىڭ ھاياتىدىكى ئالاھىدە سەھىپە دەپ شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ۋەتەن، مىللەت ئازاتلىقى يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي، سەياسىي، قانۇنىي قەلەم كۈرىشىگە جان دىلى بىلەن پائال قاتنىشىپ كەتتى. موشۇ ئاخىرقى 15 ـ 10 يىل جەريانىدا «ۋىژدان ئاۋازى»، «ئىتتىپاق» گېزىتلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى، ھېكايىلىرى ۋە سەياسىي ماقالىلىرى داۋاملىق بېسىلىپ تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قولىدا قەلەم ئېلىشىنىڭ سەۋەبىنى «قەلەم ئالاي قولۇمغا» ناملىق شېئىرىدا ناھايىتى ئېنىق بىلدۈرگەن.

# ۋەتەن مۇھەببىتى - ئۇنىڭ دەردى

ياسىن ھاجىم ماھمۇدى قىرغىزستاندا ياشاپ، ئۆزىنىڭ، يازغان شېئىر، ھېكايە ۋە سەياسىي پۇبلىستىكىلىق ماقالىلىرى بىلەن جامائەت ئىچىدە كەڭ تونۇلغان ئەدىپلىرىمىزنىڭ بىرى.

ياسىنجان ماھمۇد ئوغلى 1931- يىلى، 11- سېنتەبىر كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتى، كۈرە ناھىيەسىدە دۇنىياغا كەلگەن. ئۇ 1937- يىلدىن 1941- يىلغىچە كۈرە باشلانغۇچ مەكتىۋىدە، 1941- يىلدىن 1945- يىلغىچە غۇلجا تائالىيە ئوتتۇرا مەكتىۋىدە، 1946- يىلدىن 1950- يىلغىچە غۇلجا بىلىم يۇرتى مەكتىۋىدە ئوقۇغان. 1950- يىلى، ئۇرۇمچىدىكى كادىرلار مەكتىۋىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ كادىرلار مەكتىۋىنى 1951- يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دادىسى ماھمۇد خۇدابەردىنى غۇلجىدا «ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇر» دەپ 12يىللىق تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقتىن، «سىنىپىي تەركىۋى يات» دېگەن باھانە بىلەن شۇ مەزگىلدە خىتايلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان سەياسىي ھەرىكەتلەردىن چەتلەشتۈرۈپ، ئاممۇۋىي تەشكىلات ھېساپلانغان غۇلجا شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىختىيارىغا يوللايدۇ. ئۇ يەردە تەشكىلىي، مەدەنىي- مائارىپ بۆلۈملىرىدە مەسئۇل خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا غۇلجا شەھرىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىشلەپ چىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى ئىشچىلارنى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىشقا بىۋاستە قاتنىشىدۇ. ئىشچىلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى يوقۇتۇش، مەدەنىي مەشغۇلاتلارنى يولغا قويۇش، سەنئەت گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەشتۈرۈش، تەن- ھەرىكەت كوماندىلىرىنى قۇرۇش، ئۆز ئارا مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە سپورت مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. 1952- يىلدىن 1954- يىلغىچە ئىشچىلارنىڭ 126 كەچ كۇرس سىنىپىنى ئېچىپ، 3200 گە يېقىن ئادەمنىڭ ساۋادىنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ تالانتلىق تەشكىلاتچى ۋە قابىلىيەتلىك تەشۋىقاتچى



ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلغان مەمۇرىيەت ئۇنى ئىلى قازاق ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي- تەشۋىقات بۆلۈمىگە مەسئۇل قىلىپ تايىنلايدۇ.

ئۇ ئىشنى كۆمۈركان ئىشچىلىرىنى تەشكىللەشتۈرۈشتىن باشلايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئىلىدىكى «پىلىچى»، «گاڭگۇل»، «لەنتەيزە» قاتارلىق خاڭلاردىكى ئىشچىلارنىڭ دەھشەتلىك ئېغىر ئىش- شارائىتلىرىنى، ھاياتىنىڭ بەكمۇ خەۋىپ- خەتەر ئاستىدا ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇشلىرىنىڭ ئېچىنارلىق دەرىجىدە تۆۋەنلىكىنى، يەر ئاستىدىكى خاڭلارغا چۈشۈپ، چىشى بىلەن كۆزىدىن باشقىسىنى تونۇغىلى بولمايدىغان ھالەتتە، قاتتىق كۆمۈرنىڭ ئۈستىدە يالىڭاچ يېتىپ، ئاچ- توق ئىشلەۋاتقان، كۆمۈر گازلىرىدا زەھەرلىنىپ ياكى كۆمۈر بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان بىچارە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. ئۇلارنى تەشكىللەشتۈرۈپ، ساۋادىنى چىقارماي تۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق سېخلارغا ۋە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ تەشكىللەيدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نامىدىن خاڭ ئىگىلىرى بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى كۆتۈرۈش، ئىش كۈنىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىشچىلارنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىش، دەم ئېلىشىنى ۋە سالامەتلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئوخشاش شەرتنامىلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇ 6 جايدا ساۋات ئېچىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، 300دىن كۆپرەك خاڭ ئىشچىلىرىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ سەنئەت گۇرۇپپىلىرىنى ۋە سپورت كوماندىلىرىنى تەشكىللەپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەمۇرىيەت ياسىنجاننى غۇلجا، سۈيدۈڭ، توققۇزتارا، نىلقا، كۈنەس، تېكەس، بۆرتالا ناھىيەلىرىگە، شۇنداقلا ئالتاي، تارغاباتاي ۋىلايەتلىرىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ شۇ جايلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىللەش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىدۇ.

تەڭرىتاغ ۋە ئالاتاغ يايلىغىدا ـ يايراپ مېڭىمىز.
تاغۇ ـ يايلاق ۋە ئېتىزدا ھەممىز ئىشچان خەلق،
شاپتۇلا، ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت، ئۈزۈملۈك بېغىمىز،

ئالا تاغدەك قەد كۆتەرگىن تىلىگىم شۇ قىرغىزىم،
خۇش بولۇپ ئەركىنلىگىڭگە چىن دىلىمدىن ھۆرمىتىم،
دوستلۇق رىشتىمىز پۇلاتتەك ئۈنى بۇزالماس ياۋ،
تەڭ بىلىم قوينىدا يېتىشمەكتە كۆپ ئوغۇل ـ قىزىم.

ساقى كەل بىللە ئىچەيلى تويدا شاتلىق جامىنى،
بىزگە دوستلۇق تا ـ ئەبەت تاپسۇن كۆڭۈل ئارامىنى.
يۇرتىمىز ئازات (ئاۋاد) بولۇپ ئۇلۇشار تويلارغا توي،
تۇتتى گۈلدەستىنى «نۇر» قوبۇل قىل سالامىنى.[11]

نۇرمەھەممەت ھەسەننىڭ ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېما ئاساسى سالماقىنى ئېگەللەيدۇ. ئۇ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرىستانىنىڭ ئازاتلىغىنى، مۇستەقىللىغىنى ئارزۇ قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

نۇرمەھەممەت ھەسەن ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى بىلەن قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىيەتىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا مۇناسىپ ھەسسىنى قوشتى.

---

1. نۇرمەھەممەت ھەسەن. گۈلۈمگە // «ئىتتىپاق». ـ بىشكەك. 2001، 2014، №9.
2. نۇرمەھەممەت ھەسەن. ۋەتەنگە مەدھىيە // ۋەتەن سۆيگۈسى(قول يازما)، ـ بىشكەك، 2001، 45 ـ بەت.
3. نۇرمەھەممەت ھەسەن. ئۇيغۇرىستانىم // ۋەتەن سۆيگۈسى. 49 ـ بەت.



4. نۇرمەھەممەت ھەسەن. ۋەتەنىدىن ئۇلۇق سەجدىگاھىم يوق // «ئىتتىپاق». ـ بىشكەك، 2008، №12.
5. نۇرمەھەممەت ھەسەن. يۈرەك قەلبىمدە ـ ۋەتەن سۆيگۈس // «ئىتتىپاق»، ـ بىشكەك، 2007، №7.
6. نۇرمەھەممەت ھەسەن. ئانا ـ ئانا ۋەتەن // «ئىتتىپاق»، ـ بىشكەك، 2008، №12.
7. نۇرمەھەممەت ھەسەن. ۋەتەنداشقا // «ئىتتىپاق»، ـ بىشكەك، 2001، №4.
8. نۇرمەھەممەت ھەسەن. لەھەتتىن سادا // ۋەتەن سۆيگۈسى. 76 ـ بەت.
9. نۇرمەھەممەت ھەسەن. بىز ئەمەسمىز يۇرتتىن قاچقانلار // «ۋىژدان ئاۋازى». ـ بىشكەك، 2000، №10.
10. نۇرمەھەممەت ھەسەن. ئانا مېھرى // «ئىتتىپاق». ـ بىشكەك، 2006، №3.
11. نۇرمەھەممەت ھەسەن. قېرغىز قېرىنداشلارغا سالام // ۋەتەن سۆيگۈسى. 97 ـ بەت.

تەشكىلاتىغا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىدە خىزمەت قىلغان جەڭچى ۋە ئوفىتسېرلار ئەزا بولۇپ كىردى. شۇ يىللاردا، قىرغىزىستاننىڭ چۈي ۋىلايىتىدە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جەڭچى ۋە ئوفىتسېرلىرىدىن 200 دىن كۆپرەك كىشى بار ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتتى. ئۇلار ھاياتلىرىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىگىچە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازاتلىقىنى ئارزۇ قىلىشىپ ئۆتتى.

دېمىگىن بىزنى يۇرتتىن قاچقانلار،
بىز زۇلۇمنى ماۋىنىڭ تارتقانلار.
ئەزىز ۋەتەننىڭ ئىستىقلالىچۈن.
پىدائىي بولۇپ جاننى ئاتقانلار.

شېھىت قاياشىن- روھىنى يادلاپ،
تۇرغاچقا غازى شەرەپ تاپقانلار.
كۈرەش كەمرىن بېلىدىن يەشمەي،
قىساس خەنجىرىن يانغا ئاسقانلار.

مۇساپىر بولۇپ يۇرسىمۇ چەتتە،
ۋەتەن دەۋاسىن سۆزلەۋاتقانلار.
ھەر يەردە قۇرۇپ ياۋلارغا تۇزاق،
دۈشمەن يۈرىگىنى ئۆرتەۋەتقانلار.

بىزلەر ئەمەسمىز «يۇرتتىن قاچقانلار».
ئۆلۈم خەۋپىدە پانا تاپقانلار.
بىز كۈرەش يولىن قىلىشقا داۋام،
قەددى- قامىتىن راستلاۋاتقانلار.[9]



نۇرمەھەممەت ھەسەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازاتلىقىنى ئارزۇ قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتتى.

نۇرمەھەممەت ھەسەن ئانا ھەققىدىمۇ ئانىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ ئۆز شېئىرلىرىدا ئانىنى مەدھىلىدى. ئۇنىڭ «ئانا مېھرى»، «ئانا سېنى ئەسلەيمەن»، «ئانامغا» ۋە باشقا شېئىرلىرى ئانىلارتېمىسىدا يېزىلغان.

ئۇ «ئانا مېھرى» شېئىرىدا:

ئانام مېھرى ئوتى بار.
يۇرەك باغرىم قەلبىمدە،
ئانا دەپ قانچە يازسام.
سۆزۈم پۈتمەيدۇ قەلبىمدە.[10]

ھەممىگە مەلۇم، 1990- يىلى، س س س ر پارچىلىنىپ، 15 جۇمھۇرىيەت ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ شەكىللەندى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيەدە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقى قېرىنداش قازاق، ئۆزبەك، قىرغىز، تۈركمەن، ئەزەربەرجان ۋە باشقىلارنىڭ مۇستەقىللىققە ئېرىششىنى چوڭ خوشاللىق بىلەن قارشى ئالدى.

نۇرمەھەممەت ئاكا ئۆز شېئىرلىرىدا قېرىنداش قىرغىز خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى «قىرغىزستان»، «قىرغىز قېرىنداشلارغا سالام» قاتارلىق شېئىرلىرىدا مەدھىلىدى. ئۇ «قىرغىز قېرىنداشلارغا سالام» شېئىرىدا:

ئاكا- ئۇكىدەك ياشايمىز بۇ زېمىندا ھەممىمىز،
ئوخشىغان تارتقان زولۇم، كۆرگەن كۈنىمىز دەردىمىز.
ھۆر بەخت تويۇڭنى بىللە ئۆينىغاچ ئۇيغۇر ئېلى،
جۇر بولۇپ چالغان قومۇزغا ناغرىمىز ھەم ناخشىمىز.

يېرىمىز بىرگە توتاشقان ئورتىدا يوق تېمىمىز،

تەڭدىشى كامدۇر جاھاندا بىلمىنىڭ كانى ئۇيغۇرىستانىم.
ئەجداتلىرىم ماكانى ئانامسەن ئۇيغۇرىستانىم.[3]

«ۋەتەندىن ئۇلۇغ سەجدەگاھىم يوق» شېئىرىدا:

ئانا يۇرت ئەھلىدىن باشقا مېنىڭ پۇشتۇم پاناھىم يوق،
ۋەتەن سۆيگىسىدىن ئۆزگە مېنىڭ نىگارا ماھىم يوق.
ۋەتەن تۇرغاچ ئاسارەتتە رىيادۇر ھاجىگە بارماق،
ۋەتەندىن ئۇلۇغ، خۇش مۇبارەك سەجدىگاھىم يوق.[4]

«يۈرەك قەلبىمدە ۋەتەن سۆيگۈسى» شېئىرىدا:

ۋەتەن ئىشقى مەن ئۈچۈن بۆيۈكتۇر،
ۋۇجۇدىمدا يوقالماس بىر كۆيۈكتۇر.
مەن ياشايمەن شۇ ئىشقى- سۆيگۈدە.
ئۇنىڭسىز تېنىم- جېنىم ئۆلۈكتۇر.[5]

«ئانا-ئانا ۋەتەن» شېئىرىدە ۋەتەننى چىن دىلىدىن سۆيۈشنىڭ كېرەكلىكىنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

ۋەتەن سۆيۈش ۋۇجۇدۇمغا ئانامنىڭ سۈتىدىن كىرگەن،
شۇڭا پۈتۈن ھاياتىمدا ۋەتەننى سۆيگۈنۈم سۆيگەن.
ۋەتەننى قىبلىگاھ ئەيلەپ ئۆمۈر بويى تاۋاپ قىلماق،
ماڭا جەننەت ساۋابىدۇر، بۇ يولدا كۈل بولۇپ كۆيگەن.

ئۆزەمنى بەختىيار دەيمەن ۋەتەنچۈن مىڭ جاپا كۆرسەم،
سېزەرمەنكى گۈلىستاندەك ۋەتەن دەپ دەشتىدە يۈرسەم.



ئەقىدەم كۈچ- قۇۋۋەت بەرگەچ ئۈمۈت يۇلتۇزلىرىم ئۆچمەس.
كۆڭۈلدە ئارمىنىم قالماس ئىلمنى رازى قىسپ ئۆلسەم.[6]

نۇرمەھەممەت ھەسەن خەلقىمىزنىڭ تىنچ ياتماي ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىنىڭ كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. ئۇ بۇ پىكرىنى «ۋەتەنداشقا» ناملىق شېئىرىدە ئىزھار قىلىدۇ.

بىل ۋەتەنداش! بۇ دۇنيادا خورلىنىش،قوللۇق ھارام،
بىزمۇ ئىنسان باشقىلاردەك ياشايلى خوشال- خورام.
تىگرىقسىپ تۇرماي ۋەتەنداش ئويلىغىن ئەۋلات غېمىن
«نۇرى» يۇرت بولماي ئازات ئالمىغاي ھېچ بىر ئارام.[7]

«لەھەتتىن سادا» ناملىق شېئىرىدا:

بۇ، ئويغۇنۇش دەۋرى يۈرەمدۇق يەنىمۇ چەتتە،
ئەگەر ئۇيۇشمىساق- ئەندى سادا چىقمايدۇ نۇسرەتتە.
كۆرىڭكى جان پىدا ئەتكەن ئەللەر بەختىنى تاپنى،
ۋەتەننىڭ غېمىنى بىزمۇ قىلايلى مۇشۇ پۇرسەتتە.[8]

نۇرمەھەممەت ھەسەن «بىز ئەمەسمىز يۇرتىدىن قاچقانلار» ناملىق شېئىرىدا چەت مەملىكەتلەردە مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ھەرىكەتلىرنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەپ يازىدۇ. مەسىلەن، 1992- يىلى، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە ھاشىر ۋاھىدى رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى(ئۇ ئا ت) قۇرۇلغان ئېدى. كېيىن قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھرىدە ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ شۆبىسى قۇرۇلدى. تېز ئارىدا ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتىنىڭ سانى 7000 دىن ئاشقان ئېدى. ئەنە شۇ ئۇ ئا ت

نۇرمەھەممەت ھەسەن 2010 ـ يىلى، ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى «ۋەتەن سۆيگۈسى» نامدا توپلاپ، قولىيازمىسىنى 100 نۇسخا قىلىپ كۆپەيتىپ يېقىن تونۇشلىرىغا تارقىتىپ بەردى. بۇ توپلامدا ئۇنىڭ 80 دىن ئوشۇق شېئىرلىرى، غەزەللىرى ۋە ئەسلىمىلىرى بېرىلگەن. ئۇ شېئىرلىرىدا مۇھەببەت، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت، ئانا مۇھەببىتى، دوستلۇق ۋە باشقا تېمىلاردا يازغان.

نۇرمەھەممەت ھەسەننىڭ دەسلەپكى يازغان شېئىرلىرى ئوغۇل-قىزلارنىڭ مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان. ئۇنىڭ : «دېمىگىن»، «مۇھەببەت سىرى»، «بىلمىدىڭ»، «گۈلۈمگە»، «ئۈمىدىم»، «يارىمغا خەت» ۋە باشقا شېئىرلىرى ياشلىق مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان.

نۇرمەھەممەت ھەسەن ئۆزىنىڭ «گۈلۈمگە» ناملىق شېئىرىدا ھەقىقىي سۆيگۈ مۇھەببەتنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

گۈلۈم ئۇنتار دېمىگىن،
ئۇنۇتماسمەن مەن ھەرگىز.
ئىشقى مېھرىڭ يۈرۈگۈمگە،
يوقالماس قىپ سالغان ئىز.[1]

نۇرمەھەممەت ھەسەن 1944 ـيىلى، 17 ياشقا تولغاندا پىدائىيلار سېپىدە، كېيىن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىدە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن جەڭلەرگە قاتناشقان جەڭچى-ئوفىتسېر. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى گومىنداڭ ئارمىيەسى بىلەن شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلىپ ۋەتەننىڭ بىر نەچچە شەھەرلىرىنى ئازات قىلغان بولسىمۇ، بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىششى بىلەن گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 11 بىتىم تۈزۈلۈپ ئۇرۇش توختىتىلدى. 1950 ـ يىلى، خىتاي كوممۇنىستلىرى بىر پاي ئوق چىقارماي ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلدى. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ھەر تۈرلۈك



سەياسىي ھەرىكەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر-جەڭچىلىرىدىن ئۆچ ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە بولغان نۇرغۇنلىغان ئوفىتسېر-جەڭچىلەر تۈرمىلەردە يوق قىلىندى.

نۇرمەھەممەت ئاكا قىرغىزستاندا ياشىسىمۇ بىر كۈنمۇ ۋەتىنى ئۇيغۇرىستاننى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇ، ئۆزىنىڭ كۆپ شېئىرلىرىنى ۋەتەنگە ۋە ئۇنىڭ ئازاتلىقىغا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ: «قەشقەرگە خەت»، «سېغىنىپ كۆرگىنى كەلدىم»، «كۆيۈپ كەلدىم»، «يۇرتۇمنى ئەسلەپ»، «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «ئاھ، خەلقىم»، «ئۇيغۇرىستانىم»، «ئانا ۋەتەنگە»، «لەھەتتىن سادا»، «بىز ئەمەسمىز يۇرتتىن قاچقانلار»، «ئانا-ئانا ۋەتەن»، «ۋەتەندىن ئۇلۇغ سەجدىگاھىم يوق»، «يۈرەك قەلبىمدە ۋەتەن سۆيگۈسى» قاتارلىق شېئىر غەزەللىرى ۋەتەن تېمىسىغا يېزىلغان.

ئۇ ۋەتەن ھەققىدە «ۋەتەنگە مەدھىيە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ۋەتەن ئانا ماكاندۇر،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن.
پەپىلەپ مېنى ئانامدەك،
قوچىغىدا باققاندۇر.

ۋەتەن باغۇ- بوستاندۇر،
جەننەتى گۈلىستاندۇر.
ۋەتەن دەپ قانچە يازسام،
تۈگىمەس مىڭ داستاندۇر.[2]

«ئۇيغۇرىستانىم» شېئىرىدا:

غورۇرۇم، كۆچ مادارىم، قىلبى گاھىم ئۇيغۇرىستانىم،
ئەقىل ئاسماندا يۇلتۇز بولۇپ پارلىغان ئۇيغۇرىستانىم.

## ئۇيغۇرىستان - ئۇنىڭ سەجدىگاھىدۇر

نۇرمەھەممەت ئوبۇلھۇرەيرە ئوغلى ھەسەن 1927 - يىلى، قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھىرىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1937 - يىلى، ئاتا - ئانىسى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. 1937 - 1941 - يىللىرى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيەسىدە ئوقۇغان.

1944 - يىلى، غۇلجا شەھىرىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاپ باشلانغاندا، ئۇ بىرىنچىلەر قاتارىدا پىدائىي بولۇپ غۇلجا، كۈرە، سۈيدۈڭ سوقۇشلىرىغا قاتناشقان.

1945 - يىلى، كەڭسايدا «زەمبىرەك - مىنومېت» كۇرسىدا 6 ئاي ئوقۇپ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ زەمبىرەك - مىنومېت دىۋىزىئونىدا داخىيانزا، ئىنجىخو، جىڭ ئەتراپىدىكى سوقۇشلارغا، كېيىن چەپەيزە، شىخو سوقۇشلىرىغا قاتناشقان.

1947 - يىلى، غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان ھەربىي مەكتەپتە 1 - قاراردا بىر يىل ئوقۇپ، پودپورۇچىك(لېيتېنانت) ئۇنۋانىنى ئالغان. بۇ كۇرسنى تاماللىغاندىن كېيىپ يەنىسخەي (تۇرمانباغ) شىخو پولكىدا روتا سەياسىي رەھبىرى ۋە باتالىئون سەياسىي رەھبىرى خىزمەتلىرىنى ئاتقۇرغان.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى نۇرمەھەممەت ھەسەننىڭ مىللىي ئارمىيەسىدىكى خىزمەتلىرىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنى «پىدائىي»، «ساداقەت» مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلىغان.

نۇرمەھەممەت ھەسەن 1952 - 1954 - يىللىرى ئۈرۈمچىدىكى پارتىيە مەكتىۋىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ. 1954 - يىلى، سىنتەبىردە مەمۇرىيەتتە كەسپى ئۆزگەرتىش سەياستى بىلەن بۆرتالا مۇڭغۇل ئاۋتونوم ئوبلۇسىدا مەمۇرى خىزمەتلەردە ئىشلىگەن.

خىتاي دائىرلىرى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جەڭچى ۋە ئوفېتسېرلىرىدىن ئۆچ ئېلىش مەخسىتىدە يۈرگۈزگەن سەياسەتلىرى نەتىجىسىدە نۇرمەھەممەت ھەسەننى «يەرلىك مىللەتچى»،



«خىيانەتچى» دېگەن يالغان تۆھمەتلەر بىلەن 15 يىل تۆرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

1963 - يىلى، ئايالى سائادەتخاننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تۈرمىدىن بوشۇتىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت بەرگەن. شۇ يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستاننىڭ چۈي ۋىلايىتى نوۋوپوكروۋكا يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن.

نۇرمەھەممەت ئاكا ئۇزۇن يىللار كولخوزدا ھەر تۈرلۈك ئىشلاردا ئىشلىگەن. ئىشتىن سىرت جامائەت ئىشلىرىغا ئاكتىۋ ئارلاشقان. ئۇ قازاقىستاندا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا مۇشتىرى توپلاش ئىشلىرىغا ئاكتىۋ قاتناشقان.

1989 - يىلى، 17 - دېكابىردا بىشكەكتە قۇرۇلغان قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ، «ئىتتىپاق» پائالىيەتلىرىگە ئاكتىۋ قاتناشقان. قىرغىزىستاندا چىقىشقا باشلىغان «ئىتتىپاق» ۋە «ۋىجدان ئاۋازى» گېزىتلىرىغا مۇشتىرى توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش ئىشلىرىدا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن.

نۇرمەھەممەت ئاكا 1992 - يىلى، بىشكەك شەھىرىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇرستان ئازاتلىق تەشكىلاتى (ئۇ ئا ت)نىڭ مەركىزى كومىتېت ئەزاسى بولۇپ تەشۋىقات ئىشلىرىغا زور كۈچ چىقارغان.

نۇرمەھەممەت ھەسەن 2017 - يىلى، 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

نۇرمەھەممەت ئاكىنىڭ ئەدەبىياتقا بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە قىزىقىشى ئىلى گىمنازىيەسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. ئۇستازى خەمىد سەئىدىينىڭ غەمخورلىغى بىلەن ئۆسۈپ يېتىشكەن. ئۇ «دېمىگىن» ناملىق تۇنجا شېئىرىنى 1947 - يىلى يازغان. قىرغىزىستانغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، «ئىتتىپاق»، «ۋىجدان ئاۋازى» ۋە چەت ئەللەردە چىقىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى»، «ئۇچقۇن»، «ئىستىقلال» قاتارلىق گېزىت ۋە ژۇرناللاردا يورۇق كۆرگەن. ئۇ يازغان شېئىرلىرىنى «نۇر» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلغان.

ئەزىز ئاكا نارىنبايېۋ چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان بىرىنچى پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى بويىچە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان ئالىمدۇر.

ئەزىز ئاكا نارىنبايېۋ 2015- يىلى، 19- نويابىر كۈنى بىشكەك شەھىرىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەستى بىشكەك شەھىرىدىكى ئالا- ئارچا قەبرىستانلىغىغا دەپنە قىلىندى.

---


1. ئەزىز نارىنبايېۋ. بىلال نازىمنىڭ دۇنياغا كۆز قارىشى// «يېڭى ھايات». -ئالمۇتا، 1975، 23 - يانۋار.

2. ئەزىز نارىنبايېۋ. «XIX- ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەر جامائەتچىلىك پىكرى» // «كوممۇنىزم توغى». -ئالمۇتا، 1975، 4 - مارت.

3. ئەزىز نارىنبايېۋ. سېيىت مۇھەممەت قاشىينىڭ ئىجتىمائىي- سەياسىي كۆز قاراشلىرى // «كوممۇنىزم توغى». -ئالمۇتا، 1975، 18 - نويابىر.

4. ئەزىز نارىنبايېۋ. سېيىت مۇھەممەت قاشىينىڭ ئەدەپ توغرىلىق كۆز قاراشلىرى// «يېڭى ھايات». -ئالمۇتا، 1976، 7 - فېۋرال.

5. ئەزىز نارىنبايېۋ. سادىر - يالقۇنلۇق قوشاقچى ۋە سەردار// «يېڭى ھايات»، - ئالمۇتا،1976، 5 - ئۆكتەبىر.

6. ئەزىز نارىنبايېۋ. موللا شاكىر - شائىر ۋە مۇتەپەككۇر // «يېڭى ھايات»، -ئالمۇتا،1977، 10 - مارت.

7. Азиз Нарынбаев. Сеит Мухаммад Каши - видный уйгурской мыслительи поэт // Известия, Академия Наук Киргизской ССР. Издательство «Илим», - Фрунзе, 1976, № 6, 102-109с.

8. Азиз Нарынбаев. Отражение прогрессивных общественных идей в творчестве Билал Назыма // Известия Академия Наук Киргизской ССР. Издательство «Илим» - Фрунзе, 1980, № 1, 88-93с.





9. Азиз Нарынбаев. Мулла Шакир – поэт и мыслитель // Известия Академия Наук Киргизской ССР. Издательсво «Илим», - Фрунзе, 1986, № 2, 57-61 с.

10. Азиз Нарынбаев. Прогрессивная общественно-философской мысль уйгуров второй половины XIX в. Издательство «Илим», -Фрунзе, 1988. -188 с.

11. Азиз Нарынбаев. Махмуд Кашгари – классик средневековой общественной мысли. Издательство «Илим», - Бишкек, №1993.

12. Азиз Нарынбав. Из истории общественной мысли древних и средневековых уйгуров. Издательство «Илим», - Бишкек, 1994. – 184 с.

13. Азиз Нарынбаев. Уйгурские мыслители. – Бишкек, 1995. – 208 с.

14. Азиз Нарынбаев. Философские идеи в мировозренческой системе Мухамматсидика Норузова // Азиз Нарынбаев. Избранные произведения, Том-3, -Бишкек, 2014, 183-201 с.

15. Азиз Нарынбаев. «Жамалдин Касимов – известный поэт и гуманист,общественный деятель. // Азиз Нарынбаев. Избранные произведения, Том-3, - Бишкек, 2014, 259-282 с.

16. Азиз Нарынбаев. «Абдуманнап Касим – талантливый поэт – мыслитель, преданный патриот своего народа. // Азиз Нарынбаев. Избранные произведения, Том-3, - Бишкек, 2014, 283-300 с.

17. Азиз Нарынбаев. Абдурехим Рахманов – талантливый поэт, истинный гуманист. // Азиз Нарынбаев. Избранные произведения, Том-3, -Бишкек, 2014, 301-324 с.

ئۆتمۈشتىن بۈگۈنكى كۈنگىچە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاغلىق شائىر، يازغۇچى ۋە ئالىملىرىنىڭ دۇنياغا فىلوسوفىيەلىك كۆز قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى رۇس، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز تىللىرىدا نەشر قىلىنغان. ئالىم ئەسەرلىرىنىڭ رۇس تىلىدا يېزىلىپ، نەشر قىلىنىشى رۇس تىللىق كۆپ مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە دۇنياغا فىلوسوفىيەلىك كۆز قاراشلىرىنى ئوقۇپ بىلىشىگە چوڭ ياردەم بېرىدۇ.

پروفېسسور ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ رەھبەرلىكىدە 30 دىن ئوشۇق كىشى فىلوسوفىيە پەنلىرى بويىچە كاندىداتلىق ۋە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەلەرنى ياقلاپ ئالىم بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 4 كىشى ئۇيغۇر فىلوسوفىيە تارىخى بويىچە كاندىداتلىق دىسېرتاتسىيە ياقلىدى. ئۇلار، ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ: «XIX ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى»(1990 ـ يىل)-«Этическая воззрения прогрессивных уйгурских поэтов- мыслителей первой половины XIX в. » سەييارە خەلپەتخوجايېۋا: «ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت فىلوسوفىيە ئېقىمي سۈپىتىدىكى مەرىپەتچىلىك»(1995 ـ يىل) «Просветительство как течение общественно-философской мысли уйгуров»، سەيدەم ئابدۇلخەمىتوۋا: «ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق قىممىتى»( 2000ـ يىل) «Морально-этические ценности уйгурской семьи»، ئابدۇرېھىم تۇرسۇن: «قېدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات جەرىيانى»2002 ـ يىل «Генезис и эволюция уйгурской философской мысли раннего Средневсковья» قاتارلىق تېمىلاردا دىسسېرتاتسىيە ياقلىغان.

ئەزىز نارىنبايېۋ قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پەلسەپە ئىلمىي بويىچە دوكتورلۇق ۋە كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغان.



ئالىمنىڭ ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنى رىۋاجلاندۇرۇش ساھاسىدە، ئىلمىي كادىرلارنى تەربىيەلەش يولىدىكى ئەمگەكلىرىنى ژۇقۇرى باھالىغان قىرغىزستان ھۆكۈمىتى ئۇنى «ھۆرمەت»، «داڭق» ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلىغان.

1994 ـ يىلى، قىرغىزستان ھۆكۈمىتى ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ جۇمھۇرىيەتتە ئىلىم پەنگە قوشقان خىزمىتىگە «قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىدە خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى» دېگەن پەخرىي نامىنى، 2004 ـ يىلى، قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەزىز نارىنبايېۋقا قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرىي ئاكادېمىكى نامىنى بەردى.

ئەزىز نارىنبايېۋ قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ جەمئىيەتنىڭ مەركىزى كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىۋ قاتنىشىپ كەلگەن. 2015 ـ يىلى، 2 ـ نويابىر كۈنى قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت كۈنىگە بېغىشلانغان مۇراسىمدا «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئارتىق ھاجىيېۋ ئەزىز ئاكا نارىنبايېۋنىڭ جەمئىيەتتىكى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى يۇقۇرى باھالاپ ئۇنى جەمئىيەتنىڭ ئالىي مۇكاپاتى « ئېھسان » مېدالى بىلەن تەغدىرلىگەن.

ئاكادېمىك ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ ئۆمۈرلۈك يولدىشى زائىرەۋا رائۇفا ھەدە قىرغىزستان جۇمھۇرىيەتلىك پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا رۇس تىلى بويىچە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەپ پېنسىيەگە چىققان. ئەزىز ئاكا بىلەن رائۇفا ھەدە ئۈچ بالىنى تەربىيەلەپ چوڭ قىلدى. ئوغلى رۇستەم خىمىيە پەنلىرى بويىچە مۇتەخەسسىس، چوڭ قىزى ئېزىزخان مۇزىكا ساھاسىدا مۇئەللىم، كىچىك قىزى زەيتۇنەم قىرغىزستان كونسېرۋاتورىيەسىدە پروفېسسور، قىرغىزستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىست.

ئەتەئەنىلىرىگە تايىنىپ، ئادەملەر ئەخلاقىنىڭ پرىنسىپلىرىنى، نورمىلىرىنى ئىشلەپ چىققانلىقىنى يازىدۇ.

1993 - يىلى، قىرغىزستان «ئىلىم» نەشرىياتى تەرىپىدىن بېسىلغان «ماخمۇت قەشقەرى - ئوتتۇرا ئەسىر ئىجتىمائىي تەپەككۇرىنىڭ كىلاسسىگى»[11] «Махмуд Кашгари - классик средневековой общественной мысли» ناملىق كىتابىدا ئالىم، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي - سەياسىي ۋە پەلسەپەلىك كۆز قاراشلىرىنى كەڭ يورۇتۇش بىلەن بىرگە، ماخمۇت قەشقەرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەندى ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ئاساسدا ئىسپاتلاپ بەرگەن.

1994 - يىلى ماي ئېيىدا قىرغىزستان «ئىلىم» نەشرىياتى ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ «قېدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەپەككۇر تارىخىدىن»[12] «Из истории общественной мысли древних и средневековых уйгуров» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكىنى نەشر قىلدى. ئالىمنىڭ بۇ ئەسىرى ئۈچ بابتىن ئىبارەت. «قېدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا قارىشى» ناملىق بىرىنچى بابىدا قېدىمقى ئادەملەرنىڭ ئاڭ سېزىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش پەلسەپەسى، ئەپسانە، دىن، سەنئىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بابىدا بولسا، تۇرپان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ روھى مەدەنىيتى ۋە ئىجتىمائىي تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا پەرەسلىك پەلسەپىسىنىڭ تارقىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى بابىدا بولسا، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا كۆز قارىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئۇنىڭدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنىي، ماخمۇت قەشقەرىي ۋە ئەخمەت يۈگنەكىلەرنىڭ دۇنياغا كۆز قارىشى توغرىسىدا يازىدۇ.

1995 - يىلى، ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ «ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى»[13] «Уйгурские мыслители» ناملىق مونوگراپىيەسى نەشردىن چىقتى. ئەسەر ئىككى بابتىن تۈزۈلگەن. بىرىنچى بابىدا،



ئالىم XIX - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرى: سادىر پالۋان، بىلال نازىم، مۇللا شاكىر ۋە سېيىت مۇھەممەت قاشىيلارنىڭ دۇنياغا كۆز قاراشلىرىنى يازسا، ئىككىنچى بابىدا XX - ئەسىرنىڭ 30 - 40 - يىللىرىدا ياشاپ ئىجات قىلغان شائىرلاردىن: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى تەۋپىق، نىم شېھىت، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى، قاسىمجان قەمبىرى، ئىبراھىم تۇردىلارنىڭ ھاياتى، ئىجادىيتى، ئىجتىمائىي - سەياسىي ۋە پەلسەپىلىك كۆز قاراشلىرى توغرىسىدا بايان قىلىدۇ.

ئەزىز نارىنبايېۋ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ، جامالدىن قاسىموۋ، ئابدۇمانناپ قاسىم، ئابدۇرېھىم راخمانلارنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپىلىك كۆز قاراشلىرى توغرىسىدا ئىلمىي ماقالىلارنى يازغان. مەسىلەن، «Философские идеи в мировозренческой системе Махамматсидика Норузова» («مۇھەممەتسىدىق نورۇزوۋنىڭ دۇنيا قاراشسىستېمىسىدىكى پەلسەپە ئىدىيىسى»)[14]، «Жамалдин Касимов известный поэт и гуманист,общественный деятель», («جامالدىن قاسىموۋ- كۆرنەكلىك شائىر، ئىنسانپەرۋەر ۋە جامائەت ئەربابى»)[15]، «Абдуманнап Касим – талантливый поэт –мыслитель, преданный патриот своего народа»، («ئابدۇمانناپ قاسىم - تالانتلىق شائىر، مۇتەپپەككۇر، ئۆز خەلقىنىڭ سادىق ۋەتەنپەرۋىرى»)[16] ، «Абдурехим Рахманов – талантливый поэт, истинный гуманист» ( «ئابدۇرېھىم راخمان - تالانتلىق شائىر، ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەر»)[17].

ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ئۇمۇمىي توپلام بولۇپ، 2004 - يىلى، 63،5 باسما تاۋاق بىلەن بىرىنچى توپلام، 2010 - يىلى، 26،75 باسما تاۋاق بىلەن ئىككىنچى توپلام، 2014 - يىلى، 26 باسما تاۋاق بىلەن ئۈچىنچى توپلام نەشردىن چىققان. ئالىم ئۆز ئەسەرلىرىدە قېدىمقى دەۋردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا كۆز قاراشلىرى، شۇنداقلا،

ئۇيغۇر تارىخىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. موشۇ يەردە ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيەتلىك تەپەككۇرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مەنبەلىرى، بولۇپمۇ فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات ئېكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. ئاۋتورنىڭ پىكرىچە، ئۇيغۇر خەلقىگە ئۇنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىياتىغا ئەدەبىي - شېئىرىي ئىجادىيەت پەۋقۇلئاددە تەربىيەۋىي فاكتور بولغان.

XIX ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى تەرەققىيپەرۋەر جامائەتچىلىكنىڭ سەياسىي ۋە فىلوسوفىيەلىك پىكرى ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ دەۋرىنىڭ ئىلغار مۇتەپەككۇرلىرى سادىر پالۋان، بىلال نازىم، موللا شاكىر ۋە سېيىت مۇھەممەت قاشىيلار بولۇپ، ئۇلار تەرەققىيپەرۋەرلىك پىكىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق كۆز قاراشلىرىنىڭ ۋە ئىدېيەلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي ئېتىشىگە ناھايىتى چوڭ ھەسسە قوشتى.

مونوگرافىيەنىڭ بىرىنچى بابىدا ئاۋتور XIX ـ ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى شارائىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتورنىڭ يېزىشى بويىچە، بۇ دەۋردىكى تەرەققىيپەرۋەر جامائەتچىلىك پىكرىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا ياردەم قىلغان ئەڭ مۇھىم فاكتور، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇر - خىتاي باسقۇنچىلىرىغا ۋە يەرلىك فېئوداللارغا قارشى ژۇرگۈزگەن مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرى بولغان. بۇ كۈرەش شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىككى خىل ئەزگۈچىلەرنىڭ - مۇستەملىكىچىلەر بىلەن يەرلىك پومېشىكلارنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا جاپا چېكىۋاتقان شارائىتىدە قانات يايغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى يۈرگۈزگەن كۈرىشى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ، مۇستەملىكىچىلەر ۋە مانجۇر - خىتاي ئىمپېراتورلىرىغا سادىق بولغان يەرلىك فېئوداللارغا قارشى 1864 ـ 1867 ـ يىللاردا كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى ناھايىتى قۇدرەتلىك بولدى. خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئۇنىڭ كولونىئال زۇلۇمغا ۋە فېئودال - كرېپوستنويلۇق تۈزۈمگە قارشى يۈرگۈزگەن كۈرىشى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈرگۈزگەن مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ ماۋزۇسى مەركۇز



ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئېگىلىدى. سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرى، بىلال نازىمنىڭ «غەزەلىيات» ناملىق لىرىكىلىق شېئىرلىرى، «كىتابى غازات دەر مۈلكى چىن»، «چاغمۇزا يۇسۇپخان» پوئېمىلىرى، «نازۇگۇم» ئەسەرى، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» ۋە سېيىت مۇھەممەت قاشىينىڭ «شەرھى شىكەستە» ئەسەرلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئېدى. ئۇيغۇر تەرەققىيپەرۋەر مۇتەپەككۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ پىكىر، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەركىن ھالەتتە پەقەت شېئىرىيەت شەكلىدە ئىزھار قىلالىدى.

مونوگرافىيەنىڭ ئىككىنچى بابىدا ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىجتىمائىي ئاساسى ئېچىپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنداقلا، مونوگرافىيەدە XIX ـ ئەسىرنىڭ ئەللىگىنچى يىللىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى( سترۇكتۇرىسى) تەھلىل قىلىنىدۇ. ئاۋتورنىڭ پىكرىچە، تەرەققىيپەرۋەر شائىر - دېموكراتلار ئۆز كۆز قاراشلىرىدا ئۇلار فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئادەملەر ئارىسىدا مۈلكىي تەڭسىزلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئاز سانلىق ئادەملەر قولىدا ئىنتايىن كۆپ بايلىق توپلانغانلىقىنى، نەق شۇ ئەھۋالدا كۆپچىلىك يوقسۇزلۇق، مۇھتاجلىق ۋە ھوقۇقسىزلىقتا ئازاپ چېكىۋاتقانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

مونوگرافىيەنىڭ ئۈچىنچى بابىدا ئاۋتور ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتىنى چۈشۈنۈش مەقسىتىدە ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە - ئىسلامغا قىسقىچە تەھلىل بېرىدۇ. ئاۋتور، شائىرلارنىڭ دىنغا بولغان مۇناسىۋىتى ئىجتىمائىي تەجرىبىسىنىڭ بېيىشى، جەمئىيەت ھاياتىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزگەرگەنلىكىنى يازىدۇ. شۇنداقلا، ئاۋتور شۇ دەۋر شائىرلىرىنىڭ دۇنياغا كۆز قاراشلىرىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى قاراپ چىقىدۇ.

مونوگرافىيەنىڭ تۆتىنچى بابىدا بولسا، شائىرلارنىڭ ئېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى تەھلىل قىلىنغان. ئاۋتورنىڭ پىكرىچە، ئۇيغۇر شائىرلىرى ئەدەپ - ئەخلاق توغرىلىق مەخسۇس ئەسەرلەر يازمىغان بولسىمۇ، ئامما ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك

«ۋەتەن ئۇرۇشى» ئوردېنلىرى ۋە باشقا مېداللار بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. 1945 - يىلى، يانۋار ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئېغىر يارىدارلىنىپ، ئۇرۇش مېيىپى بولۇپ يۇرتىغا قايتىدۇ.

ئەزىز نارىنبايېۋ ئۇرۇشتىن كېيىن يەنە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 1947 - يىلى، ئوقۇشىنى تاماملاپ شۇ ئىنستىتۇتتا مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1951 - 1952 - يىللىرى م. ۋ. لومونوسوۋ نامىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاسپىرانتۇرىيەسىدە ئوقۇيدۇ. 1952 - يىلى «سوتسىيالىستىك مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سوۋېت دۆلەتنىڭ رولى» دېگەن ماۋزۇدا كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيەسىنى ياقلاپ سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ پەلسەپە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى دېگەن ئىلمىي دەرىجىنى ئالىدۇ. 1953 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە قىرغىزستان دۆلەت پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا مۇئەللىم، لېكتور، دوتسېنت، كافېدرا باشلىقى، ئىنستىتۇتنىڭ دىرېكتورى قاتارلىق خىزمەتلەردە ئىشلىگەن.

1968 - يىلى، كۈزدە قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پەلسەپە ۋە هوقۇق ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىقىغا سايلىنىدۇ. 1977 - يىلدىن 2013 - يىلغىچە قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پەلسەپە ۋە هوقۇق ئىنستىتۇتى پەلسەپە كافېدرىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

1975 - يىلى، «كوممۇنىزم قۇرۇش دەۋرىدە س س س ر مىللىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ رىۋاجلىنىش قانۇنىيەتلىرى (ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقستان جۇمھۇرىيەتلىرى مىسالىدا)» دېگەن ماۋزۇدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەنى مۇۋاپىقىيەتلىك ياقلاپ، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئىلمىي دەرىجىسىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. 1979 - يىلى، ئەزىز نارىنبايېۋقا پروفېسسور ئۇنۋانى بېرىلدى. 1989 - يىلى، مارتتا پەلسەپە پەنلىرى بويىچە قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.



ئەزىز نارىنبايېۋ بۇ يىللار جەريانىدا ئومۇمىي 300 دىن ئوشۇق ئىلمىي ماقالە، شۇنداقلا 20 مونوگرافىيەنى يېزىپ چىقاردى. كېيىنكى 40 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي، سەياسىي ۋە پەلسەپە تارىخى بويىچە ئۇنۇملۇك ئەمگەك قىلغان.

ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئالمۇتىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى هايات» ۋە قىرغىزستاندا چىقىدىغان «ئىتتىپاق» گېزىتلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدە يورۇق كۆرگەن. مەسىلەن، «بىلال نازىمنىڭ دۇنياغا كۆز قارىشى»[1]، «XIX - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەر جامائەتچىلىك پىكرى»[2]، «سېيىت مۇھەممەت قاشىنىڭ ئىجتىمائىي، سەياسىي كۆز قارىشى»[3]، «سېيىت مۇھەممەت قاشىنىڭ ئەدەپ توغرىلىق كۆز قارىشى»[4]، «سادىر - يالقۇنلۇق قوشاقچى ۋە سەردار»[5]، «موللا شاكىر - شائىر ۋە مۇتەپەككۇر»[6] ۋە باشقىلار.

قىرغىزستان رېسپۇبلىكىسى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ «خەۋەرلەر» ژۇرنىلىدا ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلىرى بېسىلغان. مەسىلەن، «سېيىت مۇھەممەت قاشىي - كۆرۈنەرلىك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى» (Сеит Мухаммад Каши- видный уйгурский мыслитель и поэт)، «بىلال نازىم ئىجادىيىتىدە تەرەققىيپەرۋەر ئىجتىمائىي پىكىرلەرنىڭ ئەكس ئېتىلىشى»[8] «Отражение прогрессивных общественных идей в творчестве Билал Назыма[9] «موللا شاكىر - شائىر ۋە مۇتەپەككۇر» («Мулла Шакир – поэт и мыслитель») ۋە باشقىلار.

ئەزىز نارىنبايېۋنىڭ «XIX - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەتلىك - پەلسەپەلىك تەپەككۇرى»[10] «Прогрессивная общественная мысль уйгуров второй половины XIX в.» ناملىق مونوگرافىيەسى 1988 - يىلى، قىرغىزستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ «ئىلىم» نەشرىياتىدا يورۇق كۆرگەن. مونوگرافىيە كىرىشمە، تۆرت باپ ۋە خۇلاسىدىن ئىبارەت. ئاۋتور كىرىشمىدە قېدىمقىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىر

1. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ. مەنمۇ بارىمەن جەڭگە. جاۋاپ. ـ ئۈرۈمچى، 1957، 5 ـ بەت.
2. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ. كۈرەش بىلەن. جاۋاپ. 3 ـ بەت.
3. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ. جاۋاپ، 45 ـ بەت.
4. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ. بىر سىقىم تۇپراق. ئاق بۇلۇتلار. ـ ئالمۇتا، 1982، 5 ـ بەت.
5. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ. گۈل دەڭلار مېنى. ئاق بۇلۇتلار. 6 ـ بەت.
6. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ. يۈرەك تۇغى // «ئۇيغۇر ئاۋازى». ـ ئالمۇتا، 1993، 3 ـ مارت.
7. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ. ئاخىرقى تۈن. ئاق بۇلۇتلار. ـ ئالمۇتا، 1982، 52 ـ بەت.
8. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ. ئاخىرقى تۈن. ئاق بۇلۇتلار. 55 ـ بەت.
9. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ. ئاخىرقى تۈن. ئاق بۇلۇتلار. 56 ـ بەت.
10. ئالماناخ (شېئىرلار ۋە ھېكايىلار توپلىمى). غۇلجا، 1947.




# ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى بويىچە تۇنجى ئالىم

ئەزىز ئىساجان ئوغلى نارىنبايېۋ ـ ئوتتۇرا ئاسىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن تونۇلغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي، سەياسىي ۋە پەلسەپە تەپەككۇر تارىخى بويىچە ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان بىرىنچى پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرىي ئاكادېمىكى، قىرغىزستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى، پروفېسسور.

ئەزىز ئىساجان ئوغلى 1924 ـ يىلى، 24 ـ ئاپرېل كۈنى قىرغىزىستانىنىڭ قاراقول شەھىرىدە كەمبەغەل ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئالىمنىڭ بوۋىسى نارىنباي بىلەن مومىسى ئەزىزخان XIX ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى قەشقەر شەھىرىدىن قاراقول شەھىرىگە كۆچۈپ چىققان. ئەزىز ئاكىنىڭ دادىسى ئىساجان نارىنبايېۋ بىلەن ئانىسى چىنبۈۋى يولداشئاخۇن قىزى، شۇ زاماندىكى ئاڭلىق ئائىلىلەردىن بولغاچقا تۇرمۇش ئېغىرچىلىقلىرىغا قارىماي ئوغلىنىڭ بىلىملىك ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرىپ قىلغان.

ئەزىز ئاكا 1932 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغىچە قاراقول شەھىرىدىكى نارىمان نامىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇيدۇ. 1941 ـ يىلى، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى ماكسىم گوركىي نامىدىكى پېداگوگىكا ئوچىلىشىنى تاماملاپ، قىرغىزستان دۆلەت پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. بىراق، ئۇ بىرىنچى كۇرستا ئوقۇۋاتقان يىلى ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى باشلىنىدۇ. 1941 ـ يىلى، ئاۋغۇست ئېيىدا 19 ياشلىق ستۇدېنت ئوقۇشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ، ۋەتەننى نېمىس باسقۇنچىلىرىدىن قوغداشقا ئاتلىنىدۇ. دۈشمەن بىلەن بولغان كۆپلىگەن جەڭلەردە كۆرسەتكەن جاسارىتى ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك « قىزىل يۇلتۇز» ،

«ئاخىرقى تۈن» ئەسىرىدە مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ ئېغىر ساكراتتا ياتقان ئالىماخۇننىڭ (مۆمىن ھەمراھىنىڭ) ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ۋە ئويلىرىنى بايان قىلىدۇ.

بىر ئېغىز سۆزگە كەلمەتتى تىلى،
ئۆلۈم سائىتى كەلگەن يېقىنلاپ.
كەلمەتتى ئۆلۈم يادىغا ھېلى،
ھايات ھەققىدە ئويلار مىنۇتلاپ.[7]

ئەدىب ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە مۇستەملىكە ھالىتىدە ئازاب چېكىۋاتقان خەلقىنىڭ كېلەچىكى توغرىسىدا ئويلايدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى ئەسىردىن بويان ئازاتلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ قەھرىمان ئوغۇل - قىزلىرى نامايان بولىدۇ:

نازۇك قوشىغى ياڭرىدى شۇ چاغ،
ئېپار قىلىچى كۆتىرىلدى ئېگىز.
سادىر يۈرىگى بولدى ئالغا تاغ،
سامادا ئەركىن بايرىغى چەكسىز.

رىزۋانىمۇ كېلىپ قوشۇلدى سەپكە،
ئەخمەتجان شۇندا قالدى كۆرۈنۈپ.
كىم چىدار ئەلەم بىلەن بۇ دەرتكە،
غېنىمۇ ئۆتتى ئاتنى يۈگرىتىپ.[8]

ئەسىردە يەنە ئۇزۇن تارىخقا ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان، نەچچە ئەسىر ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ، ئىدىقۇت، قەشقەر، خوتەنگە ئوخشاش شەھەرلەرنى بەرپا قىلغانلىقىنى، ئىپەك يوللىرىنى ئېچىپ باغداتتىن رۇمغىچە سودا مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىنى تەرىپلەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ



شۇنچە تەر تۆكۈپ، جاپا چېكىپ قىلغان ئەمگەكلىرىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي ئازاپتا ياشاۋاتقانلىقىنى، ئادالەتلىكنىڭ يوقۇلۇپ، ئادالەتسىزلىكنىڭ ھۆكۈم سۈرىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىدۇ.

«تەگرى» تېغى سەن باغرىڭ شۇنچە كەڭ،
رۇستەمدەك ئوغۇل - قىزلار ئېگەڭدۇر.
قايسى بىر مەھەل زۇلۇم بوپتىكەن،
ئىنسان كۆرەشتە ئۇنى يەڭگەندۇر.[9]

بۇ ئەدىپنىڭ ئاخىرقى نىداسى ئىدى.

مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ 1944 - 1949 - يىللىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئەنۋەر ناسىرىي، نىم شېھىت، نۇرمەھەممەت بوساقوۋ، ئابدۇرېھىم ئەيسا، قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇلھەي رۇزى، ئابدۇرېشىت ئىمىن ۋە باشقىلار بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنى رىۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئىجادىي ۋە تەشكىلىي پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ شائىر ئەلقەم ئەختەم بىلەن بىرلىكتە 1947 - يىلى، ئۇيغۇر شائىر ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىدىن «ئالماناخ»[10]نى نەشىردىن چىقارغان. بۇ «ئالماناخ»تا 30 غا يېقىن ئۇيغۇر شائىر ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ شېئىر، ھېكايە ۋە ئوچېرىكلىرى بېرىلگەن. بۇ «ئالماناخ» شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى زور تۆھپە ئىدى.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ ئىجادىيىتىدە ۋەتەننى، خەلقنى، مۇھەببەتنى، دوستلۇقنى، تىنچلىقنى مەدھىيىلەپ يازدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆرۈنەرلىك مەدەنىيەت ئەربابلىرى قاتارىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشقان ئەدىپتۇر.

مەنتىقىمۇ باردۇ، دوستۇم، بۇ گەپنىڭ،
سەندىن باشقا چۈشەنچە تىلىمەيمەن.

مەن ئۈچۈن بىرلا سىقىم توپراق ئەزىز،
تۆرۈلىشىم، قان ئېلىشىممۇ شۇندىن،
بىلكى ئانا ۋەتەننىڭ ئۇ بىر جىسمى،
دۇنيا ـ دۇنيا بولۇپ يارالغان كۈندىن.

توپرىغىڭ تاش، قۇم، شېخىل بولسۇن گەرچە،
ھاجەتسىزدۇر ئۇنىڭ نامى ھەم پەرقى،
ساتالمايسەن ئۇنى، ئۇ ۋەتەننىڭ ـ
بىر سىقىم توپرىغى، يوقتۇر نەرقى.[4]

مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ «گۈل دەڭلار مېنى» شېئىرىدا بولسا، ئانا ـ ۋەتەننىڭ گۈزەللىگى ۋە قىممىتىگە ھېچ نەرسىنىڭ تەڭ بولالمايدىغانلىقىنى تەرىپلەپ، ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

قۇياشمۇ بولاي مەن، گۈل دەڭلەر مېنى،
ئارتۇق تەرىپكە چۈشمەس ئېھتىياج.
مۇقەددەس ۋەتەن سۆيىمەن سېنى،
دانە گۈلۈڭمەن شاھانە بىر تاج.[5]

شائىرنىڭ «بىر سىقىم توپراق»، «لالە»، «گۈل دەڭلار مېنى» ۋە باشقا شېئىرلىرىدا بىز ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يارقىن سىماسىنى كۆرىمىز.



مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازات، ھۆرىيەتلىگىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا ئۆتىدۇ. ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنىش ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى «يۈرەك تۇغى» شېئىرىدا مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

ياشايمەن ۋەتەن، سەندىن ئۇزاقتا،
كۆڭلۈم ئەمەستۇر مېھرىڭدىن يىراق.
يۈرەك كۆيىدۇ ئىشقىڭدا گويا ـ
قىپ ـ قىزىل قوقاس، تاڭدىكى چىراق.

ھارارىتىم شۇ، خالايىق بىلىڭ،
بېغىشلار ھايات تەنگە چوغ بولۇپ.
مەخپىي ئەمەسكى، ئاڭلاپ ھەم قىلىڭ،
مېنى يېتەكلەر يۇلتۇز ـ تۇغ بولۇپ.[6]

مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋنىڭ «ئاخىرقى تۈن» ناملىق كىچىك ھەجىملىك پوئېمىسى يازغۇچى ئالىماخۇننىڭ (مۆمۈن ھەمرايېۋنىڭ) پاجىئەلىك ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يېزىلغان. ھەممىگە مەلۇم، يازغۇچى مۆمۈن ھەمرايېۋ (1907 ـ 1955) بىرىنچى ئۇيغۇر رومانى «دولقۇنلار ئارىسىدا» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئېدى. ئۇ 40 ـ يىللاردىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان ۋەقەلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىدۇ. مۆمۈن ھەمرايېۋ شىنجاڭ ـ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان ۋاقىتلىرىدا بىر مەزگىل ش ئۇ ئا ر نىڭ مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1955 ـ يىلى، قۇربان ھېيت ھارپىسىدە ھېيت ـ ئايەم قىلىش مەخسىتىدە مۆمۈن ھەمرايېۋ بىلەن ئۈرۈمچى بانكىنىڭ باشلىغى ئابدۇللا مەخسۇم ماشىنا بىلەن تۇرپانغا كېتىۋېتىپ (شوفېر خىتاي مىللىتى ئېدى)، داۋانچىڭغا بارغاندا ماشىنا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. شوفېر سەكرەپ ماشىنىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئابدۇللا مەخسۇمنىڭ بىر پۇتى سۇنىدۇ، ئالىماخۇن ئېغىر زەخىملىنىپ، كېيىن ۋاپات بولىدۇ.

چۈنكى ئېيتتۇق بىز ئەرتە - كەچ تىنماي،
ھەسرەتتىن - غەمدىن توقۇپ قوشاقلار.

ئېيتايلى ئەمدى ئۇتۇق شەنىدىن،
ئوتلۇق يۈرەكتىن ياڭراق غەزەللەر.
كەلگەچكە يېتىپ زەپەر تېگىدىن،
ئۇلۇق ۋە غالىپ يېڭى خەۋەرلەر.[2]

شائىرنىڭ مۇھەببەت تېمىسىغا يازغان شېئىرلىرى: «دىلبىرىمگە»، «كۆرۈندى»، «شائىرە»، «قىزنىڭ ئۈمۈتى»، «جاۋاپ»، «مۇھەببەت»، «ئالدىرىما»، «ئوماق قىزچاق» ، «قىز ئۈمىدى» ۋە باشقىلار. شائىرنىڭ «جاۋاپ» ناملىق شېئىرى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئولتۇراتتۇق ئىككىمىز ياندىشىپ،
بېرەتتىڭ سەن گۈزەللىكتىن سوئال.
گاھ قارايتتىڭ تىكىلىپ - قادىلىپ،
كىرپىكلىرىڭ تۆكۈلەتتى تال - تال.

سوئالىڭغا جاۋاپ ئىزدىگەن بوپ،
قارايتتىم مەن كۆزلىرىڭگە ئۇزاق.
بېرەلمىگەچ سوئالىڭغا جاۋاپ،
بويۇنۇمغا گويا چۈشەتتى تۇزاق.

مېنى قىستاپ، تەكرارلايتتىڭ سوئال:
«چىن گۈزەللىك، بولار سىزچە قانداق؟!»
جاۋاپ بېرەلمەي بولغىنىمدا لال،
قېشىڭ سالاتتى دىلغا ئىشتىياق.



قالار ئېدىڭ تۇرۇپ تىك باقالماي،
بەلكىم شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ.
قالاتتىم مەن غىل - پاللا بىر،
كۆزلىرىڭدە ئۆز ئەكسىمنى كۆرۈپ.

سەن دەر ئېدىڭ، «قىزنىڭ گۈزەللىكى،
بوغدايچىلىك خال بولسا يۈزىدە"».
مەن دەر ئېدىم «قىزنىڭ گۈزەللىكى،
مېھرىنى تۆككەن بىر جۈپ كۆزىدە».[3]

شائىر «جاۋاپ» ناملىق شېئىرىنى گۈزەللىك ماۋزۇسىغا بېغىشلىغان. ئۇنىڭدا قىز گۈزەللىك توغرىسىدا سوئال بېرىپ يىگىتكە قادىلىپ قارايدۇ، يىگىتنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى - جامالىغا مەھلىيا قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. قىز بىلەن يىگىتنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى كوز قاراشلىرى بىر - بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. شۇڭلاشقا، يىگىت قىزنىڭ چۈشەنچىسىگە ئوخشىمىغان ھالدا: «قىز گۈزەللىكى، مېھرىنى تۆككەن بىر جۈپ كۆزىدە»، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

سوۋېت ئىلىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى «كوممۇنىزىم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدە داۋاملىق بېسىلىپ تۇردى. 1982 - يىلى، ئۇنىڭ ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى «ئاق بۇلۇتلار» ئالمۇتا «جازۇشى» نەشرىياتىدىن يورۇق كۆردى. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئانا - ۋەتەن ئۇيغۇرىستاندىن ئايرىلىپ، مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن ھاياتى، ھېس تۇيغۇلىرى بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. شائىرنىڭ «ئاق بۇلۇتلار» توپلىمى «بىر سىقىم توپراق» شېئىرى بىلەن باشلىنىدۇ:

رىۋايەتتە يارىلىپتۇق توپراقتىن،
بەلكى راستتۇ، ئۇنىسىنى بىلمەيمەن.

مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە قىزىققان. ئۇنىڭ «دىلبىرىمگە» ناملىق بىرىنچى شېئىرى 1940 - يىلى، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئۈرۈمچى مىللەتلەر دارىلپۇنۇنىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۆزىگە ئوخشاش ياش ستۇدېنت شائىرلار: لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا روزى ۋە باشقىلار بىلەن تونۇشقان. يالقۇنلۇق، ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىنىڭ بىرى بولغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1943 - يىلى، ئاقسۇغا كېتىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى چوڭ بىر دەپتەرگە كۆچۈرۈپ مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋقا تاپشۇرۇپ كەتكەن. 1945 - يىلى، 18 - سېنتەبىر كۈنى لۇتپۇللا باشلىق ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي سەپداشلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» نامدا نەشرگە تەييارلاپ چىقارغان. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋنىڭ شېئىر يېزىشىغىمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە نەشر قىلىنغان گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۆزى ئىشلىگەن «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىياتقا ئائىت ماقالىلىرى داۋاملىق بېسىلىپ تۇرغان.

مەھەممەتسىدىق نۇرۇزوۋنىڭ «جاۋاپ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1957 - يىلى، ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» دىن يورۇق كۆردى. بۇ توپلامدا شائىرنىڭ ۋەتەن، ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش، مۇھەببەت، دوستلۇق، تىنچلىق، ئەمگەكچى دېھقانلارغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرى بېرىلگەن.

1944 - يىلى، ئۆكتەبىردە ئىلى ۋىلايىتىدە كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ نەتىجىسىدە غۇلجىدا 12 - نويابىر كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. شۇ يىللىرى مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنى مەدھىلەپ، ياشلارنى كۈرەش سېپىگە چاقىردى. ئۇنىڭ «مەنمۇ بارىمەن جەڭگە» ناملىق



شېئىرىدا مىللىي ئارمىيە سېپىدىكى جەڭچىنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغانلىغىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

مەنمۇ بارىمەن جەڭگە،
ئوت يېقىشقا زۇلمەتكە.
قولۇمغا قورال ئالدىم،
ئۆتۈپ ئالدىڭقى سەپكە.

مەنمۇ بارىمەن جەڭگە،
تىكتىم جاننى ۋەتەنگە.
يەتكۈزۈشكە ئېلىمنى،
چىن بەخت - سائادەتكە.

مەنمۇ بارىمەن جەڭگە،
تۇرۇپ ئەھدۇ - ۋەدەمگە.
ئاقسىمۇ قېنىم مەيلى،
چېكىنمەيمەن كەينىمگە.

بار، - دېدى خەلقىم مېنى،
ئېيتىپ ئەرلىك گېپىنى.
يەتكۈزگىن ئاخىرغىچە،
دېدى ھۆرلۈك جېڭىنى.[1]

«كۈرەش بىلەن» ناملىق شېئىرىدا بولسا شائىر ئازات شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى مەدھىلەيدۇ.

ئېيتىمىز دوستلار بۈگۈندىن باشلاپ،
ئىڭراشتىن سوزۇپ مۇڭلۇق ناخشىلار.

دېموكراتىك زامانىنى، ۋەتەنگە، خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى، مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى تەسۋىرلەپ يازدى. بۈگۈنكى كۈندە قىرغىزىستاندا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شائىر، يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى: ئۇيغۇر، قىرغىز، رۇس ۋە باشقا تىللاردا گېزىت - ژۇرناللاردا ۋە بەزىلىرى ئايرىم كىتاپ قىلىپ نەشىردىن چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە يەتتى. دېمەك، مۇستەقىل قىرغىزىستان دۆلىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىياتى، يەنى قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەكىللەندى.

ئەپسۇسكى، كېيىنكى ئون نەچچە يىل ئىچىدە قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ، نۇرمەھەممەت ھەسەن، ئىسرائىل ئىبراگىموۋ، ياسىن ھاجىم ماخمۇدى، ئابدۇمانناپ قاسىم، ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ، ئابلىز روزى، نەسىردىن داۋۇت، ئەزىمجان نىزامىي، جامالدىن قاسىموۋ، ئابدۇرېھىم راخمان، ئېمىل ئىبراگىموۋ، خەيرىنىسا تۇردىلار ئالەمدىن ئۆتتى. ھازىر ھايات قالغانلارنىڭ ئەڭ كىچىكلىرى 70 ياشتىن يۇقىرى. ئۇلارنىڭ ئىزىنى، بېسىپ ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر ياكى ھېكايە يازىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرى يوق. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەۋى قىرغىزىستاندا بىرمۇ ئۇيغۇر مەكتىۋىنىڭ يوقلىغىدىندۇر. رۇس مەكتىۋىدە ئوقۇغان ياشلاردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئەدەبىياتقا قىزىققان بولسىمۇ، ئۇلار تېخى ھەۋەسكارلاردۇر.

بۈگۈنكى كۈندە قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بىراق تەرەققىياتقا يۈزلەنمەي، ئاجىزلىشىپ ياكى ئوچۇغىراق ئېيتقاندا، يوقۇلۇش خەۋپىدە تۇرماقتا. قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئۇيغۇر سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ياشلارنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتىشنى كەڭ يولغا قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بىز ئانا تىلىمىزنى ۋە قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ساقلاپ قالالايمىز.



# ۋەتەن ئىشقىدا كۆيگەن يۈرەك

ھازىرقى زامان قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋدۇر.

مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ 1922 - يىلى، 20 - ئاۋغۇستتا قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھرىدە تۇغۇلغان. 1931 - يىلى، ئاتا - ئانىسى بىلەن غۇلجا شەھرىگە كۆچۈپ بارغان. غۇلجىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، 1940 - يىلى، ئۈرۈمچى مىللەتلەر دارىلپۈنۈنىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. ئەنە شۇ بىلىم دەرگاھىدا 1944 - يىلغىچە ئوقۇيدۇ. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، مائارىپ ساھاسىدا خىزمەت قىلغان. مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ 1952 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرىستاندا «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنالىدا باش مۇھەررىرىنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1957 - 1958 - يىللىرى خىتايدا يۈرگۈزۈلگەن «ئىستىل تۈزۈتىش» ھەرىكىتىدە مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھالىرىدا ئىشلەۋاتقان كۆپلىگەن مىللىي كادىرلارنى، خەلقىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان ئەڭ پاك ۋە ئالىجاناپ ئادەملەرنى، زىيالىيلارنى، مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى «يەرلىك مىللەتچى» دەپ ئەيىپلەپ، تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ، تۈرمىلەرگە سولاپ، جازا لاگېرلىرىغا ئەۋەتتى. شۇلار قاتارىدا تەقىپكە ئۇچرىغان مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ ۋەتەننى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، 1961 - يىلى، ئائىلىسى بىلەن قاراقول شەھرىگە كۆچۈپ چىقىپ، سودا ساھاسىدە ئىشلەيدۇ. شائىر مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ 1993 - يىلى، قاراقول شەھرىدە ۋاپات بولدى.

موسكۋا ۋە فرۇنزې شەھەرلىرىدە رۇس ۋە قىرغىز تىللىرىدا نەشر قىلىندى. كېيىنەرەك، يازغۇچىنىڭ «Красные виноградники Арле» («ئارلىدىكى قىزىل ئۈزۈمزارلىق»)، «Новогоднее такси» («يېڭى يىللىق تاكسى») پوۋېستلىرى، 1994-يىلى «Цыпленок и самолет» («جۈجە ۋە سامولېت»)، 2000-يىلى «Колыбель в клюве аиста» («لەگلەك قۇش تۇمشۇغىدىكى بۆشۈك»)، 2003-يىلى «Тамерлан. Начало пути» («تۆمۈرلەڭ. دەسلەپكى يول») ناملىق رومانلىرى نەشر قىلىندى.

يازغۇچى ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتىغا بېغىشلانغان. ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرا ئاسىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى قىرغىز، ئۆزبەك ۋە باشقا خەلقلەر بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ زىممىسىگە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىغاندا ئاچچىق كەچۈرمىلەر كۆپ چۈشتى. يازغۇچى ئەنە شۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە پەلسەپەلىك تەپەككۇر بىلەن بايان قىلىدۇ.

يازغۇچىنىڭ رۇس تىلىدا يازغان بۇ ئەسەرلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى تونۇپ بىلىشىدە چوڭ رول ئوينىدى.

ئېمىل ئىبراگىموۋ (ئىسرائىل ئىبراگىموۋنىڭ ئوغلى)، روس تىلىدا يازغان يازغۇچى ۋە رەسسام، قىرغىزستان كىنوموتوگرافىيەچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ۋە قىرغىزستان رەسساملار ئىتتىپاقىنىڭ پەخرىي ئەزاسى بولغان. ئۇنىڭ «Стук в окно» («دېرىزە چەككەندە») ناملىق ھېكايىلار توپلىمى، «Сияние» («يورۇقلۇق») ناملىق كىنوسنارىيەلىرى بىلەن «Больница» («دوختۇرخانا») ناملىق سېكىللىق رەسىملەر توپلىمى نەشردىن چىققان.

جۇماخۇن شەرىپوۋ، روس تىلىدا يازىدىغان شائىر. ئۇنىڭ «Содружество. KG.» («ھەمدوستلىق.KG») قىرغىزستاندا ھەر ساھە بويىچە خىزمەت قىلغان كىشىلەرنىڭ تەرجىمھالى يېزىلغان ئالماناخىنىڭ، «Под солнцем и луной» («كۈن ۋە ئاي ئاستىدا») پوئېما-



ئەلبومىنىڭ، «СмекалистаяФехрия» («پەم-پاراسەتلىك پەخرىيە») پوئېمىسىنىڭ، «Путешествие во вселенную уйгурских мукамов» («ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ كائىناتىغا سەياھەت») شېئىرىيەت ئالماناخىنىڭ، «Мишель Монтень на поэтической волне» («مىشېل مونتېن شېئىرىيەت دولقۇنلىرىدا») ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى.

كېيىنكى يىللاردا رىشات خاجىېۋنىڭ رۇس تىلىدا يازغان شېئىرلىرى ۋاتساپ ئارقىلىق تارقالماقتا.

قىرغىزستان تەۋەسىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى (ئۈچۈنچى ئەۋلات) قىرغىزستاندا ئۇيغۇر مەكتەپلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن رۇس مەكتەپلىرىدە تەلىم ئالىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار رۇس تىلىدا تەپەككۇر قىلىدۇ. XXI-ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن بىر توپ ياشلار رۇس تىلىدا شېئىر يېزىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى «ئىتتىپاق» گېزىتىدە 2008-يىلدىن باشلاپ بېسىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ياش ھەۋەسكارلار: كاملىيە ناگايېۋا، نارگىزە بائۇدىنوۋا، سەئىدە خانبابايېۋا، گۈلبەھرەم روزىېۋا، نادىرا مەسۇموۋا ۋە باشقىلار.

قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇزەپپەرخان قۇربان دراما ژانىرىغىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ كەلمەكتە، ئۇ «ئەركى بالا»، «بۆلۈنگەن يۈرەك» پيېسالارنى ۋە «ئۆتنە ئالەم» ناملىق درامىنى يازدى. 2001-يىلى، قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىلىم بېرىش پروگراممىلىرى ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تەييارلاپ نەشر قىلىنغان (تۈزگۈچى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ) «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» دەرسلىك-خرېستوماتىيە كىتاۋىدا مۇزەپپەرخان قۇرباننىڭ «ئەركى بالا» ناملىق پيېسىسى بېرىلگەن.

قىرغىزستاندا ياشاپ، قەلەم تەۋرەتكەن ئەدىپلەر ئۆز ئىجادىيىتىدە پوئېزىيە ۋە پروزىنىڭ ھەممە ژانىرىدا يېزىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ۋە سەياسىي مەزمۇنىنى بېيىتتى. ئەدىپلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقىمىزنىڭ يۈرگۈزگەن مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرىنى، بۈگۈنكى

نىزامىي، مۇزەپپەرخان قۇربان، خەيرىنىسا تۇردى، مۇھەممەتجان ياسىن، نۇرانىيە قەمبەروۋا، ئابدۇسالام غاپپار، قاسىمجان ئەيسا ۋە باشقىلار.

1991- يىلى، 24- ئىيۇن كۈنى بىشكەك شەھىرىدە قىرغىزىستان يازغۇچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ يېنىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ ئەدەبىي كېڭەش تەركىۋىگە قىرغىزىستاندا ياشاپ ئىجات قىلىۋاتقان شائىرلار، يازغۇچىلار، ژۇرنالىستلار ۋە ئالىملار كىردى. شائىر جامالدىن قاسىموۋ بۇ ئەدەبىي كېڭەشكە رەئىس بولۇپ سايلاندى.

1991- يىلى، 31- ئاۋغۇست كۈنى قىرغىزىستان ئۆزىنى مۇستەقىل دۆلەت دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن بېرى قىرغىزىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مۇستەقىل قىرغىزىستان دېموكراتىك دۆلىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ- ئادەت، تىل، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە باشلىدى.

قىرغىزىستاندا ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىرىنچى قېتىم «ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتا يۇرت» نامى بىلەن كىتاپچە 1994- يىلى، قىرغىز تىلىدا نەشر قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «كۆكۈل ساندۇغىمدىكى ئويلار»، «كاككۇك بولۇپ سايرىدىم»، نۇرانىيە قەمبەروۋانىڭ «ئارشاڭ»، خەيرىنىسا تۇردىنىڭ «جان سىرىم»، قاسىمجان ئەيسانىڭ «يۈرەكتىن تامغان تامچىلار» ۋە باشقا ھېكايە - شېئىرلار توپلاملىرى قىرغىز شائىرى مارخاباي ئاماتوۋنىڭ تەرجىمىسىدە قىرغىز تىلىدا نەشر قىلىندى.

1994- يىلى، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى «ئىتتىپاق»نىڭ ئورگان گېزىتى «ئىتتىپاق»، كېيىنەرەك 1997- يىلدىن باشلاپ مۇستەقىل «ۋىژدان ئاۋازى» گېزىتلىرى چىقىشقا باشلىدى. بۇ گېزىتلەرنىڭ سەھىپىلىرىدە قىرغىزىستاندا ياشاپ ئىجات قىلىۋاتقان ئەدىپلەرنىڭ شېئىرلىرى، ھېكايىلىرى، ئوچېركلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇردى. بۇ دەۋرىدە بەزى شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىدا ئايرىم كىتاپ بولۇپ نەشرىدىن چىقىشقا باشلىدى. مەسىلەن، قاسىمجان ئەيسانىڭ «يۈرەكتىن تامغان تامچىلار» (1999)، ئابدۇرېھىم



راخمانىنىڭ «رۇبائىيلار» (2000)، خەيرىنىسا تۇردىنىڭ «ئانىنىڭ قەلبىدە ئالەمچە سۆيگۈ» (2001)، «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» (تۈزگۈچى ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ، 2001- يىل)، نەسىردىن داۋۇتنىڭ «ئالتۇن تاۋاقلىق گادايلار» (2004)، ئابدۇمانناپ قاسىمنىڭ «خەلقىمگە» (2008)، مۇھەممەتجان ياسىننىڭ «ۋەتەن مۇھەببىتى» (2009)، نۇرانىيە قەمبەروۋانىڭ «Ожидание лета»(«باھارنى كۈتۈپ»)(2002)، «Обещание соловья» («بۇلبۇلنىڭ ۋەدىسى»)(2010)، «Притяжение небес»(«جەننەتنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى»)(2014)، مۇزەپپەرخان قۇربانىنىڭ «Впереди только радость»(«ئالدىمىزدا پەقەت خوشاللىق») (2010)، ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «Под небом Токмока» («توقماق تەۋەسىدە») (2010), «Следы минувших времен» («ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ ئىزلىرى») (2012)، «Документальная повесть о жителях села Комсомольское» («كومسومول يېزا ئاھالىسى توغرىسىدا پوۋېست») (2017)، ياسىن ھاجى ماخمۇدىنىڭ «ھايات يولى (2004)، «ۋەتەن مۇھەببىتى» (2011)، «بولغىن مەردانە» (2017)، ئەزىمجان نىزامىينىڭ «زۇلۇمغا زاۋال» (2017) ۋە باشقىلار.

قىرغىزىستاندا روس تىلىدا يازىدىغان يازغۇچى ۋە شائىرلار بار.

ئىسرائىل ئىبراگىموۋ رۇس تىلىدا يازغان قىرغىزىستانلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى، س س س ر يازغۇچىلىرى ۋە كىنوموتوگرافىيەچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى. ئىسرائىل ئىبراگىموۋ 5 رومان، 40 تىن ئوشۇق پوۋېست، ھېكايە، ئوچېركلارنىڭ ئاۋتورى. ئۇنىڭ «Счастье Мамытбека» («مەمەت باقىنىڭ بەختى») ناملىق پوۋېستى 1972- يىلى «Литературный Кыргызстан» («قىرغىزىستان ئەدەبىياتى») ژۇرنىلىدا بېسىلىپ چىقاندىن كېيىن، 1978- يىلى «Вкус дикой смородины» («ياۋايى قارىقاتنىڭ تەمى»)، 1987-يىلى «Созвездие мельниц»(«بىر توپ تۈگمەنلەر») پوۋېست، رومانلىرى

ئۆ د ك 821.51.0
ب ب ك 83.3 ( = 633.2)
ب 29
بائۇدۇنوۋ ئەكبەرجان
ب 29 ھەسرەت ۋە ئۈمۈت: ماقالىلار توپلىمى. - بىشكەك: «ئايەت» باسماخانىسى، 2022، 368 بەت.

ISBN 978-9967-16-282-2

«ھەسرەت ۋە ئۈمۈت» ناملىق بۇ كىتاب ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋنىڭ «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» كىتاۋىدىن كېيىنكى، ئۇزۇن يىللىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى. كىتاپتا ئاۋتور قىرغىزستاندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى، شۇنداقلا، قىرغىزستاندا ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر شائىرلىرى، يازغۇچىلىرىنىڭ ھاياتىنى ۋە ئىجادىيىتىنى بايان قىلىدۇ.

ئۆ د ك 821.51.0
ب ب ك 83.3 ( = 633.2)

مەزكۇر كىتاپ دولقۇنتاي ئابدۇلخېلىلنىڭ ئىختىسادى ياردىمى بىلەن نەشىردىن چىقتى. ئاۋتور دولقۇنتاي ئابدۇلخېلىلغا ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىغىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ISBN 978-9967-16-282-2
©بائۇدۇنوۋ ئەكبەرجان، 2022

# قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالى

ئۇيغۇرلار قېدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرىستاندىلا ئەمەس، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيە ۋە قازاقستان تەۋەلىرىدە ياشاپ كەلگەن خەلقتۇر. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرىستان ئەدەبىياتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيە (قازاقستان، قىرغىزستان، ئۆزبەكستان) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىر پۈتۈن ئۇمۇمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى XX- ئەسىرنىڭ 70- يىللاردا شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان.

1954- يىلدىن باشلاپ سوۋېت-خىتاي كېلىشىمى بويىچە ئۇيغۇرىستاندىن قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، رۇس ۋە باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيە جۇمھۇرىيەتلىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. شۇلارنىڭ قاتارىدا بىر توپ ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلار قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىقتى. ئۇلار: مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ، نۇرمەھەممەت ھەسەن، ياسىن ھاجى ماخمۇدى، ئابدۇماناپ قاسىم، ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ، جامالدىن قاسىموۋ، ئابدۇرېھىم راخمان ۋە باشقىلار. بۇ ئەدىپلەر قىرغىزستاندا ئۇيغۇر نەشرىياتى بولمىغانلىغى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدە چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىپ تۇردى. بەزىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئالمۇتىدا ئايرىم كىتاپ بولۇپ نەشىردىن چىقتى. مەسىلەن، مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋنىڭ «ئاق بۇلۇتلار» (1982)، جامالدىن قاسىموۋنىڭ: «دىل دەپتىرى» (1971)، «يوللار ۋە ئويلار» (1977)، «ئىزدىگەنلىرىم» (1983)، «كېلەر كۈننى كۈتكەندە...» (1988).

80- يىللاردىن باشلاپ قىرغىزستاندا ياش يازغۇچى، شائىرلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار نەسىردىن داۋۇت، ئابلىز روزى، ئەزىمجان

بائۇدۇنوۋ ئەكبەرجان

# ھەسرەت ۋە ئۈمۈت

بىشكەك ـ 2022



بوۋام ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ
ۋە دادام ئابدۇرېشىت
ئىمىنلارنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس
خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.

مۇئەللىپ

ئەكبەرجان بائۇدۇنوۋ

# ھەسرەت ۋە ئۈمۈت



بشكەك - 2022